# تەڭرىتاغ

2004 • 6

• ئاخىرقى كېچە • يول ئۇلارنى يىراق - يىراقلا ئاپىراتتى  شاخىدىكى سىزدىنلار

• ئۇچۇق خەتلەر • مۇھەببەت لېرىكىلىرىنى كۆپ يازىدىغان بوۋاي • ئاياللار شۇنداق دەيدۇ



ISSN 1004-1745

9 771004 174028 11>

国际标准刊号：ISSN1004-1745 国内统一刊号：CN65-1012/I 邮发代号：58-83 零售价：6.00




# ئۇيغۇرچە يانفون دۇنياغا كەلدى، ئۈشنجاك كۆچمە خەۋەرلىشىش شىركىتىنىڭ سوۋغىسى

مۇتەخەسسىسلەر كۆپ يىل كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق سىزنى دەپ ئالاھىدە لايىھىلىگەن.

ئۇيغۇرچە يانفوننىڭ ئۇيغۇرچە ئىقتىدار كۆزنىكى، ئۇيغۇرچە كىرگۈزۈش-يوللاش، ئۇيغۇرچە قىسقا ئۇچۇر يوللاش ئىقتىدارلىرى سىزگە شاتلىق ئاتا قىلغۇسى.

1861 1860
www.xjmc.com
采智广告全面代理 2840226 2841226

# قەدىمىي ماكاندىكى ھاياتلىق ئەلچىسى

تۇرپان ۋىلايىتى بويىچە « ئەڭ ياخشى يېزا - بازار دوختۇرخانىسى» نىڭ بىرى پىچان ناھىيە
لۈكچۈن بازارلىق مەركىزىي خەلق دوختۇرخانىسى توغرىسىدا



دوختۇرخانىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى



دوختۇرخانا باشلىقى قادىر ئابدۇللا



بالنىست بۆلۈمى



دوختۇرخانىدىكى قىسمەن خادىملار



دوختۇرخانا دەرۋازىسى



لابوراتورىيە بۆلۈمى



چىش بۆلۈمى



دورا بۆلۈمى



لوكولخانىدا

لۈكچۈن بازىرى پىچان ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىغا، ناھىيە بازىرىغا 40 كىلومېتىر، تۇرپان شەھەرگە 60 كىلومېتىر كېلىدىغان جايغا جايلاشقان بولۇپ، پىچان ناھىيىسىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى دالانكارىز، دىغار ۋە تۇيۇق يېزىلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، سەھىيە، مەدەنىيەت، قاتناش مەركىزى. لۈكچۈن مەركىزىي خەلق دوختۇرخانىسى پىچان ناھىيىسىدىكى 10 يېزا - بازار دوختۇرخانىسى ئىچىدە ھەممىدىن چوڭى بولۇپ، بۇ دوختۇرخانىغا يەنە 10 كەنت دوختۇرنىسى قارايدۇ. دوختۇرخانىدا جەمئىي 132 نەپەر خادىم بار بولۇپ، بۇلارنىڭ 117 نەپىرى ئۇيغۇر، 14 خەنزۇ، بىرى خۇيزۇ. دوختۇرخانىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 45 مو، قۇرۇلۇش كۆلىمى 7000 كۋادرات مېتىر. بۇ دوختۇرخانىدا بالنىست بۆلۈمى، ئامبۇلاتورىيە بۆلۈمى، تۇغۇت بۆلۈمى، ئالدىنى ئېلىش بۆلۈمى، ئاياللار ساقلىقى بۆلۈمى، مالىيە بۆلۈمى، جۇڭيى بۆلۈمى، مەنىۋى مەدەنىيەت ئىشخانىسى، دورا زاۋۇتى ۋە ئارقا سەپ بۆلۈمى قاتارلىق بۆلۈملەر تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۈسكۈنىلىرى خىل، داۋالىشى قولايلىق. زامانىۋى دوختۇرخانىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئاساسىي ئەسلىھەلەر ئاساسەن تولۇق ھازىرلانغان.

بۇ دوختۇرخانا دوختۇرخانا ئىشلىرىدىكى قابىل باشلامچى، تەدبىركار ئىسلاھاتچى، مەسئۇلىيەتچان دوختۇرخانا باشلىقى قادىر ئابدۇللانىڭ باشلامچىلىقىدا تەدرىجىي ھالدا كىچىكلىكتىن چوڭلۇققا، ئاجىزلىقتىن كۈچلۈكلۈككە ئايلاندى. دوختۇرخانىدىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىجىل - ئىناق بولۇپ، دوختۇرخانا باشلىقىنى مەركەز قىلغان رەھبەرلىك تەشكىلىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، تۆرلۈك قائىدە - تۈزۈملەرنى يولغا قويۇپ ۋە ئاكتىپلىق ئىجرا قىلىپ، كەسپتە داۋاملىق يۇقىرى ئۆرلەپ، بىمارلارغا ئىللىق مۇئامىلە قىلىش، كەڭ دېھقان - چارۋىچىلار قەلبىدە بىر زامانىۋى، ئىللىق دوختۇرخانا ئوبرازىنى نامايان قىلدى. 2004 - يىلى بۇ دوختۇرخانا ۋىلايەت بويىچە «ئەڭ ياخشى يېزا - بازار دوختۇرخانىسى»نىڭ بىرى بولدى. ناھىيە بويىچە «تۆت ياخشى پارتىيە ياچېيكىسى» دېگەندەك ناملارغا ئېرىشتى. دوختۇرخانا باشلىقى قادىر ئابدۇللا يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن بىر نەچچە قېتىم «ئىلىم - پەنگە تۆھپە قوشقان پەن - تېخنىكا خادىمى» بولۇپ تەقدىرلەندى.

**پىچان ناھىيە لۈكچۈن مەركىزىي خەلق دوختۇرخانىسىدىكى بارلىق خادىملار ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بارلىق دوختۇر - سېستىرالارغا يېڭى يىللىق ۋە ھېيتلىق سالام يوللايدۇ.**

# ئىدىقۇت باغرىدىكى ساقلىق ئەلچىسى

## تۇرپان ۋىلايىتى بويىچە «ئەلا ياخشى يېزا ـ بازار دوختۇرخانىسى»نىڭ بىرى پىچان ناھىيە لەمجىن بازارلىق خەلق دوختۇرخانىسى توغرىسىدا



دوختۇرخانا باشلىقى يۈسۈپ ھۆسەن



دوختۇرخانىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى

پىچان ناھىيە لەمجىن بازارلىق خەلق دوختۇرخانىسى 1956 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ھازىر 102 نەپە
خادىم بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە دوختۇر 47 نەپەر، سېستىرا 40 نەچچە نەپەر، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى با
خادىم ئۈچ نەپەر، تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋانى بارلار 70 نەپەر. دوختۇرخانىدا كەسپىي بۆلۈملەردىن تاشق
كېسەل بۆلۈمى، ئىچكى كېسەل بۆلۈمى، باللار بۆلۈمى، بەش ئەزا بۆلۈمى، ئېغىز كېسەللىكلىرى بۆلۈمى
ئۇيغۇر تېبابەت بۆلۈمى، ئوپېراتسىيە بۆلۈمى، رېنتگېن بۆلۈمى، B چاۋ بۆلۈمى، لابوراتورىيە بۆلۈمى قاتارلىق
بۆلۈملەر تەسىس قىلىنغان. بۇ دوختۇرخانىنىڭ ھەرقايسى كەنتلەردە يەنە 12 شۆبە دوختۇرخانىسى بار
دوختۇرخانا كۆلىمى 33 مو.

دوختۇرخانا ئىشلىرىدىكى قابىل باشلامچى، مەسئۇلىيەتچان رەھبەر يۈسۈپ ھۆسەننى مەركەز قىلغان
رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ باشلامچى بولۇشى تۈرتكىسىدە بۇ دوختۇرخانا ھەرخىل قائىدە ـ تۈزۈملەرنى
دوختۇر ـ سېستىرالار ۋە بۆلۈملەرگىچە بىرمۇ بىر ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ناھىيە بويىچە كەسپىي ۋە سەھىيە خىزمە
تىدە ھەر يىلى «مۇنەۋۋەر ئورۇن» بولدى. 2002 ـ يىلى «ۋىلايەت بويىچە ئەلا ياخشى يېزا ـ بازار دوختۇر
خانىسى»نىڭ بىرى بولدى. دورا باشقۇرۇش خىزمىتى ۋىلايەت بويىچە ئۇدا ئىلغار باھالىنىپ، 2001 ـ يىلى
ۋىلايەت بويىچە دورا باشقۇرۇش نەق مەيدان يىغىنى مەزكۇر دوختۇرخانىدا ئېچىلدى. بۇ دوختۇرخانا ھازىر
يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىشنى تولۇق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزىدىكى بارلىق دېھقان ـ چارۋىچىنىڭ شاپا
ئەتچىسىگە ئايلاندى.




كەسپچان دوختۇر ـ سېستىرالار



ئايالالار بۆلۈمىدىكى دوختۇر ـ سېستىرالار





ئۇلارنىڭ يارلىقى بىمارلار ئۈچۈن



لابوراتورىيە بۆلۈمىدىن بىر كۆرۈنۈش



مەسئۇلىيەتچان دوختۇرخانا خادىملىرى



# تەڭرىتاغ


دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت،

ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

## 2004.6

(ئومۇمىي 107- سان)

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى چىقاردى
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تەڭرىتاغ

## مۇندەرىجە

### تۇرمۇش تەسۋىرلىرى


4 ئاخىرقى كىيمە (ھېكايە) ........ ئابدۇكېرىم قادىر
104 ھەسرەت (ھېكايە) ........ ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر
78 سالام ، ئەي تۇرمۇش (نەسر) ........ بەگمەت يۇسۇپ
15 مېنىڭ قوشنام (ھېكايە) ........ غەيرەت ئاسىم
112 تەشەككۇر (ئەدەبىي خاتىرە) ........ يى مېلىڭ


### «ئاقىول» نامىدىكى مۇكاپاتلىق ئەسەرلەر


31 شېئىردىكى گۈڭگا گۈزەللىك (ماقالە) ........ ھاياتنۇيۇس مۇھەممەت
39 شائىر ۋە تەپەككۇر ھوقۇقى (ماقالە) ........ راخمانجان ئاۋۇت ئۇزھال
66 شېئىرىيەت ۋە جەمئىيەت (ماقالە) ........ خۇدابەردى ئابدۇللا
28 شائىر ، شېئىر ۋە ئوقۇرمەن (ماقالە) ........ نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى
37 شېئىرغا كىرىش (ماقالە) ........ ئەنۋەرجان سادىق كۆكنۇر
20 شېئىرلار ........ مۇختەر داۋۇت ، قۇربان ئابلىمىت قاتارلىقلار



نەشرىيات باشلىقى :
ھەبىبۇللا مۇھەممەت
باش مۇھەررىر :
پولات ھېۋزۇللا

مەسئۇل مۇھەررىر : ئەركىن نۇر
بۇ سانىنىڭ مۇھەررىرلىرى: ئەكبەر سالىھ ، ئىمىرھەسەن مەخمۇت
مەسئۇل كوررېكتور : خەلچەم ئابلىمىت
ئۇسخانا خادىمى : سەنەۋەر ئۆمەر
مەسئۇل تارقاتقۇچى : ئىمىرھەسەن مەخمۇت

主管:乌鲁木齐市文联　主办:《天尔塔格》杂志社

## بازار

89 پۇل ئۇلارنى يىراق ـ يىراققا قاتراتتى (ئەدەبىي ئاخبارات) ...................... زۇ زىڭجېي

## ياشلىق

60 شاڭخەيدىكى ستۇدېنتلار (ئەدەبىي خاتىرە) ...................... بىلقىز تاھىر
101 سۆيگۈ تارىخى (نەسر) ...................... بەگمەت يۇسۇپ
81 ئىزھار قىلىنمىغان سۆيگۈ (ھېكايە) ...................... نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى
111 مەن يازغۇچى بولىمەن (ئەدەبىي خاتىرە) ...................... رازىيە مۇھەممەت

## ئوچۇق خەتلەر

97 مۇختار بۇغراغا ئوچۇق خەت ...................... ئابدۇراخمان ئىسمايىل

## ئەدەبىيات ھەققىدە پاراڭ

49 مۇھەببەت لېرىكىلىرىنى كۆپ يازىدىغان بوۋاي ...................... مۇسا ئەھەد

## جەمئىيەت ھەققىدە پاراڭ

84 بالىلاردا مېنىڭ غېمىم (ئەدەبىي خاتىرە) ...................... ھەبىبۇللا رەجەپ

## ئاياللار كۆڭلى

43 ئايال شۇنداق دېدۇ (ئەدەبىي خاتىرە) ...................... ھاياتنىپۇس مۇھەممەت

مۇقاۋىدا: يېزىلىقلار ئۆتكۈر نىجات فوتوسى

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى شەرقىي شىخۇڭ يولى 52 ـ نومۇر
地址: 乌鲁木齐市西虹东路 52 号
تور ئادرېس: http:// www. tangritagh. net E – mail: editor@ tangritagh. net
تېلېفون: 4658897، 4696807 ـ 0991 پوچتا نومۇرى: 830063
ئۈرۈمچى لۇكېيدا باسما مۇلازىمىتى چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ (782 ـ خەت ساندۇقى)
خەلقئارادا بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: ISSN1004– I745
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65– 10012/ I
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 83 ـ 58 پارچە سېتىلىشى: 6.00 يۈەن


www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



# ئاخىرقى كېمە

(ھېكايە)

ئابدۇكېرىم قادىر



**مۇھەررىردىن:** جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرى ۋە دېھقانلار تۇرمۇشى تېما قىلىنغان بىرقاتار ھېكايىلىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە قايتا كىرگەن ياش يازغۇچى ئابدۇكېرىم قادىر 1969 ـ يىلى يەكەن ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1989 ـ يىلى قەشقەر مالىيە ـ سودا مەكتىپىنىڭ بوغالتىرلىق كەسپىنى پۈتتۈرگەن. 1999 ـ يىلى ئۆزلىگىدىن ئۆگىنىپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى كەسپىنىڭ تولۇق كۇرسىنى تاماملىغان. ھازىر يەكەن ناھىيىلىك ئامانەت ـ قەرز ھەمكارلىق بىرلەشمە كوپېراتىپىدا كاتىباتلىق، تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانماقتا.

ئابدۇكېرىم قادىر 1989 ـ يىلى «يەكەن گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «ئۈمىدلىك گىياھ» ناملىق نەسرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرگەن بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا 70 پارچىدىن كۆپرەك ھېكايە، نەسرى ئېلان قىلىنغان. 2004 ـ يىلى ئۇ قولىغا قايتا قەلەم ئېلىپ «ئۈچىمە پىششىقى»، «كونا كوچا»، «تاز قوچقار» قاتارلىق سەككىز پارچە ھېكايىسىنى «يېڭى قاشتېشى»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «تەڭرىتاغ» قاتارلىق ئەدەبىي ژۇرناللاردا ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلدۇردى ۋە بۇ ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىيلىكى، قۇرۇلمىسىنىڭ پۇختىلىقى، تىلىنىڭ ئاۋامغا يېقىنلىقى بىلەن ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا ياخشى ئىنكاسلارنى قوزغىدى. ئابدۇكېرىم قادىر يەنە ئۆزىنىڭ يېقىندىن بېرى يازغان ھېكايىلىرى كىرگۈزۈلگەن «دولقۇنلۇق تارىم» ناملىق توپلىمىنى نەشرىياتقا تاپشۇردى. بىز ئۇنىڭ كېيىنكى ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە تېخىمۇ يېڭى يۈزلىنىش، مول نەتىجە ۋە ئىزچىل قەدەم تىلەپ، «ئاخىرقى كېمە» ناملىق ھېكايىسىنى ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇق.

كۆۋرۈك پۇتەي دەپ قالدى. بۇ سۇرلۇك دولقۇنلار ئايرىپ تۇرغان ئىككى قىرغاقنى تۇتاشتۇرىدىغان ئاخىرقى پەيتلەر ئىدى.

كېمە شاخلاپ تۇرغان سۆگەت تۈۋىدىكى سېلىقتىن ئايرىلدى. يەڭلىرى تۈرۈلگەن، بىلەك مۇسكۇللىرى كۆپۈپ چىققان كېمىچى يىگىتلەر سۇ قايناملىرى ئىچىگە خادا سالدى. كېمە ئاستا ـ ئاستا قىرغاقتىن يىراقلاشتى. چېھرى قىزغۇچ مىس رەڭدە تاۋلىنىپ تۇرغان ئاق ساقال كېمىچى لۆمشۈپ تۇرغان دولقۇنلار ئىچىدە گىرۋەكلىرىگىچە سۇغا چۆكۈپ، قارشى قىرغاققا قاراپ ئاستا سىلجىۋاتقان كېمىنىڭ باش ـ ئايىغىغا، دەريا دولقۇنلىرىغا قاراپ خېلى خاتىرجەم بولدى. كۆڭلى جايىغا چۈشتى. كېمە ئاساسەن تەڭپۇڭ ھالەتتە ئېقىنغا كىرگەنىدى.

كۆچلۈك دولقۇنلار بىلەن تىركىشىۋاتقان كېمە ئۇن يەتكۈسىز يىراقتا گىرىمسەن كۆرۈنۈپ تۇرغان قىرغاققا قاراپ سىلجىدى. شۇ تاپتا دىققەت بىلەن قارىغاندا، ئېغىر كېمە ئالدىغا سىلجىشتىن بەكرەك، ئاستىدا ئۆركەشلەۋاتقان كۆچلۈك دولقۇنلارنىڭ يۆلىنىشى بويىچە ئاياغقا ئېقىپ كېتىۋاتاتتى. كېمە ئۈستىدە تۇرۇپ ئۆزىنى دەريا دولقۇنلىرى ئىچىگە سىڭىپ كىرىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىشىۋاتقان يولۇچىلار ئەندىشىلىك تۇيغۇسىنى يوشۇرالمىغان بىلەن، كېمىچى بۇنىڭغا كۆنۈك. دەريادا كېمىچىلىك بىلەن ئۆتكەن يىرىم ئەسىرلىك ھايات ئۇنى ھەممىگە كۆندۈردى. ئۇ بېلىقچى قۇشتەك كېمىنىڭ ئالدى تۇمشۇقىغا قونۇپ ئولتۇرۇپ ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دولقۇنلارغا تىكىلىپ ئولتۇرۇپ خىيالغا چۆككەنىدى...

كۆۋرۈك پۇتەي دەپ قالدى. ئەتە كۆۋرۈكتە قاتناش

باشلانسىلا ، كېمىنىڭ ، ياق ، كېمىچى بوۋاينىڭ ئۆ-
مۈرلۈك بۇرچى ئاخىرلىشىدۇ . ئەمدى ئۇ دەريا بىلەن ،
دەريا بويى بىلەن خوشلىشىدۇ . گۈلبېلىق بىلەنمۇ
خوشلىشىدۇ...

ـــ گۈلبېلىق! گۈلبېلىق! ـــ بوۋاينىڭ ئېسىگە چېھرى سۈزۈك ، قوشۇما قاش چىرايلىق قىز كېلىشى بىلەن كېمىنىڭ تۇمشۇقىدا ئولتۇرغان يېرىدىن ئىختىيارسىز تۇرۇپ كەتتى . ئۇنىسىز نىدالار دەريا دولقۇنلىرىنى تىترەتتى...

ـــ گۈلبېلىق! گۈلبېلىق! ـــ دەريا بويى ئەنسىز ئاۋازلار ، دولقۇنلار زەرب بىلەن ئۇرۇلۇۋاتقان قىرغاقنى بويلاپ يۈگۈرۈشلەر بىلەن ئۆرە ـ تۆپە بولدى . ئۈستۈبېشى كىيىم ـ كېچەكى چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن تەمبەلغىنە يىگىت قىرغاقنى بويلاپ نەچچە ئون چامدام يەرگىچە يۈگۈردى . سۇغا چىلىشىپ تۇرغان بادام دوپپىسىنى ، ئاق خەسە خالتا كۆڭلىكىنى سېلىپ تاشلاپ ، كۆك خادانى تامبىلى بىلەنلا دەرياغا سەكرىدى . دەريا دولقۇنلىرى ئىچىدە بىر چۆكۈپ ، بىر لەيلەپ كۆرۈنمەي قالغان قىزنى نىشانلاپ غۇلاچ تاشلىدى...

ـــ گۈلبېلىق! گۈلبېلىق! ـــ دەريا بويىدا ، نەرە تارتىپ ئۆركەشلەۋاتقان سۇ يۈزىدە ئەكس سادالار ياڭرىدى . ھۆركىرىگەن دولقۇنلار بىلەن ئېلىشىپ دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا قاراپ ئۈزۈپ كېتىۋاتقان يىگىت «گۈلبېلىق ، گۈلبېلىق» دەپ نىدا قىلغىنىچە قىزنى ئىزدىدى . ھەريان ئۈزدى . دولقۇنلار قوينىدا بىر كۆرۈنۈپ ، بىر كۆرۈنمەي ئۈزۈپ كېتىۋاتقان يىگىت بارغانچە ھالسىزلاندى . قۇترىغان دولقۇنلار يىگىتنى ئۆز قوينىغا تارتتى . يىگىت دولقۇنلار ئۈستىدە غۇلاچ كېرىپ قىزنى تېپىۋېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى . يىگىت ئەنە شۇنداق سۇ غۇلاچلاپ دولقۇنلار بىلەن ئېلىشىپ سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىشقا ئۇرۇنۇۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن ھالسىزلىنىپ ماجالدىن كېتەيلا دېگەندى . دولقۇنلار بىلەن تىركىشىش ئۇزاق داۋاملاشتى . ئېقىپ كېلىۋاتقان لاي ـ لاتقىلار ، شاخ ـ شۇمبىلار ئ . چىدە ھالسىزلانغان يىگىت بولالماي قالدى...

ـــ گۈلبېلىق! گۈلبېلىق! ـــ يىگىت قىزنىڭ ئىسمىنى چاقىرغىنىچە كۆزىنى ئاچقاندا ، ئۆزىنى دەريا قىرغىقىدا كۆردى . بېشىدا ئاپئاق ساقال بىر بوۋاي قاراپ ئولتۇراتتى.

ـــ يەنە كۆرىدىغان كۈنۈڭ بارئىكەن ئوغلۇم ، ئاخىر ھوشۇڭغا كەلدىڭ! ـــ بىرۋاي ئاپتاپتەك كۈلۈپ يىگىتنى يۆلىدى . ساھىلدا تۇرۇپ سۈزۈلۈپ قالغان سۇ بىلەن ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزىنى يۇدى.

ـــ بۇ... بۇ قەيەر؟ مەن نەگە كېلىپ قالدىم؟ ـــ يىگىت ھالسىز كۆزلىرى بىلەن بوۋايغا تىكىلدى.

ـــ بۇ يەرنى ئاياغ تۈگمەن دەيمىز ئوغلۇم . مەن مۇشۇ يەردىكى تۈگمەنچى، ـــ بوۋاي يىگىتكە يۇمشاق تەلەپپۇزدا چۈشەندۈردى، ـــ كەلكۈن كەپتۇ دەپ ئاڭلاپ دەريا بويىغا چىققانىدىم ، تاسادىپىي يىراقتىن لايدا ياتقان بىرسىنى ئىلغا قىلغاندەك قىلدىم . يېقىنلاپ كېلىپ قارىسام لاي ـ لاتقىلار ئىچىدە ھوشسىز يېتىپسەن ، بېشىڭنى تۆۋەن قىلىپ قورسىقىڭنى مۇجىسام ، بىر تەڭنە دېگۈدەك سۇ ياندۇردۇڭ . دۈرۈت ئوقۇپ ھۆرۈپ چېكەڭنى ئۇۋۇلىدىم . بۇرنۇڭنىڭ ئاستىنى چىمدىپ ، ئاغزىڭدىن پۈۋلەپ نەپەسلەندۈردۈم . ئاخىر ھوشۇڭغا كەلدىڭ!

ئۆزىنىڭ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى بىلگەن يىگىت ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى بوۋايدىن ئۈزۈپ دەريا ساھىلىغا ، تېخىچە نەرە تارتىپ ئېقىۋاتقان دەريا دولقۇنلىرىغا نەزەر تاشلىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى گۈلبېلىقنى ئىزدەيتتى.

ـــ تەشۋىشلىك كۆزلىرىڭدىن جۇدالىق دەردى چىقىپ تۇرىدۇ ئوغلۇم ، كىمىنىڭ پۇشتىسەن؟ قانداق بولۇپ بۇ قىسمەتكە دۇچار بولدۇڭ؟

يىگىت زۇۋان سۈرمىدى . دەريا بويىدا مەشۇقىنى سۇ دولقۇنلىرى يۇتۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇش ، جانىنى تىكىپ دولقۇنلار قوينىغا سەكرىگەن تۇرۇقلۇق ئۇنى قۇتقۇزالماسلىق ئېلىپ كەلگەن ئۆكۈنۈش ، ھەسرەت ئۇنى تەگسىز مۇڭغا مۇپتىلا قىلغانىدى . يىگىتنىڭ كەيپىياتىدىن ئازابلىق بىر كۈلپەتنى كۆرۈپ يەتكەن تۈگمەنچى بوۋاي ، قايتا گەپ سورىماستىن ئۇنى تۈگمەنگە تەكلىپ قىلدى . قۇياشنىڭ قارشى قىرغاققا باش قويغانلىقىنى كۆرگەن يىگىت ئۈن ـ تىنسىز بوۋايغا ئەگەشتى.

يىگىت بۆك ـ باراقسان سۆگەت ، جىگدىلىك ئىچىدە تىنىمسىز غۇڭۇلداپ تۇرغان قەدىمىي تۈگمەندە قونۇپ قالدى . سىڭدۈرۈپ پىشقان كۆمەچ ، ئوتقا قاقلاپ پىشۇرۇلغان ئۆردەك كاۋىپى بىلەن غىزالىنىپ خېلى ماغدۇرىغا كەلدى . كۆڭلىنى پاراكەندىچىلىك ، تەقەززالىق تۈيغۇسى چىرماپ تۇرغاچقا ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىنلا بوۋاي بىلەن خوشلاشتى . قىرغاق بويلاپ ئېقىنغا قارشى

يۇرۇپ كېلىۋاتقان يىگىتنىڭ مېڭىسىنى ئاچچىق ئازاب چىرمىۋالغانىدى.

— گۈلبېلىق! گۈلبېلىق! نەدە سىز گۈلبېلىق؟! — ئۇ قىرغاقلارغا ئۇرۇلۇۋاتقان دەريا دولقۇنلىرىغا ھەسرەت ، ئەلەم بىلەن كۆز تىكتى . ئېگىز ـ پەس قىرغاقتا مۈدۈ-رۈپ ـ مۈدۈرۈپ كېتىۋېتىپ دەريا قېنىغا ، سۇ يۈزىگە ھەر بىر بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارغا بىرمۇبىر قاراپ ماڭدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ھېلى دولقۇنلارنىڭ زەربىسىدىن سۇغا گۈ-مۈرۈلۈپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان زىرائەتلەر ، ھېلى يىلتى-زىدىن قومۇرۇلۇپ ئېقىپ كېتىۋاتقان دەل ـ دەرەخلەر ، ھېلى لايدان بولۇپ قالغان ساھىللار ئايان بولاتتى...

— گۈلبېلىق! گۈلبېلىق! — يولىنى داۋاملاشتۇرۇ-ۋاتقان يىگىت تۇيۇقسىز تۇۋلىغىنىچە دەريا ساھىلىدىكى لايدانغا قاراپ يۈگۈردى . ئۇ يىراقتىن پىلتىڭلاپ تۇرغان بىرنەرسىنى ئىلغا قىلغانىدى . ئاھ ، كۈمۈش تەڭگىدەك پارقىراپ تۇرغان ياپراقچىلار گۈلبېلىقنىڭ تاۋار كۆڭلە-كىنىڭ گۈللىرىغۇ! ئۇنىڭمۇ كۆرىدىغان كۈنى ، يەيدىغان رىزقى تۈگىمەپتىكەن ، تەڭرىم ئىككىمىزنى ئايرىماپتۇ . بىز ئاخىر... — ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا يۈگۈرۈپ كەلگەن يىگىت گۈلبېلىققا ئۆزىنى ئاتتى... يىگىت كۆزىنى ئاچ-قاندا ئۇنىڭ ئالدىدا قاسراقلىرىدىن گۈلبېلىقنىڭ تاۋار كۆڭلىكىدەك نۇر چېچىلىپ تۇرغان چوڭلا بىر بېلىق پىلتىڭلاپ ياتاتتى.

— گۈلبېلىق! گۈلبېلىق! ئاھ ، مېنىڭ گۈلبېلى-قىم! — يىگىت بېلىقنى ئاۋايلاپقىنە قۇچىقىغا ئالدى . دەريا دولقۇنلىرى لايدانغا سۈرۈپ چىقارغان بېلىق ئاغزى-نى كاماردەك ئېچىپ سۇسىراپ ئۆلۈم خەۋپىدە تۇراتتى . شۇ تۇرقىدا يەنە بىرنەرىچە مىنۇت تۇرسىلا شەك ـ شۈب-ھىسىز جان ئۈزەتتى.

— گۈلبېلىق! گۈلبېلىق! خەير ـ خوش ، ئامان بو-لۇڭ گۈلبېلىقىم... — يىگىت نىدا قىلغىنىچە دەرياغا ئېچكىرىلەپ كىرىپ ، بېلىقنى دولقۇنلار ئىچىگە قويۇپ بەردى...

كۆۋرۈك پۈتەي دەپ قالدى . بۇ سۈرلۈك دولقۇنلار ئايرىپ تۇرغان ئىككى قىرغاقتىكىلەرنىڭ خاتىرجەم قول تۇتىشىدىغان ئاخىرقى پەيتلىرى ئىدى.

كېمە قىرغاقتىن يىراقلىشىپ ئېقىننىڭ تېزلەشكەن نۇقتىسىغا يېقىنلاشتى . بوۋاي پاراستى ، كۆچىنى ئىشقا سېلىپ خادا سىيرىۋاتقان يىگىتلەرگە قاراپ قويۇپ يەنە دەريا دولقۇنلىرىغا نەزەر تاشلىدى.

... شۇ كۈنى ئۇنىڭ گۈلبېلىق بىلەن تويى بولغانى-دى . ئۇششاق تەڭگە گۈللۈك كۈمۈش رەڭ تاۋار كۆڭ-لەكنى كىيىپ ، ئاجايىپ چىرايلىق بولۇپ قالغان گۈل-بېلىق بەئەينى رەڭدار ئالتۇنبېلىققىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

يىگىت كۈنپېتىش دەريا بويىدىكى سۈنغان بىر ئال-تۇن چايقىغۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . كىچىكىدىنلا دەريادا ئۈزۈپ يۈرۈپ بېلىقلار بىلەن بىللە ئويناپ چوڭ بولغاچقا ، بېلىقنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتى . بېلىق تۇتقان ، بېلىق گۆشى يېگەن ئادەمگە چىش ـ تىرنىقى-غىچە ئۆچ ئىدى...

شۇ كۈنى كۈنچىقىش دەريا بويىدىكى ئۆيىدىن ئوت-قاشتەك گىلەمگە ئولتۇرغۇزۇلۇپ كۆچۈرۈلۈۋاتقان كېلىن-چەك يەڭگىلىرى بىلەن كېمىگە چىقىرىلدى . ھەممىدىن ئاۋۋال كېمىگە چىقىپ بولغان يىگىت ، كۈن چۈشتىن قايرىلغاندا ئۇلغىيىپ قالغان دەريا سۈيىگە قاراپ خاتىر-جەمسىزلىك بىلەن گۈلبېلىققا ، ئۇنى قولتۇقلاپ ئول-تۇرغان يەڭگىلىرىگە بىر قاراۋالدى . كۆڭلىدە بولسا «ياراتقان ئىگەم ئۆز پاناھىدا ساقلا» دەپ ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى ئاۋۇندۇردى.

قىز كۆچۈرگۈچىلەر بىلەن ئېغىرلاشقان كېمە ئۆز ئىشىغا پىشقان كېمىچىنىڭ شاگىرتلىرىنى ماسلاشتۇرۇ-شى بىلەن دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى لۆمشۈپ ئېقىۋاتقان تېز ئېقىندىنمۇ ئۇڭۇشلۇق ئۆتۈپ كەتتى . گىرۋەكلىرى-گىچە سۇغا چۆكۈپ لەپەڭشىپ كېتىۋاتقان كېمىگە قاراپ ، قورققىنىچە بىر ـ بىرىنى مەھكەم قۇچاقلىشىپ تۇرغان كېلىن كۆچۈرگۈچىلەر «ئۇھ» دەپ ئېغىر تىنىشاتتى . شۇ ئەسنادا كۈنپېتىش قىرغاققا يېقىنلاشقان كېمە نې-مىگىدۇر پۇتلاشقاندەك قىلدى . گەۋدىسى يېرىم چۆرۈلۈپ ، ئالدى تۇمشۇقى ئېقىنغا توغرىلىنىپ توختاپ قالدى . قارىغاندا كۆچلۈك ئېقىندىن ئۆتكىچە ئاياغ تەرەپكە مۆل-چەردىكىدىن بەكرەك سۈرۈلۈپ كەتكەن كېمە تېيىز يەرگە كېلىپ پېتىۋالغاندەك قىلاتتى.

— سەكرە! — دېدى ناسۋال قاپقىنى كۆتۈرۈۋالغان كېمىچى كېمىدىكىلەرگە زەردىلىك قاراپ، — يۈك ئې-شىپ كەتتى دېسەم ئۇناشمايسەن ، مانا ئەمدى كېمىنىڭ ئالدى يەنە كەلكۈنگە توغرىلىنىپ قالدى . سەكرە! تۈ-خۇمدا ئولتۇرغۇزۇپ قويغاندەك بىزرىرىپ ئولتۇرۇشماي!

كېمىدىكىلەر ئۆرە ـ تۆپە بولۇشۇپ كەتتى . ئاياللار ، باللار قىيا ـ چىيا قىلىشىپ يىغلاشقا باشلىدى . ئەرلەر قىرغاق تەرەپكە ئۆزىنى ئېتىپ سۇغا سەكرەشكە باشلىدى .

ئايالىلارمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ھۇركىگەن قوي پادىسىدەك ھەريان تىپىرلاشقا باشلىدى.

ـــ ئايالىلار قوزغالماڭلار ، جىم تۇرۇڭلار! ـــ قىرغاقتا چىقىپ بولغان كىمدۇر بىرى كېمىدىكىلەرگە قاراپ توۋلىدى . بۇ يېقىنلىشىپ قالغان ۋىسال پەيتلىرىدە قىردىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرغان يىگىتنىڭ ئاۋازى ئىدى . ئۇ ئاللىقاچان سۇ غۇلاچلاپ قىرغاققا چىقىپ ، كېمىچى يىگىتلەر بىلەن كېمە تارتىدىغان ئارقاننى قولغا ئېلىۋالغان بولۇپ ، بار ئامالى بىلەن كېمىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشنىڭ يولىنى قىلىۋاتاتتى . ئەمما شۇ غۇلغۇلچىلىقتا كىمدۇر بىرى يەنە توۋلىدى:

ـــ سەكرە!

ـــ پۇلتۇك! ـــ پاتىپاراقچىلىقتا شۇنداق بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ ، كەچكى شەپەق نۇرىغا چۆمگەن دەريا يۈزىدە بېلىق قاسراقلىرىدەك ئۇششاق تەڭگە گۈللۈك كۆمۈش رەڭ بىر سىماھ كۆز چاقنىتىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

ـــ گۈلبېلىق! ـــ ئارقاننى تۇتقىنىچە قىزدىن كۆزىنى ئۈزمەي تۇرغان يىگىتنىڭ قولىدىكى ئارقان بوشاپ كەتتى . قىزنىڭ دەريا دولقۇنلىرى ئىچىدە غايىب بولغانلىقىنى كۆرگەن يىگىت ئاچچىق نالە قىلدى . ئاشۇ دەملەردە «سەكرە!» دېگەن ئاۋاز بىلەن يۈزى يېپىقلىق گۈلبېلىق دەرياغا سەكرىگەنىدى . قىز قىرغاق تەرەپكە ئەمەس ، دولقۇن ياساپ كېتىۋاتقان ئېقىنغا سەكرەپ قالغانىدى.

كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بىر چۆكۈپ ، بىر لەيلىگىنىچە كېمىدىن يىراقلاپ كېتىۋاتقان قىز ئېقىنىنىڭ ئوتتۇرىغا يېقىنلاپ قالدى . پاتىپاراقچىلىقتىن پەيدا بولغان قورقۇنچ ئۇنى شۇنداق ئازدۇرغانىدى.ۋايجان ـ ۋايىيەي ، قىيا ـ چىيا ئاۋازلار بىلەن تولغان دەريا بويىدا يىگىت ئۆزىنى دولقۇنلار قوينىغا ئاتتى...

كۆۋرۈك پۈتەي دەپ قالدى . بۇ غوللۇق بېتون تۈۋرۈكلىرى سۇ ئىچىدە مەزمۇت پۇت تىرەپ تۇرغان چوك كۆۋرۈك ئىدى.

كېمە كۈچلۈك دولقۇنغا يېقىنلاشتى . يىگىتلەر ـــ بوۋاينىڭ شاگىرتلىرى مەزمۇت خادا سىيرىپ كېمىنىڭ ئالدى ـ كەينىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ نىشانغا خاتىرجەم ئاتلاندى.

يىگىت شۇ كۈنى تۈگمەنچى بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ قىرغاقنى بويلاپ ماڭغانچە ، دەريانىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە ـــ گۈلبېلىقنىڭ ئۆيىگە كەلگەنىدە ، ئۆينى مۇسىبەت قاپلىغانىدى . كۈنپېتىشقا ئۈزاپ كەتكەن كېمىدە يۈز بەرگەن پاجىئەدىن خەۋەر تاپقان كۈنچىقىش دەريا بويى ھەسرەت ـ نادامەت ئىچىدە ياش تۆكمەكتە ئىدى . دەريا ئىچىدىن قىزنى ئىزدىگۈچىلەرمۇ ئۈمىدسىزلەنگەن ، ئىشەنچىسىنى يوقاتقانىدى . تەقدىرنىڭ رەھىمسىزلىكىگە ئېچىنغان يىگىتنىڭ ئاچچىق رېئاللىققا تەن بەرگۈسى كەلمەيتتى . ئۇ يىغا ـ زار قىلىشىۋاتقانلاردىن ئايرىلىپ ، شۇ ئەتراپتىن بىر تۇلۇم تاپتى . تۇلۇمغا يەل بېرىپ دەرياغا سالدى . يىگىت ھۆركىرەپ تۇرغان دولقۇنلارغا سەۋدايىلارچە پالاق ئۇرۇپ قارشى قىرغاققا ـــ كۈنپېتىش دەريا بويىدىكى ئۆزىنىڭ ئۆيى تەرەپكە ئۆتتى . كۈنپېتىشتىمۇ شۇ ھازا.

ـــ گۈلبېلىق! گۈلبېلىق! ـــ يۈرەك ـ باغرى لەختە ـ لەختە قان بولغان يىگىتنىڭ ھەسرەتلىك نىداسى كەلكۈن قىرغاقلارغا ئۆزىنى ئۇرۇۋاتقان دەريادا ئەكس سادا پەيدا قىلدى . يىغىدىن نېمە چىقىدۇ؟ ئۇ ئاتا ـ ئانا ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن ئايرىلىپ دەرياغا يېنىپ كىردى . تۇلۇم بىلەن تەرەپ ـ تەرەپكە ئۈزۈپ يۈرۈپ ئۆزىنى داغدا قويۇپ دولقۇنلار قوينىدا غايىب بولغان مەشۇقىنى ئىزدەپ يىراقلارغا كەتتى.

ـــ ئاھ خۇدا ، ئادەمگە شۇنداق كۈنىمۇ سالامسەن؟! ـــ يىگىت دەريا دولقۇنلىرىنى تىترەتمەكچى بولغاندەك غەزەپ بىلەن نەرە تارتتى، ـــ گۈلبېلىق تېخى كېمىگە چىقىشنىڭ ئالدىدىلا ھالال لەۋزى بىلەن مېنىڭ ئەمرىمنى قوبۇل كۆرۈپ ، تۈزغا چىلانغان ناننى ھاياجان بىلەن يۇتقانىدىغۇ! نۇرغۇن باھار ـ يازلار بويانىدا ئىككىمىز دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا مۆڭلىنىپ ئولتۇرۇپ شوخشۇپ ئېقىۋاتقان دەرياغا ، پىلتىڭلاپ سۇ يۈزىگە ئۇخچۇپ چىقىۋاتقان بېلىقلارغا قاراپ يۈرەك سۆزلىرىمىزنى ئېيتىشقان ئەمەسمىدۇق! يازنىڭ سالقىن ، ئايدىڭ ئاخشاملىرىدا دەريانىڭ شارقىراشلىرىدىن مۇڭ پەيزىگە چۆمگەن دەريا ساھىلىدا ئولتۇرۇپ ئاينىڭ چىرايلىق جامالىغا قاراپ نېمىلەرنى دېيىشمىگەنىدۇق! ئاھ ، گۈلبېلىق! گۈلبېلىقىم ، ۋىسلىڭىزگە تەلمۈرۈپ دەريا بويىدىكى نەم يەرگە يۈرىكىمنى يېقىپ ياتقان ئاشۇ تەشنا باھار ، نەۋباھارلاردا ئالدىمغا ئۈزۈپ كەلگەن رايىش بېلىق سىز ئەمەسمىدىڭىز؟ قولۇمنى سۇغا ئۇزىتىپ كۈمۈش قاسراقتەك مەپتۇنكار تېنىڭىزنى سىلىسام قورۇنۇپ ئۆزىڭىزنى ئېلىپ قاچقان؛ ھۈركۈتۈپ قويغىنىمغا ئۆكۈنۈپ قولۇمنى تارتىۋالسام ، يەنە ئالدىمغا ئۈزۈپ كەلگەن

TANGRITAG LITERATURE

uyghurkitap.com

سىز ئەمەسمىدىڭىز؟ بىز بۇگۈنكى ھىجران ئازابى ئۈچۈن باش قوشۇشقا ئىختىيار قىلغانمىدۇق؟ گۈلبىلىق! گۈلبىلىق! مېنىڭ ئوماق گۈلبىلىقىم ، مانا مەن ھەممىنى تاشلاپ دەريا قوينىغا كىردىم . سىز نەدە؟ نېمىشقا يەنە ئالدىمغا كەلمەيسىز؟ مەن سىزنى پەقەت سىزنى تاپسام‌لا دەرياغا ئۆزۈمنى ئېتىشقا ، سىز بىلەن مەڭگۈ بىللە ئۆتۈشكە ، ھەممىدىن كېچىشكە رازى ئىدىمغۇ!

يىگىت تۇلۇمدا ئۈزۈپ يۈرۈپ دەريا قېنىنى ، توقايلىقلارنى ، تۇغ ـ تۇسمىلارنى ئىزدەپ قېزىۋەتتى . ئەپسۇس ، گۈلبىلىقنىڭ سىماسى ھېچيەردە كۆرۈنمەيتتى . شۇنداق يۈرۈپ كۈنلەر ھەپتىگە ، ھەپتىلەر ئايغا ئۇلاشتى . يىگىتمۇ ئېقىن بىلەن بىللە ئۈزە ـ ئۈزە ئايىغى بارغانچە تارىيىپ كىچىكلەپ قېلىۋاتقان دەريانىڭ ئاخىرقى تۇگۈنىگە ، دەريا سۈيىنىڭ يەنە بىر دەرياغا قۇيۇلۇۋاتقان نۇقتىسىغا بېرىپ قالاي دېگەندى . ۋەسلىگە يېتەلمىگەن مەھبۇبى ئۈچۈن شۇنداق كۈنلەر ، كۈلپەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان يىگىت ئاخىر تۇلۇمنى تاشلاپ قىرغاققا چىقىپ يۇرتقا ئالدىنى قىلدى . يىگىتنىڭ سېزىپ كەتكەندەك ياداپ ، قارىداپ بىر تېرە ـ بىر سۆڭەك بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ئاتا ـ ئانا ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۇنى كۆرۈپ يىغلاشتىن يىغا ـ زار قىلىشتى.

كۆۋرۈك پۈتەي دەپ قالدى . بۇ سۈيى ئۇلۇغ دەريا ئىككىگە ئايرىپ تۇرغان ئەل ـ يۇرتنى مەڭگۈلۈك تۇتاشتۇرىدىغان رىشتە ئىدى.

كېمە كۈچلۈك دولقۇنلارغا ئۇرۇلدى . كېمىچى يىگىتلەر كۈچتۈڭگۈر بىلەكلىرى بىلەن مەزمۇت خادا سىيرىپ ، ئالدى ـ كەينى تەڭپۇڭلاشقان كېمىنى دولقۇنلار تامان ئېلىپ كىردى.

ـــ بەختى! بەختىيار! مەن كەلدىم! ـــ بىر بېشى كۈنچىقىش ئۇپۇققا تۇتاشقان كۆۋرۈكنىڭ ئۇ بېشىدىن بىرسىنىڭ يېقىملىق تۇۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى . ھەسرەت ، پىراق قايناملىرىدا پىرقىراۋاتقان يىگىت ئۇپۇققا قارىدى . پۈتۈن تۇرقى قۇياشتىن نۇر ئالغان گۈلبىلىق ئايىغىدا لەپىلدەپ تۇرغان كۈمۈش رەڭ كۆڭلەكنىڭ ئېتەكلىرىنى كۆتۈرگىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ پىلدىڭلاپ كېلىۋاتاتتى . يىگىت ئۆزىنى قوينىغا سۈرەۋاتقان قاينام قىيانلىرىدىن كۈنپېتىش قىرغاققا ئۈزۈپ چىقتى . ۋۇجۇدى جاسارەت ، كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولدى . كۆڭلى ـ كۆكسىنى چىرمىغان ھەسرەت تۇمانلىرى كۆۋرۈكنىڭ ئۇ بېشىدىن ـــ كۈنچىقىش ئۇپۇقتىن بالقىغان قۇياش نۇرىدا يورۇپ كەتتى . پىلتىڭلاپ كېلىۋاتقىنى ئۇنىڭ گۈلبىلىقى ئىدى . كۈلۈپ كېلىۋاتقىنى ئۇنىڭ ئارمىنى ئىدى . ئويناقلاپ كېلىۋاتقىنى ئۇنىڭ ھەقدادى ئىدى . گۈلبىلىققا قاراپ تاقەتسىزلەنگەن يىگىت سۇ ئۈزگەندەك غۇلاچ كېرىپ ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى . كۆۋرۈك ئۈستى ، دەريا قوينىنى لەرزىگە سېلىپ تۇۋلىدى:

ـــ گۈلبىلىق! گۈلبىلىق! مېنىڭ گۈلبىلىقىم!

پۈتۈن ئاۋازى بىلەن تۇۋلاۋاتقان يىگىت كۆزلىرىنى ئېچىپ ، چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى . ئۇنىڭ بېشىدا مىسكىن چىراي دادىسى قاراپ ئولتۇراتتى . ئانىسى مۈزدەك سۇدا نەمدەلگەن كاناپنى پېشانىسىگە قويۇۋاتاتتى.

ـــ يىگىت بالام... ئەجەب بىر ئارماندا قالدى،ـــ دېدى ئانا ئېغىر ئۇھسىنىپ . ئاتا نېمىلەرنىدۇر دېمەك بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللەپ قالدى . ئاڭغىچە يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى . چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ تالاغاـــ دەريا بويىغا چىقتى . تاڭ سۈزۈلمىگەن ، دەريانىڭ قىرغىقىدىن ئەمدىلا كۆتۈرۈلگەن ئاينىڭ نۇرى سۈيى پەسلەپ تىنچلىنىپ قالغان سۈپسۈزۈك دەريا سۈيىدە دەريانى كېسىپ ئۆتكەن بەلۋاغسىمان بىر نۇرنى ھاسىل قىلىپ ئىككى قىرغاقنى تۇتاشتۇرغانىدى . بۇ نۇرلۇق مەنزىرىگە قاراپ يىگىتنىڭ كۆز ئالدىدا بىر كۆۋرۈك ھاسىل بولدى . ئەگەر مۇشۇ بەلۋاغ خىيالەن نۇر شولىسى بولماستىن ئاشۇنداق بىر كۆۋرۈك بولغىنىدا ئىدى ، ئۇ چاغدا گۈلبىلىق بايا چۈشىدە كۆرگىنىدەك بىمالال ھالدا ئۇنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كېلەلەيتتى...

ئاھ ، شۇنداق ئەمەسمۇ ، گۈلبىلىقنىڭ روھى مېنى كۆۋرۈك ئۈستىدە دىدارلىششقا چىللىدى . ئۇنىڭ روھى ماڭا كۆۋرۈك سېلىشتىن بېشارەت بەردى! كۆۋرۈك... كۆۋرۈك... مەن دەرياغا كۆۋرۈك سېلىشىم كېرەك! شۇنداق قىلىشىم كېرەك ، بولمىسا ماڭا بۇ كۈننىڭ نېمە ھالاۋىتى قالدى؟ ئەمدى مەن دەريا دولقۇنلىرىغا غەرق بولغان ئارمانلىرىم ئۈچۈن ياشىمىسام بۇ كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزىمەن؟! شۇنداق ، كۆۋرۈك سېلىش كېرەك ، بۇ ئارمان بىلەن كۆزى ئوچۇق كەتكەن بوۋامنىڭمۇ بىردىنبىر ئارزۇسى ئىكەنغۇ!

يىگىت دەريا ساھىلىغا كەپە تىكتى . يىگىت ئاتا ـ ئانا ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ تەسەللىسىگە ، قايتا ئۆيلەپ قويۇش تەكلىپىگە ، نەسىھىتىگە قۇلاق سالمىدى . يىگىت تەركىدۇنيا بولدى.

كۆز كېلىپ قۇترىغان دولقۇنلار جىمىپ قالدى . بۇ

قىرغاقتىكى كەپىگە بەنت بولغان يىگىتنىڭ سۈكۈتلۈك كۆزلىرىنىڭ جىمجىتلىقى ئىدى . نەرە تارتقاندەك شارقىراشلارنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى . بۇ ھەممىگە كۆڭۈلسىز ئۈن ـ تىنسىز بولۇپ قالغان يىگىتنىڭ سۇلغۇن ، غېرىبسىنغان كۆڭلىنىڭ ئارامسىزلىقى ئىدى.

بالغۇز كەپىدە يېتىۋېرىپ ئۆزىنى يەرنىڭ قەرىگە كىرىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلغان يىگىت ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ بىر بېسىپ ، ئىككى بېسىپ ساداسىز ئېقىۋاتقان ئېقىن بويىغا كەلدى . ئۇ سۈيى تارتىلىپ ، نەچچە ئون غۇلاچ كەڭلىكتە تارام ھاسىل قىلىپ جىمجىت سۇزۇلۇپ ئېقىۋاتقان دەرياغا قاراپ ھەقىقەتەن كەچكۈز كىرگەنلىكىنى بىلدى . سۈكۈتكە چۆككەندەك ئاستا ئېقىۋاتقان سۈپسۈزۈك سۇدا ئۇششاق بېلىجانلار ئۈزۈپ يۈرۈشەتتى . يىگىت سۇدىن چىقىپ تۇرغان قورام تاش ئۈستىگە زوڭزىيىپ ، قولىنى مۇزدەك سۇغا تىقتى . بېلىجانلار ئۇنىڭ قولىغا ئولاشتى . بۇ ئوماق بېلىجانلار ئىلگىرىمۇ شۇنداق ئىدى . قارىغاندا بېلىجانلار ئۇنى تونۇۋالغاندەكلا!

— ئوبدان بېلىجانلىرىم، — يىگىتنىڭ كۆز چاناقلىرى لىققىدە ياشقا تولۇپ ، كۆز ئالدى خىرەلەشتى . ياشلانغان كۆزلىرى سۇدىكى ئەكسىدىن بومبا ساقال بولغان ، سۇلغۇن چېھرىنى كۆرەلمەي قالدى، — گۈلبېلىق ھەدەڭلەرنى كۆردۈڭلارمۇ؟ بىلەمسىلەر ، نەچچە ئايلار بولدى مەن ئۇنى بەك سېغىندىم . ئۇنىڭ دۈپ ـ دۈگىلەك مەرۋايىتتەك چىرايلىق كۆزلىرى ھېچقاچان كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ . مىننەت ـ تەمەسىز مۇلايىم قاراشلىرى يۈرىكىمنى ئۆرتەيدۇ . سالماق ، كەمسۆز ، مۇلايىم مىجەزى ۋۇجۇدۇمنى تىترىتىدۇ . ئېيتىڭلارچۇ ، مەن قانداق قىلسام ئۇنى تاپالايمەن؟ ئۇنىڭ ئەزىز تېنى ، نۇرلۇق جامالى قايسى ئازما ، قىسىلچاقلاردا ، قايسى توسما ، چاتقاللىقلارنىڭ ئارىسىدا قالدى؟ گەپ قىلساڭلارچۇ! يۈرۈڭلار ، مېنى گۈلبېلىق ھەدەڭلارنىڭ قېشىغا باشلاپ بېرىڭلار! — پەس ئاۋازدا شىۋىرلىغىنىچە ، دەريا ئىچىدە ناھايىتى ئۇزاق ئولتۇرغان يىگىت كۆز ئالدىدىكى تىزىغا كەلمەيدىغان چالا ئېقىنغا دۆملا يىقىلدى... كىملەردۇر يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ئۇنى يۆلەپ سۇدىن چىقاردى...

جاھان قار ، مۇز ئاستىغا بەنت بولدى . كۆز ئالدىدا قېلىن مۇز قاپلىغان دەريا يۈزىگە قاراپ نېمىدۇر بىرنەرسە ئېسىگە كېلىپ قالغان يىگىت بىر بېسىپ ، ئىككى بېسىپ پۈت ئېلىپ باقمىغىلى يېرىم يىلدىن ئاشقان ئۆيىگە كەلدى . پۈتۈن ھويلىنى ئىزدەشتۈرۈپ يۈرۈپ ئاخىر دەرۋازا بېشىدىكى كالتە ـ كۆسەي نەرسە ـ كېرەكلەر تاشلاپ قويۇلغان تەكچىدىن كونا ئاش تاختىسىدەك بىر نەرسىنى تېپىۋالدى . ئۇ شال ، تاختايلىرى ئاجراپ كەتكەن مۇز چانىسى ئىدى.

— نېمانداق تېز ، سىلىق ماڭىدىغان نەرسە بۇ ، بەختىيار؟ — قىزنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئۇنىڭغا قېلىن مۇز تۇتقان دەريا يۈزىگە ئىللىق نۇر بەخشەندە قىلغاندەك بىلىنىپ كەتتى.

— تېز ماڭامدىكەن؟ سىلىقمىكەن؟ گۈلبېلىق...

— ھەئە . ئىسمى نېمىتى ئۇنىڭ؟

— چانا ، چانا دەيمىز! — كۈنپېتىش قىرغاقتىن



ئۇچقاندەك چانا ھەيدەپ كۈنچىقىش قىرغاققا يېقىنلاشقان يىگىت ، بىر توپ باللار بىلەن مۇز تېيىلىپ ئويناۋاتقان گۈلبېلىقنىڭ يېنىدا توختاپ چەمبەر شەكلىدە ئۇنى ئايلىنىشقا باشلىدى.

— چانا؟ — قىپقىزىل كالتە پەلتۇسى بىلەن مۇز ئۈستىدىكى ئوتتەك چاقناپ ، يىگىتنىڭ ئايلىنىشى بىلەن تەڭ چۆرگىلەۋاتقان قىز ھەيرانلىقىنى يوشۇرالمىدى، — كۈنپېتىشتىمۇ چانا دەمسىلەر بۇنى؟

uyghurkitap.com



ـــ ھەئە ، ئارىمىزدا ئۇلۇغ دەريا بولغانغا سىلەر باشقا ، بىز باشقا بىرنىمە دەمدۇق بۇنى؟

ـــ ئۇنداقتا كۈنچىقىشتىمۇ بىرنى بىر ، كۈنپېتىشتىمۇ بىرنى بىر دەيدىكەن ـ دە!

ـــ شۇنداق، ـــ قىزنىڭ ئاددىي ئىشلارغىمۇ ھەۋەس ، ئىشتىياق بىلەن قارايدىغان ، تارتىنىپ تۇگۇلۇپ تۇرماستىن سوراشقا ئامراقلىقىدىن يىگىتنىڭ دىلى سۆيۈندى.

ـــ كۈنپېتىشتا ھېچكىم چاننى بۇنداق چاققان قاملاشتۇرۇپ ياساپ باقمىغان ، سىزنىڭكىنى كىم ياساپ بەرگەن؟

يىگىت كۈلۈپ كەتتى . قىز قاملاشمىغان گەپ سوراپ قويدۇممىكىن دەپ ، قىش ئەتىگىنىنىڭ قۇياشىدەك قىزاردى . يىگىت كۈلكىدىن توختاپ جاۋاب بەردى:

ـــ ئۆزۈم ياسىدىم.

ـــ ئۆزىڭىز؟ ـــ قىز ئىشەنمىگەندەك ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى.

ـــ ھەئە ، ئۆزۈم ياسىدىم . ياغاچچىلىقنى ئۆگىنىۋاتقىنىمغا ئىككى قىش ، بىر ياز بولدى.

ـــ ھىم، ـــ قىز شۇنداق دەپ جىمىپ قالدى.

ـــ كېلىڭ ، چاننىڭ كەينىدىكى پەللەكتە ئولتۇرۇڭ.

قىز ئىزا تارتتىمىكىن ، ئەتراپتا خىرامان مۇز تېيىلىۋاتقان ، غۇژژەك چۆرگىلىتىۋاتقان ئاداشلىرىغا قاراپ قويۇپ چانىغا ـــ يىگىتنىڭ كەينىگە جايلىشىپ ئولتۇردى.

ـــ ئولتۇرۇپ بولدىڭىزمۇ؟

ـــ ھەئە.

ـــ ئىككى قولىڭىزنى قولتۇقۇمدىن ئۆتكۈزۈپ پوتامدىن چىڭ تۇتۇڭ.

ـــ مۇشۇندق ئولتۇراي ، خىجىل بولىدىكەنمەن.

ـــ تۇتۇڭ دەيمەن ، بولمىسا كەينىڭىزگە ئۇچۇپ كېتىسىز.

قىز يىگىتنىڭ دۈمبىسىدىن مەھكەم قۇچاقلاپ ئۇنىڭغا يېپىشىپ ئولتۇردى . يىگىت نەيزىدەك ئۇچلۇق سۈمبىلەرنى كۈچ بىلەن مۇزغا سانجىدى . ئاستا ـ ئاستا ئورنىدىن قوزغالغان چاننىڭ تېزلىكى ماڭغانچە ئېشىپ ، مۇز ئۈستىدە ئىككى تال ئۇزۇن ئاق سىزىق چىقىرىپ غۇيۇلداپ ئۇچۇشقا باشلىدى . يىگىت بىلەن قىزنىڭ قاقاقلاپ كۈلگەن ئاۋازى دەريا ئىچىنى لەرزىگە سالدى . ئۇلار شۇ يوسۇندا دەريانىڭ بېشى تەرەپكە كۆپ ئۇزاپ كەتكەنىدى.

ئۇلار دەريانىڭ ئىككى قىرغىقى ئېگىز ، ئادەمزاتسىز بىر توقايلىقىقا كەلگەندە ، توختىماي مۇزغا سۈمبە ئۇرۇۋاتقان يىگىت قولىدىكى سۈمبىنى توساتتىن چاننىڭ ئالدى تەرىپىگە سانجىدى . شۇنچە تېز كېتىۋاتقان چانا جىددىي تورمۇزلىنىپ ئىزىدىلا توختىدى . يىگىت سۈمبىنى مۇزغا قادالغان جايىدا قويۇپ ، چەبدەس بىر ھەرىكەت بىلەن كەينىگە بۇرۇلدى . قىزنىپ تۇرغان قوللىرى بىلەن قىزنىڭ مۇزلاپ ئۇيۇشۇپ قالغان نازۇك قوللىرىنى كاپپىدە تۇتۇۋالدى . نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان قىز قارا يۇڭ پوسمىسى ئاستىدىكى قىياقتەك قاشلىرىنى ھىمىرىپ ، مەرمەردەك چىرايلىق كۆزلىرىنى ھەيرانلىق بىلەن يىگىتكە تىكتى.

ـــ سىزگە ئىچىم كۆيىدۇ ، گۈلبېلىق! ـــ ھاسىراپ كەتكەن يىگىت قىزنىڭ كۆزلىرىگە قادالدى، ـــ پەقەت بىر سىزگىلا... ماڭا تېگىڭ! ـــ يىگىت سۆزىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇردى، ـــ بىزنىڭ كۈنپېتىش دەريا بويىدا ئۆيىمىز بولسۇن ، بېلىجاندەك ئوماق ، شوخ باللىرىمىز بولسۇن...

قىز توساتتىن بېلىقتەك بىر پىلتىڭلاپ يىگىتنىڭ قولىدىن ئاجرىدى . ۋىلىقلاپ كۈلگىنىچە چاننىڭ ئىزىنى بويلاپ بايا كەلگەن تەرەپكە ـــ يىراقتا مۇز تېيىلىپ ، غۇژژەك پىرقىرىتىپ ئويناۋاتقان باللارنىڭ يېنىغا قاراپ قاچتى . يىگىت چاننىمۇ ئۇنتۇپ ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلىدى...

مۇز ئۈستىدە هارارەتلىك گۈلخان ياندى . شۇ كۈندىن كېيىن ئىككى قىرغاقتىن ئىككى يۈرەك مۇزلۇقلار ، دولقۇنلار ئارىسىدىن بىر ـ بىرىگە باغلاندى.

ئاشۇ ئوتلۇق چاغلارنى سېغىنغانچە ، مەھەللىدىن شالىلىرى بوشاپ قالغان كونا چاننى ، دات بېسىپ كەتكەن سۈمبىلەرنى كۆتۈرۈپ دەريا بويىغا كەلگەن يىگىت ھاياتقا سۈكۈت قىلىۋاتقاندەك قاردىن لىباس يېپىنىۋالغان مۇزلۇققا چانا سالدى . كۈنچىقىش قىرغاقتىكى ئاشۇ ئوماق قىز بىلەن ئۇچرىشىدىغان كېچىك بويىغا كەلدى . ئاھ ، گۈلبېلىق قېنى؟ ئۇنىڭ مەرمەر تاشتەك چىرايلىق كۆزلىرى قېنى؟ دەريا يۈزىنى لەرزىگە سالىدىغان جاراڭلىق كۈلكىلىرى قېنى؟ چانىدا ئولتۇرۇپ يىگىتنىڭ قولتۇقىدىن قولىنى ئۆتكۈزۈپ مەھكەم قۇچاقلاپ ئولتۇرۇشلىرى قېنى؟ ئوتتەك ۋۇجۇدىغا ئارامبەخش ئاتا قىلغان مۇزدەك قوللار قېنى؟ خىجىل بولۇپ يانغا قارىۋېلىشلار

قىنى؟ بىلىقتەك پىلتىلداپ ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئەمدى ئۇلار قېنى... ئانسىز ئۈچ ـ تۆت بالىنى ئىتتىك ئېلىپ كەلدى.

قېنى؟ بىلىقتەك پىلتىك ئىتىپ ئوخچۇپ قېچىپ كېتشلەر قېنى؟ چانا ئۈستىدە كېتىۋېتىپ ئوتلۇق پىچىرلاشلار قېنى؟ مۇز ئۈستىگە يىقىلىپ يېتىپ كۆكۆل بىرىشلەر قېنى؟ كۈندە دەريا بويىغا چىقىپ مۇزلۇق ساھىلدا يولغا قاراشلارچۇ؟

چانىدا ئولتۇرغان يىگىت قارلىق زېمىندا قىشلاپ قالغان يىگانە بىلىقچى قۇشتەك ئۇيان ئۇچۇپ، بۇيان ئۇچۇپ مىسكىن قەلبى يالغۇزسىرىدى. ھەسرەتكە چۆكتى. ئەمدى ئاشۇ قىشتىكىدەك بۇ يەرگە بالىلارمۇ چىقمىغان، ھېچبىر ئادەمزات كۆرۈنمەيتتى. ئۇ تۇرۇپلا دەريانىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى قىزنىڭ ئۆزىگە كۆكۆل بەرگەن پىنھان مۇزلۇقنى ئەسكە ئالدى.

ـــ مەن ئويلاندىم، سىزدىن باشقا بىرىگە تېگىشنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمىدىم. مەن سىزگە...

يىگىتنىڭ يۈرىكى مۇشۇ توقايلىقتا لەرزىگە كەلگەندى. ئۇ گۈلبىلىق بىلەن ئاشۇ مۇزلۇق ئۈستىدە بىر ـ بىرىگە كۆكۆل بېرىپ ئۆمۈرلۈك باش قوشۇشنى لەۋزە قىلىشقانىدى... شۇ كۈنى دەريادىكى ئۇيۇپ قېتىپ كەتكەن مۇزلۇق يىگىتنىڭ ئوت بولۇپ يانغان يۈرىكىنى سەگىتكەنىدى.

ـــ قاراس ـ قۇرۇس!!!

توساتتىن چاك كەتكەن مۇزلۇق قاراسلاپ ئولتۇرۇشتى. شېرىن ئەسلىمىلەر قوينىدا ئەللەيلەنگىنىچە توقايلىققا كېتىۋاتقان يىگىت چۆچۈپ چانىنى توختاتتى. كۆز ئالدىدا يېرىلىۋاتقان، بۇلدۇقلاپ سۇ چىقىۋاتقان كاچكۇلغا قاراپ ئاۋازىنىڭ بارىچە نىدا قىلدى:

ـــ گۈلبىلىق! گۈلبىلىق! مېنىڭ گۈلبىلىقىم، بۇ كۆپكۆك مۇزلارنىڭ ئاستىدا سىز بارغۇ؟! مۇزلار يېرىلدى، تېز چىقىڭ! ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ، بىز ئۆتكەن قىش بۇ يەردە نېمىدەپ لەۋزە قىلىشقان؟!

شۇ كۈنى سۇغا، قاپاقلىرىنى كۆتۈرۈشكىنىچە دەريا بويىغا سۇغا كەلگەن كىشىلەر قېلىن مۇزنىڭ يېرىقچىسىغا قىسىلىپ قالغان يىگىتنى قىيامەت مۇشەققىتىدە چىقىرىۋېلىشتى. بۇ ئۇنىڭ ئۆتكەن يازدىن بېرى ئۈچىنچى قېتىم ئۆلۈمنىڭ مۇدھىش چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنىشى ئىدى.

ـــ ئۈمىد ـ ئىشەنچسىز يوقىلىش يىگىتلىك ئەمەس!

يىگىت چۆچۈپ كەينىگە قارىدى. پەرىشتە سىياق تۆگمەنچى ئۇنىڭ كەينىدە ساقىلىنى سىلىغىنىچە قاراپ تۇراتتى. يىگىت قۇتقۇزغۇچىسىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى.

ـــ نېمانچە ئىرادىسىز، بوشاڭسەن؟ يىگىت بولساڭ ئۆزۈڭنى بۇنداقلا تۆگەشتۈرۈۋەتمە.

ـــ ئەمىسە، نېمە قىلاي بوۋا؟

ـــ كەلكۈنلەرنى بويسۇندۇر! مۇشكۈل قەدەملەرگە ئاسايىشلىق تۇغدۇر! چۆشۈڭگە ئايان بولغانىدەك دەرياغا كۆۋرۈك سال! شۇندىلا گۈلبىلىقنىڭ روھى خۇش بولىدۇ... ئېسىڭدە بولسۇن، دەرد ـ ئەلەم، ھەسرەتلەرگە ئەسىر بولغان يىگىتنىڭ كۆز يېشى ھېچكىمنىڭ روھىنى خۇش قىلالمايدۇ. يىگىتلىك پەقەت ئېلىشىش، بويسۇندۇرۇش بىلەن ئۆز قۇدرىتىنى نامايان قىلىدۇ!

يىگىت شۇنىڭدىن كېيىن كېمىچىلەر سېپىگە قوشۇلدى. دەريانىڭ سىرتىدىكى دۇنيانى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى، ئايدا ـ يىلدا بىرەر ـ ئىككى قېتىم بېرىپ كېلىدىغان شەھەرنى بۇ دۇنيا ـ ئۇ دۇنيا تەرك ئەتتى.

يىگىت ھەر كۈنى كۈنچىقىش قىرغاقتىن كەلگەن يولۇچىلارنى كېمىگە چىقىرىپ كۈنپېتىش قىرغاققا ئۆتكۈزۈپ قوياتتى. كۈنپېتىش قىرغاقتا ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغانلارنى يەنە كېمىگە چىقىرىپ، كۈنچىقىش قىرغاققا ئۆتكۈزۈپ مەنزىللەرگە ئۇزىتىپ قوياتتى. يىگىتنىڭ كۈنلىرى مۇشۇنداق دەريا دولقۇنلىرى ئۈستىدە ئۆزۈپ يۈرۈش بىلەن ئۆتەتتى. دەريادا يۈرگەن يىگىتنىڭ كۈنلىرى مۇشۇنداق دەريا دولقۇنلىرى ئىچىدىن بىر ـ بىرىگە ئۆمۈرلۈك لەۋزە بېرىشكەن مەھبۇبى گۈلبىلىقنى ئىزدەيتتى. يىگىتنىڭ ۋۇجۇدى دولقۇنلار تەكتىدە كېمىگە يىگىتكە تەلمۈرۈپ تۇرغان گۈلبىلىق بىلەن خىيالەن مۇڭدىشاتتى. يىگىتنىڭ سەزگۈلىرى كېمىگە ئەگىشىپ ئۈزۈپ يۈرگەن گۈلبىلىقنىڭ شەپىسىنى تىڭشايتتى. ئويلىغانسېرى، ئەسلىگەنسېرى دولقۇن ـ قايناملار ئىچىدە غۇۋا ئەلنەغمە، مەشرەپ ئەۋج ئېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

دەريانىڭ ئۇيانىدا،
كۆرۈنگەن تېرەك بىزنىڭ.
كۆيمەيدۇ دېگەن بىلەن،
كۆيىدۇ يۈرەك بىزنىڭ.

سۆگەتنىڭ جامكىسىدەك قىزغۇچ بۇرۇتى ئىككى زىنىقى ئۈستىدە لىكىلداپ تۇرغان ساتارچىغا جور بولغان ئەلنەغمىچىلەرنىڭ ناخشىسى، ساتار، قالۇن، غىجەك،

راۋاب ، داپنىڭ ساداسى قىزنىڭ ھويلىسىنى ، كۆنچىقىش دەريا بويىنى تەۋرىتەتتى ، پىرقىرىتاتتى . جىگدە چىتلاق قىلىپ كەگرى قاشالانغان ئۆرۈكلۈك ھويلىدا پۈتۈن توي ئەھلى شوخ ئۇسسۇلغا چۈشكەنىدى . قىرىق كۆكۈللىق قىزلار ، بۆرۈتى خەت تارتقان يىگىتلەر ، ساقىلى مەيدىسىگە چۈشكەن بېلى پوتىدا باغلاقلىق بوۋايلار ، ئالتۇن زىرىسى قۇلىقىدا گىلدىڭلاپ تۇرغان ئاق چاچلىق مومايلار... ھەممىسى ئۇسسۇلدا . ھەر كۆزلەردە شادلىق ، ھەر چېھرىدە خاتىرجەملىك ، ھەر كۆڭۈلدە ئوتلۇق تىلەك يېلىنجايتتى . كۆنپېتىش دەريا بويىدىن كەلگەن قولداشلارنىڭ شوخلۇقى ئىچىگە پاتمايتتى . ئۇلار بىردەم يىگىتنى ئۇسسۇلغا تارتىپ ، ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى بىلەن توي ئەھلىنى كۈلدۈرسە ، بىردەم يىگىتكە گەپ ئاتاتتى.

— بەختاخۇن ، گۈلبىلىق ئىككىڭلار دەريانىڭ ئىككى قاسنىقىدىن كېلىپ ، مۇزلۇقتا تېپىشقان ، مۇزلۇقتا پۈتۈشكەن . شۇڭا مېھرىڭلارنىڭ مۇزدەك سوغۇق بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ، ئىشىكىڭىزنىڭ ئالدىغا بارغاندا قىزنى ئۇلۇغ ئوتتىن ئاتلىتايلى ، بولامدۇ؟

— دەريادىن ئۆتكۈزگەندە ئاگاھ بولارسىز ، بېلىق دېگەننىڭ پىلتىڭلاپ سۇغا ئۆزىنى ئاتىدىغان قىلىقى بار...

— شۇنداق قىلىڭ ئاداش ، ئاران قولغا چۈشكەن بېلىقنى ھەرگىز قولدىن چىقىرىپ قويماڭ!

— سىز ئارىنى ئېچىۋەتتىڭىز بەختى ئادىشىم ، ئېسىمىزنى بىلگەندىن بېرى كۈنچىقىش دەريا بويىدىكىلەر بىلەن كۆنپېتىش دەريا بويىدىكىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە قىز بەرگىنى بۇگۇنغۇ ھەقىچان؟

— ھەق دېيسىز ، دەريادىن ئۆتۈشتىن ئىبارەت چوڭ مۇشكۇلات بۇنداق باش قوشۇشقا توسالغۇ بولۇپ كەلگەن.

— مۇشۇ تويدىن باشلاپ يول ئېچىلىپ كەتتى... ئۆزىنى ئۇنتۇپ ئۇسسۇل ئوينىشىۋاتقان ئاۋۇ قىرىق ئۆرۈمە چاچ قىزلارغا قاراڭلار ، كۈنچىقىشنىڭ قىزلىرى نېمىدېگەن چىرايلىق؟!

— ئالدىرىماي تۇرۇڭ ئاغىنە ، ئەتە كۆنپېتىشتا بولىدىغان چىللاقتا كۈنچىقىشنىڭ يىگىتلىرى مەھەللىمىزنىڭ قىزلىرىدىن نەچچىسىنىڭ بېشىنى باغلىۋالىدۇ ، بۇنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ.

— كۆنپېتىشنىڭ قىزلىرى ئۆزىمىزدىن ئاشمايدۇ جۇمۇ!

— ئۇنىڭغا ھازىر بىرنېمە دېمەك تەس . بىز دې-مەتلىك يىگىت ـ قىزلارنىڭ كۆڭلى دېگەن كۆكۈرۈپ تۇرىدىغان توك غورا ئەمەس . ئەنە ئاۋۇ ئۆرۈك شېخىنىڭ ئۇچىدا مەي باغلاپ پىشىپ كەتكەن جانان ئۆرۈككە ئوخشايدۇ . جانان ئۆرۈككە كۆزى چۈشۈپ قالغان كىمدۇر بىرى ئۈزۈپ ئاغزىغا سالسىلا ، ئېغىزدا ئېرىپ كېتىدۇ . ئۇنى تېتىغان ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىغا لەززەت بېرىدۇ.

كۆنپېتىش دەريا بويىنىڭ يىگىتلىرى بىر ـ بىرىدىن گەپدان ، شوخ ئىدى . ئۇلار ھەر نېمە دېسىمۇ ، پەقەت كۆز ئالدىدىكى خۇشاللىقلار ، ۋۇجۇدىدا تېپچەكلەۋاتقان ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئۈچۈن سۆزلەيتتى . كۈلەتتى . قوش قاتلاپ سېلىنغان يىگىت كۆرپىسىدە چازا قۇرۇپ ئولتۇرغان يىگىت ئەتراپىدا ئولتۇرغان قولداشلىرىنىڭ چاقچاقلىرىغا مىيىقىدا كۈلۈپ ئولتۇراتتى . قولداشلىرى يەنە بۇنىڭغىمۇ گەپ كەلتۈرەتتى:

— بەختىئاخۇن بۇگۇن ئەجەب جىمىپ كەتتىيا؟

— قورقۇۋاتامدۇ يا؟

— نېمىدىن ، دەريادىن ئۆتۈشتىنما؟

— ھەئە ، گۈلبىلىقنىڭ دەرياسىدىن ئۆتۈشتىن!

— راست ، نېمانچە شۈكلەپ كېتىدىكىن دەيمىز تېخى...

— يۈزى ئېچىلمىغان يىگىت ئەمەسمۇ!

— بۇمۇ بار گەپ . ئىككى بىلىكىدىن چىڭگراق تۇتۇپ ئولتۇرغۇزايلى . ھېلى بىكار توي ئەھلىنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ غىيىپىدە قېچىپ ، دەريا بويىدىكى ئورمانلىقتا مۆكۈۋالسا ، كۆنپېتىشنىڭ يىگىتلىرىنىڭ يۈزى چۈشۈپ كەتمىسۇن يەنە!

سورۇندا كۈلكە كۆتۈرۈلگەن ، يىگىت ئەتلەس كۆرپىدىن قىمىرلاپ قويۇپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويغانىدى.

ئاشۇ خۇشاللىقلارنى ، چىن يۈرەكتىن ئوخچۇپ چىققان جاراڭلىق كۈلكىلەرنى دەل شۇ توي كۈنى رەھىمسىز دەريا دولقۇنلىرى يۇتۇپ كەتكەنىدى.

كۈنلەر ، ئايلار ، يىللار دەريا دولقۇنلىرى ئىچىدە گۈلبېلىقنىڭ ۋەسلىگە تەلمۈرۈپ ئۆتمەكتە ئىدى . زامان ئالماشتى . دەۋر ئۆزگەردى . بۇ يولدا سالتاڭ ماڭىدىغان ئېشەكلەرنىڭ كەينىگە ھارۋا چېتىلدى . ئېشەك ھارۋىسىنى توپا ـ توزان ئىچىدە قويۇپ موتسىكلىت ، ماشىنا دېگەن نەرسىلەر پەيدا بولدى . لېكىن تېخىچىلا دەريا كۆۋرۈكسىز ئىدى . يوللاردا چېپىپ يۈرگەن زامانىنىڭ يېڭىلىقلىرىمۇ دەريا بويىغا كەلسە كېمىگە ، كېمىچى

بوۋايغا موھتاج بولاتتى.

راست ، دەرياغا كۆۋرۈك سېلىنمىغانىدى . بۇ يەردىن جاھاننى تەۋرىتىدىغان يۇرت چوڭلىرى كېمە بىلەن ئۆتەتتيۇ ، لېكىن كۆز يەتكۈسىز دەريا قېنىغا قاراپ كۆۋرۈك سېلىش بەئەينى مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتەك ، كۆۋرۈك سېلىشنى كۆڭلىگە سىغدۇرالمايتتى . شۇنداق ، ناگان ـ ناگاندا قىرغاق ئاتلاپ ئۆتكۈچىلەرنى يۇتۇپ كېتىدىغان سۈيى دولقۇنلۇق كەڭ دەرياغا كۆۋرۈك سالىدىغان ئادەم چىقمىغانىدى . يۈرەكلەردە داغ قالدۇرغان گۈلبىلىقنىڭ پاجىئەسىدىن كېيىن ، كۈنچىقىش دەريا بويىدىكىلەر بىلەن كۈنپېتىش دەريا بويىدىكىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە قىز بېرىشىنىڭ بېشىمۇ شۇ ، ئاخىرىمۇ شۇ بولۇپ قالغانىدى.

كېمىگە ، دەرياغا بەنت بولۇپ تەركىدۇنيالىقتا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بوۋاي تا بۈگۈنگىچە ئۆزىنى ئاشۇ توي كۈنىدىكى يىگىت چاغلىرىدىكىدەك ياش ، ھەسرەتلىك سېزەتتى . گۈلبىلىق بىلەن مۇزلۇق ئۈستىدە مۇڭداشقانلىرىنى ، دەريا بويىدا يۈرىكىنى نەم يەرگە يېقىپ ئايغا قاراپ شېۋىرلىغانلىرىنى ، بېلىجانلاردىن گۈلبىلىققا گەپ ئېيتىپ بەرگەنلىرىنى ئېسىدىن چىقىرالمايتتى . ھەممىدىن ئاجايىپى ئۇ گۈلبىلىقنىڭ ئۆزىنىڭ تىنىقىغا ئورۇلغان ئوتلۇق تىنىقلىرىنى ھازىرمۇ ئۆز تىنىقلىرىغا ئورۇلۇۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى . شۇ كۈنى يىگىت گىلەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغۇزۇلۇپ دەريا بويىغا يۆتكەپ كېلىنگەن قىزنى ، ياق ، خوتۇنىنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ كېمىگە ئالغانىدى . يىگىتنىڭ قۇچىقىدا پىلتىڭلاپ تۇرغان گۈلبىلىقنىڭ بېشىدىكى روملى بىر يانغا سىيرىلىپ كەتكەن ، خىجىللىقتىن ئۇيالغان كۆزلىرى يەرگە قاراپ قالغان ، دۇپۇلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكى يىگىتنىڭ تېپچەكلەپ تۇرغان يۈرىكى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن ، چېكە ماڭلاي قويغان پېشانىسى يىگىتنىڭ ئېڭىكىگە تېگىشىپ ، ئوتلۇق تىنىقلار بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەنىدى...

ھەسرىتا ، بۇ نېمە ئۈچۈن ئەمدى؟!

شۇ كۈنى يىگىت كېمىدە قىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئولتۇرمىغانلىقتەك چوڭ سەۋەنلىككە يول قويغانلىقىنى ئويلاپ ئۆزىنى ئەيىبلىدى . لېكىن ئۇ كۈنى ئاتا ـ ئانا ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئالدىدا قىزنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشتىن ئۇيالغانىدى!

كۆۋرۈك پۈتۈپ قالاي دېدى . بۇ سۆرلۈك دولقۇنلار ئايرىپ تۇرغان ئىككى قىرغاقتىكىلەرنىڭ تەشنا قەلبىنى بىر يەرگە جەم قىلىدىغان ئاخىرقى پەيتلەر ئىدى.

كېمە دەريا قېنىدىكى كۈچلۈك ئېقىندىن ، دولقۇنلاردىن بىمالال ئۆتۈپ قارشى قىرغاققا يېقىنلاشتى . يەڭلىرى تۈرۈلگەن ، بىلەك مۇسكۇللىرى بۆرتۈپ چىققان كېمىچى يىگىتلەر بىر خىلدا لۆمشۈپ ئېقىۋاتقان ئېقىنغا كېمىنىڭ كەينى تەرىپىدىن خادا سالدى . كېمە ئاستا ـ ئاستا ئىلگىرىلەپ كېتىپ باراتتى . چېھرى قىزغۇچ مىس رەڭدە تاۋلىنىپ تۇرغان ئاق ساقال كېمىچى لۆمشۈپ تۇرغان دولقۇنلار ئىچىدە گىرۋەكلىرىگىچە سۇغا چۆكۈپ ، قىرغاققا يېقىنلاپ قالغان كېمىنىڭ باش ـ ئايىغىغا ، دۆڭ ـ چوڭقۇرى تونۇش بولۇپ كەتكەن دەرياغا قاراپ كۆڭلى جايىغا چۈشتى.

سەۋر ـ تاقىتى قالمىغان يىگىت ھەر باھاردا دەريا سۈيى تارتىلىپ ئازلاپ قالغاندا ، ئادەتتىكىدىن خېلى بەك تارلىشىپ قالىدىغان ئېقىنغا كېمىلىرىنى تىزىپ كۆۋرۈك سالاتتى . ئىككى قىرغاقنى تۇتاشتۇراتتى . لېكىن ھاۋانىڭ ئىسسىشى بىلەن ئۇلغىيىپ قالغان سۇ بەئەينى بىر قولۋاقنى ئېقىتىپ كەتكەندەك كۆۋرۈكنى بۇزۇۋېتەتتى . يىگىت بولسا يەنە كۆۋرۈك ياسايتتى . رەھىمسىز ئېقىن ئۇنىڭ كۆۋرۈكىنى يەنە ئېقىتىپ كېتەتتى ، خۇددى گۈلبىلىقنى ئېقىتىپ كەتكەندەك! شۇ تەرىقىدە ئۆتكەن ھايات ئۇنى ياشلىقنىڭ قىران چاغلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ ئاستا ـ ئاستا ئوتتۇرا ياشلىق مەزگىلىدىن قېرىلىق چاغلىرىغا يېتىلەپ ماڭدى . تىنىمسىز ھالدا دولقۇنلار بىلەن ئېلىشىش بەدىلىگە مۈشكۈللەرنى ئاسان قىلىپ ئەلگە قىلغان خىزمىتىدىن باشقا ، ئۆركەشلەپ ئۆتۈپ كەتكەن دولقۇنلاردەك ھاياتلىقتا ھېچقانداق ئىزى قالمىدى . جەبىر ـ جاپا ئىچىدە ئۆتكەن ، قېرىغان ئاتا ـ ئانىسىنىمۇ ئاشۇ يىللار داۋامىدا ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىپ قويدى . بۇنداقلا ئۆتۈپ كېتىشكە كۆڭلى قىيمىغان بوۋاي دولقۇنلارغا قاراپ خىتاب قىلدى:

— كۆۋرۈك! كۆۋرۈك! مەن بىر كۆۋرۈك سېلىشىم كېرەك ئىدى... مەن كۆۋرۈك سالىمەن! مەن دەرياغا كۆۋرۈك سالىمەن...!

دەرياغا كۆۋرۈك سېلىش ئۇنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى بولۇپ قالدى . دەرياغا كۆۋرۈك سېلىش بوۋاينىڭ بوۋىسىنىڭمۇ ئارمانى ئىدى.

ھالبۇكى ، شۇنچە ئۇلۇغ دەرياغا قۇرۇق قول كۆۋرۈك سالغىلى بولمايتتى . ئۇنىڭ ئۈچۈن پۇل كېرەك بولاتتى .

ئەمدى پەقەت پۇللا ئۇنىڭ ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇ-رالايتتى.

— مەن دەرياغا كۆۋرۈك سالىمەن! كۆۋرۈك سالى-مەن! — بىر ئۆمۈر دېڭىزدەك بىكارغا ئىشلەپ، قايغۇلۇق كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرغان، يىگىتلىكىدە تۇتاشقان ھىجران ئوتىنى پەسەيتىشكە تىرىشقان بوۋاي، كېمىدىن ئۆتكۈ-چىلەرگە مۇراجىئەت قىلدى. بەزىلەر بىردە دولقۇن يې-رىپ ئېقىۋاتقان كەڭ دەريا سۈيىگە، بىردە بوۋاينىڭ كۆزلىرىگە قاراپ ئۇنى ئاشىقلىقتا ساراڭ بولدىمىكىن دېيىشىپ قالدى. كۆپ ساندىكى كىشىلەر بولسا «ئىرادە قىلسا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش يوق» دېيىشىپ، دەر-يادىن ئۆتكۈچە بوۋايغا خەيرلىك نىيىتى، ئالىي تىلىكى ئۈچۈن، ئاسايىشلىقى ئۈچۈن، خالىس قاتناپ كەلگەن كېمە ئۆز ئىگىسىنىڭ ئۆمرى ئاخىرلاشقان يىللاردىكى تىلىكى ئۈچۈن پۇل تاپىدىغان كېمىگە ئايلاندى. پۇل تېپىش يوللىرى ئېچىۋېتىلىپ بازارلار ئاۋاتلاشقاندىن كېيىن، ئۇ يەنە شاگىرتلىرىغا دەريادا ئالتۇن چايقاشنى ئۆگەتتى. بۇ ئاتا كەسىپ يەنە بوۋاينىڭ يۈزىنى ئۇ دۇن-يا ـ بۇ دۇنيا يورۇق قىلاتتى ھەم ھەر يىلى يازدا خېلى كۆپ پۇل تاپقىلى بولاتتى.

ھايات شۇنداق ئۆتمەكتە ئىدى.

بىر كۈنى قولىدىكى پۇللىرىنى رەتلەپ، ئاز ـ تولا قانائەت ھاسىل قىلغان بوۋاي، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا تىلىكىنى بايان قىلىپ ئىجازەت ئېلىش ئۈچۈن تەييار-لىنىۋېدى، بىرمۇنچىلىغان كاتتا كىشىلەر دەريا بويىغا يېتىپ كېلىشتى. بوۋاي ئۇلارنى «پىكاپلاردىن چۈشۈپ قارشى قىرغاققا ئۆتسە كېرەك. شۇنداق بولۇپ قالسا، كۆڭلۈمگە پۈككەن ئارزۇيۇمنى ئېيتىپ ياردەم تەلەپ قى-لارمەن» دەپ ئويلىدى. ئەمما ئۇلار دەريادىن ئۆتۈش ئە-مەس، دەل ئاشۇ دەرياغا كۆۋرۈك سېلىش ئىشىنى پىلان-لىغىلى كېلىشىپتۇ. قارىغاندا ئۆمرى دەريادا ئۆتكەن بوۋاينىڭ، ئىككى قىرغاقتىكى نەچچە يۈزمىڭلىغان خەلقنىڭ مەڭگۈلۈك تىلىكى يەتكەندەك قىلاتتى.

— مەنمۇ كۆۋرۈكنىڭ بىر تال تېشى بولاي!

داغدۇغا، كۆۋرۈككە ئۇل تاش بېسىلغان كۈنى بوۋاي يىققان، تاپقان ـ تەرگەن روزىغارىنىڭ ھەممىسىنى ئوت-تۇرىغا تۆكتى. بۇ ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك ۋاپادارى گۈلبېلىققا بىلدۈرگەن سەمىمىي ساداقىتى ئىدى. ۋىسال پەيتى ئۈ-چۈن تەلمۈرگەن ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ بەختى ئۈچۈن كۆۋرۈك بولغىنى ئىدى...

بېلىقچى قۇشتەك كېمىنىڭ تۇمشۇقىغا قونۇپ، سۇ



قايناملىرى ئىچىگە قادىلىپ ئولتۇرغان بوۋاي سۇ يالىغان تاشتەك قاپارغان قوللىرىنى پېشانىسىگە سايىۋەن قىلىپ، ئېقىننىڭ يۇقىرىسىغا نەزەر تاشلىدى. ئىككى قىرغاقنى تۇتاشتۇرغان ئۇزۇن، كەڭ، مەزمۇت بېتون قۇرۇلمىلىق كۆۋرۈكتە ئىككى بالا بىر ـ بىرىگە قاراپ يۈگۈرۈشۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار كۆۋرۈكنىڭ ئىككى بېشىدىن كەل-گەنىدى.

— كۆۋرۈك ئاخىر پۈتۈپتۇ ـ دە! — دېدى بوۋاي.

ئۇ بىر ـ بىرىگە قاراپ قىن ـ قىنىغا پاتماي يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان چوڭچوڭرە بادام دوپپىلىق ئوغۇل بىلەن قىرىق ئۆرۈمە چاچلىق قىزغا قاراپ ئىچ ـ ئىچىدىن ھاياجانلاندى. بۇ ئۇنىڭ يېرىم ئەسىردىن بۇيان تۇنجى قېتىم چېھرىگە كۈلكە يۈگۈرتۈشى ئىدى. راست، ئۇ ھەقىقىي رازىمەن-لىك بىلەن كۈلدى. شۇ تاپتا ئۇ گۈلبېلىق بىلەن قۇچاق ئېچىپ كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا — دەريا دولقۇنلىرى-نىڭ ئۈستىدە بىر ـ بىرىگە قاراپ ئېتىلغانىدى.

كۆۋرۈك پۈتتى.

كېمە قىرغاققا چىقتى.

قاياقتىندۇر مۇڭ ـ ھەسرەتكە تولغان بىر ئاۋاز ئاڭ-لاندى:

«يايرىم سېنى ئويلىماي ئۆتمىگەن بىر كۈنۈم يوق،
ۋىسالىڭنى سېغىنىپ كۈتمىگەن بىر تۈنۈم يوق.
جۇدالىقدۇ ئەمدى كىم، ھېچ قالمىدى تاقىتىم،
سېنى سۆيۈپ چارچىغان بۇ يۈرەككە تىنىم يوق».

بوشاپ قالغان كېمىدە يالغۇزلا ئولتۇرۇپ قالغان بوۋاي بېشىنى كۆتۈرۈپ ناخشا ئاڭلانغان تەرەپكە قارىدى. ياپ-يېشىل چىملىق ساھىلدا، ئۆركەشلەۋاتقان دەريا دول-قۇنلىرىغا تىكىلىپ ئولتۇرغان بىر يىگىت تولىمۇ مىس-كىن ئاھاڭدا يۇقىرىقى مىسرالارنى تەكرارلاۋاتاتتى. ناخشىنى ئاڭلاپ كۆڭلى يەنە غېرىبلىققا ئەسىر بولغان بوۋاي دەريا دولقۇنلىرىغا قاراپ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى:

— تووا، بۇ يىگىت مەن ئېيتىپ تۈگىتەلمىگەن ناخشىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتامدۇ، قانداق؟!

يېڭى بىر كۈننىڭ قاينام ـ تاشقىنى باشلاندى. «بەخت كۆۋرۈكى»نىڭ تويى ئۈچۈن چېپىشىپ يۈرگەن كىشىلەر بەختى بوۋاينىڭمۇ، ئۇنىڭ كېمىسىنىڭمۇ يوقلۇقىنى بايقىدى.

بوۋاي، ياق... يىگىت شۇ كېچىسى كېمىسىنى ئې-قىنىغا قويۇپ بېرىپ، گۈلبېلىقنى ئىزدەپ كەتكەن رەھىمسىز دولقۇنلار بىلەن يىراقلارغا كەتكەنىدى

تەھرىرلىگۈچى: **ئەكبەر سالىھ**



# مېنىڭ قوشنام

(هېكايە)

غەيرەت ئاسىم

ناشتىدىن كېيىن قوتاننى تازىلاۋاتاتتىم . ئوقۇرنىڭ ئۈستىدە بىر ـ بىرى بىلەن ئوينىشىۋاتقان ياۋا كەپتەرلەر هويلىدا ئازادە مېڭىپ يۈرۈۋاتقان قويلىرىمنى يورۇتۇپ تۇرغان قۇياش نۇرلىرى بىلەن سۆيۈشۈۋاتاتتى . شۇ تاپتا قوشنام ئەمەتكام كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، ئەمەتكا ، ئۆيگە كىرەيلى، — دېدىم مەن قولۇمدىكى گۈرجەكنى تامغا يۆلەپ قويۇپ ، ئەمەتكامنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلىپ.

مەن ئەسلىدە ئەمەتكامنى ئۆيگە كىرمەسمىكىن دەپ ، تۇرغان يېرىمدىن مىدىرلىمىغانىدىم . قارىسام ، ئەمەتكام ئۆي تەرەپكە قاراپ قەدەم تاشلىدى . مەنمۇ چاندۇرماي چوڭ قەدەم تاشلاپ ئۇنى ئۆيگە باشلىدىم.

ئەمەتكام ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ، ئەنسىز كۆزلىرى بىلەن ماڭا بىر قارىدى . ئاندىن ئۇ ئادىتى بويىچە شاپ بۇرۇتىنى بىر تۈزەشتۇرۇۋېلىپ ، قويلىرىمنى بىر قۇر ماختاپ قويدى ـ دە:

— ئاتىڭىزنىڭ دۇئاسىنى ئالغان ئادەم ئىكەنسىز باشلىق ، مانا ئەمدى بىزگە باشلىق بولۇپ سايلاندىڭىز . بىر قويىڭىز ئون بولىدۇ دېگەن گەپ . چوڭ ئامەت بۇ باشلىق ، خوتۇن ئالغاندىنمۇ چوڭ ئىش بۇ باشلىق . ئەمدى تارانچى ، قەشقەرلىك... دەيدىغان گەپلىرىڭىزنى ئازراق قىلارسىز ، بىزگىمۇ قاراپ قويۇڭ باشلىق ، نامەزىمدا دۇئا قىلىپ تۇرىمەن... — دېدى ئۇ ئەنسىز كۆزلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ.

— مېنى ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ ئەمەتكا ، مېنىڭ ئاغزىمنىڭ يېلى بولمىغىنى بىلەن ئەمەلىيىتىم خېلى دۇرۇس ئادەم ، قوشنىڭىزدىن ئەنسىرەۋاتامسىز؟ — دېدىم مەن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— شۇنداق بولسىمۇ باشلىق ، ئادەم بىر قىسىم بولۇپ قالىدىكەن ، باشلىق دېگەن نېمىلا قىلسا باشلىق ـ دە ، مەن ئۆزۈم لۈم ـ لۈم بولغىنىم بىلەن خېلى جىق ئىش كۆرگەن ئادەم . هوقۇق دېگەن يامان نەرسە . سەل مۇگىدەپ قالغان ئادەمنى قىڭغىر يولغا باشلاپ قويىدۇ . ئاخشام كېچىچە سىزنى چۈشەپ چىقتىم باشلىق ، ماڭا ئاپئاق بىر دۇلدۇل تەقدىم قىلىپسىز ، قاراڭ ئۇكام ، مەن: «هۆرمەتلىك باشلىق ، بۇ دۇلدۇلنى قەيەردىن ئەكەلدىڭىز؟» دېسەم ، سىز: «ئەمەتكا ، بۇ دۇلدۇلنى تونۇمىدىڭىزمۇ؟ بۇ ئۆز ۋاقتىدا سىز قەشقەردىن مىنىپ چىققان ئېشەكنىڭ كەينىگە كىرىۋالىدىغان هېلىقى ئاتتىن بولغان دۇلدۇل ئەمەسمۇ!» دېگۈدەكسىز قاراڭ . مەن ئامەت ، هەر نېمە بولسا مېنىڭ ئېشىكىمنى كۆرگەن ئاتتىن بولغان دۇلدۇل ئىكەن دەپ ئۇنى مىنىپ قەشقەرگە قاراپ يول ئاپتىمەن قاراڭ...

— هە ـ هە...

— يولدا ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتىم قاراڭ ، بىردىنلا ئېشەك هاڭرىغاندەك قىلدى ، شۇنىڭ بىلەن ئويغىنىپ كەتتىم...

— قويۇڭە ئاكا سىزنى ، بىر ئوبدان دۇلدۇلنى بەرسەم...

— ئېشەك دېگەن ئېشەكتە باشلىق ، كۆرەلمەيدۇ ـ دە...

مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كەتتىم.

www.uyghurkitap.com



— مېنىڭ ئەزەلدىن مۇشۇنداق تەلىيىم يوق باشلىق ، ئوگۈمدىمۇ ، چۈشۈمدىمۇ تەلىيىم يوق . قەشقەردىن چىققاندا ئاشۇ ئېغىلدىكى بىر ئېشەك بىلەن چىققان ، مۇشۇ كۈنگىچە نەچچە ئېشەك ئالماشتۇرغان بولسامىمۇ ئىككى بولمىدى ئۇ هاراملىق، — دېدى ئەمتىكام قايغۇرۇپ.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز ئاكا ، ئېشەكنىمۇ ئىككى بولمىدى دەپ قايغۇرغۇلۇقمۇ! يا كالا بولمىسا ئۇ ، قويۇڭە سىزنى.

— يا ئەمدى دەيمىنا باشلىق ، پەقەت راۋاج تاپماي كېتىۋاتىمەن ئەمەسمۇ باشلىق ، مۇشۇ كۈن ، مۇشۇ ئايلاردا!

— ئەمتىكا ، سىزگە بىر گەپنى دەپ قوياي ، مېنى باشلىق دەپ ئاتىسىڭىز بولمايدۇ ، يا ئىسمىمنى ئاتاڭ ، يا ئۇكا دەڭ! — دېدىم مەن جىددىي هالدا.

— خۇدايىم ساقلىسۇن باشلىق ، ئۇنداق دېمەڭ ، مەن يۇرتتا باشلىقنى باشلىق دەپ چاقىرماي يۈرنۈمغا يەپ ، كىشىنىڭ يۇرتىغا مۇساپىر بولۇپ قالغان ئادەم...

— ئۇ دېگەن قەشقەر ئاكا ، غۇلجا دېگەن غۇلجا ، بۇ يۇرتتا چوڭنى ئاكا ، كىچىكنى ئۇكا دەيمىز.

— توخۇ بىلگىنىنى چىللايدۇ دەپتىكەن باشلىق ، شۇڭا مەن ئۆزۈمنىڭ بىلگىنىنى دەي... سىزنى باشلىق دەپ ئاتىسام ئۆزۈم خاتىرجەم يۈرىمەنكەن . خوش ، ئەمدى بىر ئىلتىماس بىلەن ئالدىڭىزغا كىرگەنىدىم باشلىق ، ئاڭلىسام يېزىلىق هۆكۈمەتكە نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن پۇل كەلگەنمىش ، يەنە ئاڭلىسام ئۇ پۇلنى يەرلىك تارانچىلارغا كالا ، قوي ئېلىپ بېقىشقا بېرەرمىش ، شۇ پۇلدىن بولسا بىر بىزدەك تارانچىراق بولۇپ قالغان قەشقەرلىكلەرگە ئازراق بېرىپ تۇرغان بولسىڭىز...

ئەمتىكام بىردىنلا بىچارە قىياپەتكە كىرىۋالدى . ئۇ ئەنسىز كۆزلىرى بىلەن ماڭا يەنە بىر قارىۋالدى ، مەن كۈلۈپ كەتتىم.

— بايام تېخى مېنى يۇرتۋازلىق قىلماڭ دەۋاتاتتىڭىز ، مانا ئەمدى ئۆزىڭىز تارانچىراق ، قەشقەرلىكرەك دېگىلى تۇردىڭىزغۇ!

— بۇ يۇرتۋازلىق دېگەن بۇرۇنمۇ تۈگىمىگەن . بۇنىڭدىن كېيىنمۇ تۈگىمەيدۇ ، قاراڭ باشلىق . مەن ماڭا كالا ئېلىپ بەرسە ، قوي ئېلىپ بەرسە دېمەيمەن ، بىرەر يۈز چۈجە ئېلىپ بەرگەن بولساڭلار... ئەتە ـ ئاخشام سايرىشىپ...

— چۈجە؟ قانداقلارچە چۈجە باققىڭىز كېلىپ قالدى؟

— چۈجە دەپ كۆزگە ئىلمىغان بىلەن تۆت كۈندە توخۇ بولىدۇ ، قاراڭ باشلىق . تۇخۇمى ياخشى ، ئۆز ۋاقتىدا يۇرتتا خېلى جىق توخۇ باققان . تۇخۇمى بەك جانغا ئەسقاتىدۇ ئەمەسما! ئەتە ـ ئاخشاملىرى خوتۇن ئۇخلاپ قالغاندا ئوچاقنىڭ بېقىنىغا تۆت تۇخۇم كۆمۈپ قويسام بىردەمدىلا پىشىدۇ قاراڭ ، ئانام بىلەن دادامنى ئاستا ئويغىتىپ ئىككىدىن يېگۈزۈۋالىمەن ئەمەسما!

مەن كۈلۈپ كەتتىم.

— بۇ ئويلىرىڭىز بولىدىكەن ئەمتىكا ، قەشقەرلىكلەر ئايالدىن قورقمايدىغان ، بىراق سىززە بوش چىقىپ قالدىڭىز ـ دە ، ئاكا! — دېدىم مەن ئەمتىكامنى گەپكە سېلىپ.

— ئېشەكمۇ 360 كۈن هاڭراۋەرمەيدۇ باشلىق ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەردە هاڭرىغان ئېشەك ئىلىدا هاڭرىمايدىكەن ئەمەسما! نىساخان ئاچچىڭىز يۇرتتا ئۇنداق ئەمەس ئىدى ، بىر ۋارقىراپ قويسام هەپتە كەينىمدە ئولتۇرۇپ مەندىن ئاشقان ئاشنى تېرىپ يەيتتى . مۇشۇ ئىلىغا چىققاندىن كېيىن دودەنلىشىۋالدى قاراڭ ، مۇشۇ ئىلىخونىڭ سۈيى يامان ئىكەن . مۇشۇ ئەتكەن چاي دېگەن خوتۇنلارنى يۈرەكلىك قىلىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ . يۇرتتا بولىدىغان بولسا بۇنداق خوتۇننى ئاللىقاچان ئەخلەت بىلەن بىللە تاشلىۋەتمەمدىغان!

— شۇنىڭغا قارىغاندا نىساخېنىمدەم بوۋاي بىلەن مومايغا ياخشى قارىمايدىغان ئوخشىمامدۇ؟

— مەن بار ۋاقىتتا بىرنېمە دېيەلمەيدۇ ، مەن يوق ۋاقىتتا ئانام بىلەن دادامغا چاي بېرىپ ئۆزى ئوغرىلىقچە مانتا ئېتىپ يەيدىغان ئوخشايدۇ بۇ خوتۇن.

— خوتۇندىن تەلىيىڭىز كەلمىگەن ئادەمغۇ سىز ،— دېدىم مەن ئەمتىكامنى گەپكە سېلىش ئۈچۈن.

— نىساخان تازنى قوشقاندا بەش خوتۇن ئېلىپ بولدۇم . ئىشقىلىپ شۇ ئالتىنچىسىنى ياخشى چىقىپ قالارمىكىن دەيدىغان ئويۇممۇ بار ئەمدى . ئىلىخودا ئەمدى هەممە ئىش ئاسان ئىكەن ، مۇشۇ خوتۇن ئالماق بەك تەس ئىكەن ، بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ئاسانلىقچە ئاجراشمايدىكەن ئەمەسما... بىر ئۆمۈر بىرلا خوتۇن بىلەن هەپىلىشىپ زېرىكمەيدىكەن بۇ ئادەملەر.

مەن كۈلۈپ كەتتىم.

— چۈجە دېگەننىڭ جېدىلى تولا ئەمتىكا ، قاملاشتۇرالامسىزمىكىن...

— خاتىرجەم بولۇڭ باشلىق ، خورازلىرىنى چىللىتىپ ، مېكىيانلىرىنى كاكىلدىتىپ كۆڭۈلدىكىدەك باقمەن زادى، — دېدى ئەمتىكام شاپ بۇرۇتلىرىنى تولەشتۇرۇپ.

— ئەمىسە ، مەن يېزا باشلىقىغا دەپ باقاي.

— سىز بىرنېمە دېسىڭىز ئۇلار ياق دېمەيدۇ . مەن ھېلىقىدەك «مەندىن يانمىسا خۇدادىن يانا» دەپ قاراپ ئولتۇرىدىغان موتلاردىن ئەمەس ، ئۆزۈم لۆم ـ لۆم بولغىنىم بىلەن ھەممە ئىشنى بىلىمەن . خۇدايىم بۇيرۇسا توخۇ باققاندا كۈندە ئىككى تۇخۇمنى ئۆزلىرىگە يوشۇرۇن ئەكىرىپ بېرىمەن ـ ھە ، باشلىق دېگەننىڭ تۇخۇم بېرىپ تۇرغۇلۇق...

— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز ئەمتىكا ، يوق توخۇنىڭ تۇخۇمىنى...

— ئۇنداق دېمەڭ باشلىق ، كۆڭلىڭىزدە نېمە بولسا ئەمەلىيىتىڭىزدە شۇنى كۆرىسىز...

مەن ئەمتىكامنى ئۇزىتىپ قويدۇم . ئۇ «ئېتىزغا بارىمەن» دەپ مەن بىلەن خوشلاشتى . ئۆزۈمنىڭمۇ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بارىدىغان ئىشىم بار ئىدى . موتىسىكلىتنى مىنىپ يېزىلىق ھۆكۈمەتكە باردىم . ئىشىمنى



پۈتتۈرۈپ بولۇپ ، ئاخىرىدا باشقىلارغا ئەمتىكامنىڭ تەلپىنى ئېيتتىم.

— يۈز چۈجىنىڭ گېپىنىمۇ بىزگە قىلامسەن ئەركىن؟ يۈز قوي ، يۈز كالا ، يۈز ئايروپىلان دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ كەلمەمسەن بىزنىڭ ئالدىمىزغا، — دېدى يېزا باشلىقى ئەخمەتجان ۋارقىراپ.

«پو دېگەننى زەي سالماي ئاتىدۇ ـ دە ، بۇ ئاداش» دېدىم ئىچىمدە يېزا باشلىقى ئەخمەتجانغا قاراپ.

— ھە ، گەپ قىلمايسەنغۇ؟ — دېدى ئەخمەتجان.

— مەيلى يۈز چۈجە بولسۇن ، ئون چۈجە بولسۇن يۇقىرىدىن كەلگەن پۇلدىن بېرىشىڭلار كېرەككىغۇ! — دېدىم مەن.

— خوتەنلىكتىن جاھىل نەرسىدە سەن . يەنە دېسە يەنە شۇ گەپ . كەنتتىن يۈز چۈجىگە پۇل چىقىرالمامسەن! — دېدى ئەخمەتجان ۋارقىراپ.

— كەنتنىڭ پۇلىدىن ئىشلەتسەم ، ئارقىدىن ھەممىسى يۇگۈرۈپ كەلسە قانداق قىلىمەن؟

— گەپنى ئاز قىلىپ كاسسىرغا كىرىپ پۇلۇڭنى ئالماڭ... توخۇ بېقىشنى بىلەمدۇ ئۇ نېمەڭ؟

— ئۆگەتمەمدۇق.

— ئۆگەت ، ئۇ نېمىلىرىڭ توخۇ باقالىسا ھازىرغىچە نامرات پېتى يۈرەمتى .

مەن كەنت باشلىقىدىن پۇل ھۆججىتىنى تەستىقلىتىپ كاسسىردىن پۇلنى ئالدىم . ئاندىن كەنتكە قايتىپ بېرىپ ، پۇلنى كەنتنىڭ بوغالتىرىغا بەردىم . بوغالتىر ئۈچ كۈندىن كېيىن خېلى چوڭ چۈجىلەردىن يۈزنى سېتىۋېلىپ ، ئەمتىكامغا ئەكىرىپ بەردى.

— رەھمەت باشلىق ، مانا ئەمدى مەن ھاللىق سەۋىيىگە يېتىمەن . يۈز چۈجىدىن يۈز توخۇ قىلىمەن . يۈز توخۇنى مىڭ قىلىمەن، — دېدى ئەمتىكام خۇشال بولۇپ.

ئەمتىكام ئالدىراش بولۇپ كەتتى . ئۇ كۈندۈزى ئېتىزنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولسا ، ئەتە ـ ئاخشاملىرى چۈجىلىرىنىڭ غېمى بىلەن بولدى . ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى ئىدى . لېكىن ، ئايالى نىساخان ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا ماسلاشمىدى.

— ئەر كىشى دېگەن مۇنداق كالا ، قوي دېگەندەك ماللارنى باقمامدۇ . توخۇ دېگەننى كىچىك بالا بېقىپ ئوينايدىغان نەرسە تۇرسا، — دەيتتى ئۇ ، ئەمتىكامنىڭ

TANGRITAG LITERATURE

چىشىغا تېگىپ . بۇنداق ۋاقىتتا ئەمتىكام ئاغزىنى بۇزۇپ ئايالىنى تىللاپ كېتەتتى.

ــــ ھەي ، ئانىسى بىلەن نان تالىشىپ يەيدىغان تېزەكچى ، ھېلى تىلىڭنى كېسىپ بۇرنىڭغا تىقىپ قويىمەن، ــــ دەپ تىللاپ كېتەتتى ئۇ ئايالىنى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە ئايالىم نان ياقماقچى بولدى ، مەن ئېغىلنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تونۇرنىڭ ئالدىغا شاخ تاشلاۋاتاتتىم . ئىشىمنى تۈگىتىپ چۈشۈپ كېتەي دەپ شوتىنىڭ ئالدىغا كېلىشىمگە ، ئەمتىكامنى كۆرۈپ قالدىم . قولىدا چوڭ بىر گۈرجەك ، گۈرجەكتە لىق ئۆلۈك چۈجە . ئۇ چۈجىلەرنى دەرۋازىنىڭ ئالدىدىكى ئوغۇتنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ كۆمۈۋەتتى . مەن ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى كۆرۈپ ، ئىتتىك شوتىدىن چۈشۈپ دەرۋازىدىن چىقىپ ، ئۇنىڭ قورۇسىغا كىردىم.

ــــ ھە ، ئەمتىكا ، چۈجىلىرىڭىز ئامان ـ ئېسەنمۇ؟ ــــ دېدىم مەن چاندۇرماي.

ــــ يامان ئەمەس باشلىق ، دانىنى ئوبدان يەۋاتىدۇ ، سۇنىمۇ ئوبدان ئىچىۋاتىدۇ ، تۈكلىرى كۈندىن ـ كۈنگە پارقىراپ قالدى ، خۇدايىم بۇيرۇسا يەنە بىر ئايدىن كېيىن توخۇ بولۇپ قالىدۇ . خورازلىرىغا قارىغاندا مېكىيانلىرى جىق چىقتى باشلىق بۇ چۈجىلەرنىڭ ، بۇمۇ سىزنىڭ ئىلتىپاتىڭىز بىلەن بولاۋاتقان ئىشلارغۇ بۇ باشلىق...

ــــ چۈجىلەرنى توخۇ قىلماق تەس . بەك ھۈنەر تەلەپ قىلىدىغان ئوقەت بۇ . مەن سىزگە يېزىدىن كېسەلنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئوكۇل ئەكېلىپ بېرەي . چۈجىلەرگە ئوكۇل سېلىۋېتەيلى!

ــــ ئوكۇل دەمسىز؟ چۈجىگىمۇ ئوكۇل سالامدۇ؟

ــــ ئوكۇل سالمىساق كېسەل بولۇپ ئۆلىدۇ ئەمەسمۇ.

ــــ ھەممىسىغۇ ئۆلۈپ كەتمەس باشلىق؟ ئوكۇلنىمۇ بىكارغا بېرەمدۇ يا؟ ــــ دېدى ئەمتىكام ئەنسىز كۆزلىرىنى ئوينىتىپ.

ــــ ئوكۇلنى بىكارغا بېرىدىغان ئىش يوق ئەمتىكا ، ئۆزىڭىز سېتىۋالىسىز.

ــــ ئەمىسە ئالدىرىماي باشلىق ، بىر ئايدىن كېيىن توخۇ بولغاندا سالسامۇ ئۈلگۈرىمەن تېخى، ــــ دېدى ئەمتىكام.

ــــ ئەمىسە ئۆزىڭىز بىلىڭ ئەمتىكا، ــــ دېدىم ـ دە ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ قورۇسىدىن چىقىپ كەتتىم.

ئايالى نىساخېنىمدەم مېنى ئۇزىتىپ چىقتى.

ــــ بىزنىڭ ساراڭغا بىر گەپ قىلىپ قويغان بولسىلا بوپتىكەن باشلىق . بۇ لۈم ـ لۈم توخۇ باقالمايدۇ ، يېرىم كېچىدە توخۇلىرىنى ساناپ جۆيلۈيدىغان بولۇپ قالدى . مۇشۇنداق كېتىۋەرسە تۆت كۈندە ساراڭ بولۇپ قالىدۇ . بۇ تەتۈر ئىشتان كوچىغا چىقىپ كەتسە مەن ئاۋۇ تىللىرىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ مېنى قارغايدىغان جادۇگەر دادىسى بىلەن ئانىسىنى قانداق باقىمەن دېسىلە...

ــــ توخۇلارغا ئوكۇل سېلىۋېتەيلى دېسەم ئۇنىمايۋاتىدۇ ، ئوكۇل سالمىساق توخۇلار كېسەل بولۇپ ئۆلىدۇ، ــــ دېدىم مەن.

ــــ توخۇلار ئۆلسە ئۆلسۇن باشلىق . ئاۋۇ بىزنىڭ قېرى بىرنېمە بولۇپ قالسا كىشىنىڭ يۇرتىدا تۇگەشكىنىم شۇ ، ئوكۇلنى قېرىغا سالساق بولاتتى، ــــ دېدى نىساخېنىمدەم كۈلۈپ.

مەن كۈلگىنىمچە ئۆيگە كىرىپ كەتتىم.

كۈنلەر ئۆتتۈۋەردى ، دېگەندەك ئەمتىكام توخۇلىرىنى تازا بېقىپ كېتەلمىدى . توخۇلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۆلۈپ تۈگىدى . شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ ياشىنىپ قالغان دادىسى ئالەمدىن ئۆتتى . بوۋاي يېرىم كېچىدە كۆز يۇمغانىدى . ئەمتىكام سەھەردە ھازا ئېچىپ ، ئۈن سېلىپ «دادىكام ، ھەي دادىكام» دەپ يىغىسىنى باشلىدى . مەن دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ئۆلۈمگە كىرگەن جامائەتلەرنى ئۇزىتىۋاتاتتىم . ئەمتىكام ئاستا قېشىمغا كېلىپ ، قولۇمدىن تۇتۇپ مېنى بىزنىڭ قورۇغا ئەكىردى.

ــــ ئەمدى باشلىق سىزدىن باشقا ئادىمىم يوق ، دادام رەھمەتلىك قىشچە كۈنگە ئىككى تەخسىدىن لەغمەن يەپ ياتاتتى . ئورمىغا ئۈلگۈرۈپ ئۆلۈپ بېرىدىغىنىنى بىلمەپتىمەن . ئەمدى يەتتە نەزىرىسىنى بېرىپ بولغۇچە ئېتىزغا چىققىلى بولمايدۇ ، شۇ ۋاقىتچە ھېلىقى بۇغداي ئورۇيدىغان كومبايىن دەيدىغان نەرسە مەھەللىدىن كېتىپ قالاما؟ ــــ دېدى ئۇ ئەنسىز كۆزلىرى بىلەن ماڭا قاراپ.

ــــ خاتىرجەم بولۇڭ ئەمتىكا ، بۇغدىيىڭىزغا مەن مەسئۇل بولىمەن ، مەن ئورۇنلاشتۇراي ، ئەتىلا سىزنىڭ بۇغدىيىڭىزغا چۈشسۇن.

ــــ رەھمەت باشلىق ، داۋاملىق نامىزىمدا سىزگە دۇئا قىلىۋاتىمەن...

بىز ئەمتىكامنىڭ دادىسىنى بىنەمگە ئاچىقىپ كۆمۈپ قويدۇق . رەھمەتلىك ھايات ۋاقتىدا كەپتەر بېقىشقا

ئامراق ئىدى ھەم نۇرغۇنلىغان كەپتەرلىرى بار ئىدى . ياشلار جىنازىنى كۆتۈرۈپ مەھەللىدىن بىنەمگە قاراپ ماڭغاندا ، رەھمەتلىكنىڭ كەپتەرلىرى جىنازىنىڭ ئۇستىدە پەرۋاز قىلدى ، كەپتەرلەرمۇ ئىگىسى ئۈچۈن ماتەم تۇتتى.

كۈنلەر ئۆتتۈەردى . كۈز كەلگەندە ئەمتىكامنىڭ بىقىۋاتقان توخۇلىرىدىن ئۆلۈپ يىگىرمە نەچچىسى قالدى . مەن «ئەمتىكامغا ئەمدى بۇ توخۇلارنى سېتىۋېتىڭ ، ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى ، سىز توخۇ باقالمايدىغان بولۇپ چىقتىڭىز» دەپ مەسلىھەت بەردىم ، لېكىن ئەمتىكام ئۇنىمىدى.

— ئۇنداق دېسىڭىز بولمايدۇ باشلىق ، يۈز چۈجىدىن يىگىرمە توخۇ قالدى . ئەمدى تۇخۇم تۇغىدىغان ۋاقىتتا ئۇلارنى سېتىۋەتسەم بولمايدۇ، — دېدى ئەمتىكام.

— ئىختىيارىڭىز، — دېدىم مەن.

جۈمە كۈنى سەھەردە بىرسى دەرۋازىنى ئۇردى . مەن ئالدىراپ چىقىپ دەرۋازىنى ئاچتىم ، ئەمتىكام ئىكەن . ئۇ «ئانامنىڭ ئەھۋالى ياخشى ئەمەس ، ئۆيگە چىققان بولسىڭىز» دېدى . مەن ماقۇل دەپ كەينىمگە ياندىم . چاپانلىرىمنى تۈزەشتۈرۈپ كىيىپ ، يۈز ـ كۆزلىرىمنى يۇيۇپ ئەمتىكامنىڭ ئۆيىگە كىردىم.

ئەمتىكامنىڭ ئاپىسى سەكراتقا چۈشۈپ قالغانىكەن . مەن مومايىنىڭ قېشىدا بىردەم ئولتۇردۇم . ئاندىن ئەمتىكام مېنى باشقا بىر ئۆيگە باشلىدى . مەن ئولتۇرۇپ تۇرۇشۇمغا ، ئەمتىكامنىڭ ئايالى نىساخېنىمدەم ئۆيگە كىرىپ كەلدى . ئۇ شەرەت بىلەن ئەمتىكامنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كەتتى . ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى.

مەن ئورنۇمدىن تۇرۇشۇمغا ئەمتىكام قايتىپ كەلدى . ئۇ مېنى قۇچاقلاپ يىغلىدى . مەن «سەۋر قىلىڭ ئەمتىكا» دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئۇنى پەس قىلدىم.

— باشلىق ، بىر يىل ئىچىدە مەن ئانام بىلەن دادامدىن ئايرىلىپ قالدىم ، مۇشۇ ئەزرائىل بىزنىڭ ھويلىدىن باشقا يەرگە بارمامدىغاندۇ؟ — دېدى ئەمتىكام قايغۇرۇپ.

مەن كۆلۈۋەتكىلى تاس قالدىم . شۇنداق بولسىمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ ، ئۇنىڭغا تەسەللى بەردىم.

— خۇدادىن كەلدى ئەمتىكا ، ئەجەل ، بەيدىغان رىزقى شۇنچىلىك ، ئەلەكمۇللا دېمەي بولمايدۇ...

ئەمتىكام يىغلاپ ھويلىغا چىقىپ كەتتى . قوشنا ـ قولۇملار ھويلىدىكى يىغا ـ زارنى ئاڭلاپ ئەمتىكامنىڭ ھويلىسىغا بىر ـ ئىككىدىن يىغىلىشقا باشلىدى . ئەمتىكام بەك يىغلاپ كەتتى ، ئۇ دادىسى ئۆلگەندىمۇ بۇنداق يىغلىمىغانىدى.

بىز مومايىنى يەرلىكىدە قويۇۋەتتۇق . موماي ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، ئەمتىكامنىڭ قولى ئىشقا بارماي قالدى . ئۇ ھاڭۋېقىپ يۈرۈيدىغان بولۇپ قالدى ، توخۇلىرىمۇ ئۆلۈپ ئون نەچچىسى قالدى . قىسقىسى ، ئۇنىڭ قولى ئىشقا بارمايدىغان بولۇپ قالدى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ئەمتىكام بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم . ئۇ روھسىز ھالدا بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى . ئۇنىڭ ئەنسىز كۆزلىرى تېخىمۇ سەتلىشىپ كەتكەنىدى . بۇرۇتلىرىمۇ بۇرۇنقىدەك رەتلىك ئەمەس ، چېچىلىپ تۇراتتى.

— باشلىق ، بىر ئىشقا ھەيرانمەن ، خەقلەرنىڭ توخۇلىرى قونداقتا ياتسا مېنىڭ توخۇلىرىم يەردە ياتىدۇ يا؟ — دېدى ئۇ يەرگە قاراپ تۇرۇپ.

— ھەممىسى ئۆلۈپتىما؟ — دېدىم مەن جىددىيلىشىپ.

— تۇۋا ، خەق قوناق بېرىپ باقسا مەن بۇغداي بېرىپ باققان بۇ توخۇلارغا.

— ھەي ، بىر ـ ئىككى كۈن تۇرۇپ بەرگەن بولسىچۇ بۇ جانىۋارلار ، ئەتە يېزا باشلىقى ئەخمەتجان خىزمەت تەكشۈرۈپ كەلمەكچى بولغانىدى . ئۇ سىزنىڭ توخۇلىرىڭىزنى كۆرىمەن دېگەنىدى . «ئەمتىكامنىڭ توخۇلىرى ئۆلۈپ تۈگىدى» دېسەم ، نېمە دەر ئەمدى،— دېدىم مەن جىددىيلىشىپ.

— خىجىل بولماڭ باشلىق ، ئانىسى يوق نەرسىنى باققىلى بولمايدىكەن دەپ قويىمامسىز، — دېدى ئەمتىكام.

مەن كۈلۈپ كەتتىم.

— ئەمىسە ، سىزگە قوي ئېلىپ بەرسەك بولغۇدەك.

— ماۋۇ گېپىڭىز بولىدۇ باشلىق ، ماڭىمۇ ئىلىخونىڭ سۈيىنى ئىچكىلى خېلى بولدى ، مەنمۇ ئەمدى تارانچىراق بولۇپ قالدىم... ئەمدى مېنىمۇ قاتارغا قوشۇۋالساڭلار بولىدۇ، — دېدى ئەمتىكام . ئۇ بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى.

مەن كۈلۈپ كەتتىم ، ئەمتىكاممۇ كۈلۈپ كەتتى...

تەھرىرلىگۈچى: **ئەكبەر سالىھ**




## تاشلاندۇق شېئىر

ئۇنتۇپ كەتتى مېنى بۇ دۇنيا ،
ياشامدىم ـ ئۆلەمدىم ئاڭا بەرىبىر ،
مەن بەلكىم ھېچقانداق شائىر يازمىغان ،
ھېچكىمنىڭ ئېسىدە قالمىغان شېئىر .

پاتقاقلاردا جۇل ـ جۇل مىسرالار ،
تۆكۈرۈككىمۇ بولمىدى نېسىپ .
سۇلغۇن گۈلدەك تۇرسام بىر چەتتە ،
پاھىشخانىغا كىرىپ كەتكەن قىز ،
چېكىسىگە ئالمىدى قىسىپ .

خوراز چىللىمىدى مېنىڭ يېنىمدا ،
كۆز قىرىنى سالمىدى نورۇز بايرىمى .
مەن شېئىر توپلامىنىڭ بىر تال ۋارىقى ،
كۆيۈپ كەتكەن بېتىمنىڭ ھەتتا يېرىمى .

## چېگرا

قىرىق ياشلارغا كىرىپمۇ قالدىم ،
غازاڭ بولماقتا ئۆمرۈمنىڭ بېغى .
ئون سەككىز ياشلىق سىڭىلەك جېنىم ،
كۆكسۈڭگە يات قول تەگمىگەن تېخى .

چېگراسى ئېنىق ئىككى دۆلەت بىز ،
قاتناپ تۇرىدۇ ئەبجەخ ئاپتوۋۇز .
سەن مېنى بىر كۈن بېسىپ ئالەرسەن ،
قىلىپ قالارمەن مەنمۇ تاجاۋۇز .

## كېيىنكى توققۇز ئاي

ئۈچ ئاي ئالغىنىدا ئۆزىنى چەتكە ،
كېيىنكى توققۇز ئايدىن ئەسلا دېرەك يوق .
ئۆچۈشكە باشلىدى كۆزۈمدىكى ئوت ،
پەسىل ئايرىيالمىسام ئەمدى كېرەك يوق .

چىقماقچى بولدۇممەن قايتىدىن يولغا ،
كۆرۈندى گۈلدەكلا بىر دۆۋە ئەخلەت .
مەشرەپكە قاتناشقان توققۇز قىز ئېچرە ،
سەن مېنى پوتىدا ساۋىدىڭ پەقەت .

ئىشكىمنى چەكتىڭسەن توققۇز ئاي بۇرۇن ،
دېمەك ، ئالالايمىز پەرزەنتتىن ھوسۇل .
ئوغۇزخان ئوقۇپ قويسا نىكاھىمىزنى ،
تۇغارسەن توققۇز ئۇيغۇر ، ساق توققۇز ئوغۇل .

## مۇزلىغان باھار

تۇپراق يېرىپ بىخ سۇرگەن مايسا ،
بولۇپ قالغان تىلەمچى بالا .
بىخىل بايدەك كەگرى تەبىئەت ،
زاكات بەرمەس ئاڭا ئاز ـ تولا .

ئېتىز بېشى ھۇرۇنلار شەھرى ،
زىمىستاندىن بېرەر بېشارەت .
تەڭگە بولغان يوپۇرماقلارغا ،
مۇز تۇتۇپتۇ نېپىز بىر قەۋەت .

يېپىنغانچە جۇل ـ جۇل تونىنى ،
باش كۆتۈرمەي كېلىدۇ باھار .
ۋاپا قىلماس چېچەك جىلۋىسى ،
ئەمەس بەلكى يازمۇ ۋاپادار .

## تاللاش مۇمكىن

تۇغۇلغان كۈنۈمنى تاللىيالمىدىم ،
ئەمدى تاللاش مۇمكىنمۇ ئۆلۈم پەيتىنى .
ئوتتۇز سەككىزگە كىرىپمۇ قالدىم ،
چېقىپ بولالمىدىم هايات قەنتىنى .

ياخشى كۈنلەرنى تاللاش نە هاجەت ،
ناپاك كۈنلەرگىمۇ قىلمايمەن ھەۋەس .
بىراۋ تەقدىرىمنى بەلگىلەپ بوپتۇ ،
ئەي رەمبال ئۈنىڭنى ئۆچۈر ، بولدى بەس!

تاللىشىم مۇمكىن موللاقچى كەپتەر ،
چۈنكى بىر توپ ئىچىدە بولىدۇ بىرى .
ئېگىز ئۇچقان بالدۇر چۈشەر قاپقانغا ،
قالغانلىرى دان يېيىدىن كېتەلمەس نېرى .

## شائىر مۇختار بۇغراغا قارشى...

كۆپ ۋاقتىڭ ئۆتتى رادىئو دولقۇنلىرىدا ،
بەنت قىلدى سېنى ھەر ۋاقىت تېلېۋىزور قانىلى .
ۋەز ـ نەسىھەت «سۆيگۈ»دەك قەدىردان بولۇپ ،
سىلاپ ـ سىيپاپ ئۆتەلمىدى ئۇيغۇر شامىلى .

تونۇيالماي ئۆتتۈڭ ئۆزۈڭ ئۆزۈڭنى ،
ھەسرەت كۆزلىرىگە باقتىڭ بىپەرۋا .
رەقىبىڭ ئېتىڭنى ياسىداق قىلدى ،
دوستلىرىڭ ھەر تەرەپكە تارتتى ھارۋا .

ئەپسۇس ، باشقىلار كۆنگەنگە كۆندۈڭ ،
«ئەركەم» دېدىڭ ، لېكىن ئەركەڭ يوقالدى .
ھازىر كالپۇكسىمان خەنجىرىڭمۇ يوق ،
بەلكىم سېنى بىر قاراڭغۇلۇق قوينىغا ئالدى .

## مەن بىر ئوقيا

مەن بىر ئوقيا خارابىدىن قېزىۋېلىنغان ،
بەلكىم ئىشلەتكەن ئوغۇز ـ بۇغراخان
ۋە ياكى ئۆلتۈرگەن بىرەر تال توشقان
ۋە ياكى ئوۋلىغان تۈمەنلەپ قاپلان .
بەلكىم مېنى ئىشلەتكەن نامەلۇم ئوۋچى
ئۇ بەلكىم ئەما ۋە ياكى مەرگەن .

مەن بىر ئوقيا يۈرەككىلا بەتلەنگەن ،
بەلكىم ئورنۇم دوزاختىدۇر ياكى جەننەتتە .
ئەينەكلىك رامكىغا ئېلىنغىنىمدىن ،
تاشلىنىپ تۇرغۇنۇم ياخشى بىر چەتتە .

## گۆركار

گۆركارغا ئۇدۇللا يولۇقۇپ قالسام ،
بىر تامچە كۆز ياشتەك تىترەيمەن دىر ـ دىر .
مەن ئۈچۈن گۆرىمدە يېتىپ بەرمەس ئۇ ،
ئوڭمۇ كەلمەيدۇ سارغايغان تەقدىر .

ئىچكىرى، تاشقىرى كۆركەم قازناقلار ،
باغرىغا ئالىدۇ ئوماق جەسەتنى .
گۆركار مەكتەپنىڭ دەرۋازىۋىنىدەك ،
قوبۇل قىلمايدۇ چىن مۇھەببەتنى .

بىر كەتمەن توپىسى كەم قالسا گۆرنىڭ ،
ئېتىكىدە توشۇيدۇ شامال .
جەسەت ئۇزۇن بولسا قاتلايدۇ گۆركار ،
قىسقا بولسا كۆمەر ئۆز پېتى دەرھال .

TANGRITAG LITERATURE

# روھىمدىكى پەلەمپەي

### مۇختار سۇپۇرگى

## سېنى ئايغا ئوخشاتسام

كۆكتىن ماكان ئىزدىدىڭ ، سېنى ئايغا ئوخشاتسام ،
تەشنا قىلدىڭ ، لېۋىڭنى ھەسەل چايغا ئوخشاتسام .
جەننىتىدە چايان بار يارغا يالغان ئېيتقاننىڭ ،
چاكار كۆردۈڭ ئۆزۈڭگە ، سېنى بايغا ئوخشاتسام .

سۆيگۈ بەخت بەرمەمدۇ بىلسە مېھىر ـ ۋاپانى ،
قۇچىقىڭنى تار قىلدىڭ پاناھ جايغا ئوخشاتسام .
سۆيدۈرمىسەڭ ، سۆيگەننىڭ ئاھلىرىدا نە لەززەت؟
قېچىپ كەتتىڭ ، سېنى شوخ توسۇنتايغا ئوخشاتسام .

www.uyghurkitap.com



مەشۇق دېگەن ئاشىققا بولار ئىدى سايىۋەن ،
نېمە دەرسەن يار سېنى تاقىر سايغا ئوخشاتسام .
قوش قۇتۇپلۇق ئالەم بۇ جۇدۇن قىلما چېھرىڭنى ،
كېلەرمىدىڭ ئوت تىلەپ ، مۇز چىرايغا ئوخشاتسام .
يار دېمىسەم كۆيمەستىم ، لەھزە بولۇپ سۆيمەستىم ،
سۆيگۈ تىلەپ كېلەمسەن ، بىر گادايغا ئوخشاتسام .

## كەلمىدىڭ

ئۆتۈپ كەتتى نەچچە قىش ، باھار بولۇپ كەلمىدىڭ ،
مارجان ئەتتىم مېغىزدىن ، ئاسار بولۇپ كەلمىدىڭ .
غېرىبسىندىم ، ئاغرىدىم ، مەجنۇن قىلدى جۇدالىق ،
چۈشلىرىمدە قېشىمدا ياتار بولۇپ كەلمىدىڭ .
كۆكلىمىدە خەقلەرنىڭ گۈل ئېچىلدى ناتونۇش ،
ھېچبولمىسا سەلكىندە ئىپار بولۇپ كەلمىدىڭ .
كۆكۈل يالغۇز قالغاندىن ئىغىر كۈلپەت يوق ئىكەن ،
قونمىساڭمۇ كېلىپلا قايتار بولۇپ كەلمىدىڭ .
ئىزىڭ چۈشكەن يوللاردىن ئۆتتۈم سېنى سېغىنىپ ،
كۆلەڭگەڭدە جىسمىمنى ياپار بولۇپ كەلمىدىڭ .
ماڭغىنىمنى كۆرگەنلەر كۇلۇشكەندۇ نېمە دەپ ،
ئەقىدەمنى يات كۆزدىن ساقلار بولۇپ كەلمىدىڭ .
سېنى ئەتە كېلەر دەپ چاي راسلىدىم ھەر «ئەتە» ،
«مەن ئىچسەم ئۇ قانار» دەپ ، ئوتلار بولۇپ كەلمىدىڭ .

## نېمە قىلساڭ بىرگە بىر

ئاھ ئۇرمىغىن ، ئۆكۈنمە يارىڭ كەتسە قېشىڭدىن ،
ھاياتتىكى ئىسسىق ـ سوغ ئۆتەر شۇنداق بېشىڭدىن .
كەتكەن ئىدىڭ ئۆزۈڭمۇ تاشلاپ ئۇنى بى ئالەم ،
ئۇنىڭ تۆككەن ياشلىرى ئارتۇق ئىدى يېشىڭدىن .
سۆيگۈ شېرىن بولامدۇ ھىجران يولى بولمىسا ،
بەخت ئۇنسە بولامتى يازغان ھەربىر خېتىڭدىن؟
يېرىلىپتۇ قاپىقىڭ ئۆزۈڭ ئاتقان تېشىڭدىن .
ئۆتنە ئالەم بۇ دېگەن ، قالماس ئۇنىڭ بۇنىڭدا ،
مۇھەببەتنىڭ ئەلمى تولا شۇنداق چېچىڭدىن .
سۆيگۈ بولار ئەبەتلىك ، دەرد مەڭگۈلۈك بولمايدۇ ،
چىدىيالماي ئازابقا ، كېچىپ يۈرمە جېنىڭدىن .
قارا ، ئەنە سەن ئۈچۈن بىر قۇچاق گۈل كۆتۈرۈپ ـــ
ئۆتتى بىرسى نۇرلىنىپ ، خۇش ھىد چېچىپ يېنىڭدىن .

# غەزەللەر

## ئەكبەر نىياز پەتتارى

### 1

چىناردەك قامىتى بارلار چىناردەك سۇنمىسا دەيمەن ،
باھاردەك ھالىتى بارلار ئايازدا سولمىسا دەيمەن .
قازاندا قاينىغان يارما چۆمۈچتە بولسا ھەم يارما ،
يامان ، ياخشى بولۇپ بىر سەپ قاتاردا تۇرمىسا دەيمەن .
ھاياتنىڭ تىلسىمى كۆپتۇر ئۇنى يەشمەك بەسى مۈشكۈل ،
سۆيۈشكەنلەر ئارا قىلدەك بىرەر سىر قالمىسا دەيمەن .
چىمەندە سايرىغان بۇلبۇل چىمەننى ئاشىيان ئەتسە ،
كېلىپ قۇزغۇن بىلەن قاغا دەرەخكە قونمىسا دەيمەن .
قارا ، كاج بولسىمۇ قىسمەت ھايات ئۇ يەنىلا قىممەت ،
خۇشاللىق ئۈستىگە قايغۇ پەقەت توي قۇرمىسا دەيمەن .
ئىشەنچ بەرگەن چىداملاردىن نىيازى ئالسىمۇ ئىنئام ،
ئىشەنگەنلەر ئۇنى ئاخىر ئازابتا قويمىسا دەيمەن .

### 2

ئوتقا چۈشتۈم سەن ئۈچۈن قەلبىمنى گۈلخان قىلغىلى ،
سۇغا كىردىم سەن ئۈچۈن مېھرىمى ئۇكيان قىلغىلى .
ئۇشبۇ دەردكە مۇپتىلا قىلغان ئەمەسمۇ سەن مېنى؟
سەن يارالغانمۇ مېنىڭ ياشىمنى مارجان قىلغىلى .
كىم مېنىڭ بەختىم ئۈچۈن ھامىي سېنىڭدەك بىلمىدىم ،
تۇن بويى بولدۇم خۇمار خانەمدە مېھمان قىلغىلى .
شەيتىنىم بەردى ساۋاق قانچە رەت «ئۇز» دەپ ئۇمىد ،
نەدە بولسۇن ئىختىيار سۆيگۈمنى پىنھان قىلغىلى .
ياكى سۆيگىن ـ سۆيمىگىن تەقدىم ئېتىلگەن مەن ساڭا ،
شۈكرىكىم مىڭ رازىمەن جانىمنى قۇربان قىلغىلى .
قۇت ، ۋىسالىنىڭ ، سۆيگۈنىڭ يولى جاپالىق ئەسلىدىن ،
بارمۇ ئىرادەڭ تاغ مىسالى چۆللەرنى بوستان قىلغىلى؟
ئەي نىيازى ھەرقاچان ھىممەتكە بولغىن ھەمنەپەس ،
تەق بولۇپ تۇر باشقىلارغا خەيرى ـ ئېھسان قىلغىلى .

### 3

ۋاپادىن تامچە سۇ تۇتساڭ ، ساڭا ئوكياننى باشلايمەن ،
ئايازدا تەمتىرەپ قالساڭ ، ئۇلۇغ گۈلخاننى باشلايمەن .

جاپانىڭ تېگىدۇر راھەت ، جاپا چەكمەي بەخت نەدە؟
مۇشەققەت چۆلدە قالساڭ ، چىمەن ـ بوستاننى باشلايمەن .
دىدار دەيمەن ئۇزۇن تۈنلەر ئەقىدەمدىن پۈتۈن نەزمە ،
كېلەر بولساڭ خۇشاللىقتىن يېڭى داستاننى باشلايمەن .
سېنىڭ بىرلە ھاياتىمنىڭ باھار ، يازى كۈلۈپ باققاي ،
يۈرەكىم تۆرىگە سەندەك ئەزىز مېھماننى باشلايمەن .

چۈشۈم ئىچرە سېنى كۆرمەي يېشىم تۆكسەم خىزىر ئېيتتى:
جىدامىلىق بول مانا مەن بار ساڭا چولپاننى باشلايمەن .
مۇھەببەت بەختىگە چۆمگەن كىشى ھىجراننىمۇ بىلگەي ،
سەۋرنىڭ بىر چېتى جەننەت ئۆزۈم رىزۋاننى باشلايمەن...
نىيازى بولمىساڭ مەجنۇن قۇچاق ئاچماس گۈزەل لەيلى ،
كى ئاشىق سېپىدە تۇرساڭ ، گۈلى جەۋلاننى باشلايمەن .

# ئۈچ شېئىر

## ئىبراھىم نىياز

### شۇنداق دەيدۇ مېنىڭ ۋىجدانىم

شۇنداق دەيدۇ مېنىڭ ۋىجدانىم:
بەزىلەر ئىت بولسا بولۇۋەرسۇن ، بەس!
بىر پارچە سۆڭەككە قىلمىغىن ھەۋەس .

شۇنداق دەيدۇ مېنىڭ ۋىجدانىم:
ياشىماقنىڭ يوللىرى تولا ،
ئېغىر قىسمەت چۈشسىمۇ باشقا ،
مېنى ھەرگىز سېتىپ تاشلىما!

شۇنداق دەيدۇ مېنىڭ ۋىجدانىم:
مېنى سېتىپ يۈرگەنلەر تالاي ،
بىرلىرى ئەمەلنىڭ كويىدا ساتتى ،
بىرلىرى بىر ناننىڭ كويىدا ساتتى .
بىرلىرى بىردەملىك خۇشاللىق ئۈچۈن ،
كوچىدا جانانىنىڭ ئوتىدا ساتتى .

شۇنداق دەيدۇ مېنىڭ ۋىجدانىم:
مېنى سېتىپ ئارام تاپقانلار ،
كېتەلمىدى ئەرشكە چىقىپ؛
مېنى ساتما جېنىڭ چىقسىمۇ ،
ياشا ئەلنىڭ سۆيىدە ئېقىپ...

### ھايات ، سىرلىرىڭنى كۆندە بىلگۈم بار

ھايات سىرلىرىڭنى دېڭىز دەپ بىلدىم ،
غەرق بولغىنىدا تالايلار سەندە .
بۈگۈن باشلىرىغا تونىنى كىيگەنلەر ،
ئەتە ئۈچىسىغا كىيەركەن جەندە .

سەندە ھېكمەت تولا ، قىسمەتمۇ تولا ،
ئۇدۇل جەننەتكىلا بارمايدۇ ھېچكىم .
بۈگۈن كۈلۈپ باقتىڭ ماڭا شۈبھىسىز ،
ئەتە ئېغىر قىسمەت پۈتۈرسەن بەلكىم .

سەندىن رەنجىشىمۇ بىھاجەت ئەسلا ،
سېنىڭ دېڭىزىڭدا بولغاندا غەرق .
ھايات ـ ماماتلىقنى ئۈچرىتىپ تۇرغىن ،
شۇندىن ياخشىلىقنى ئېتەرمەن پەرق .

ئادەم ئادەملەردىن بولغاندا بىزار ،
سېنىڭ مۇھەببىتىڭنى قالىمەن سۆيۈپ .
سېنىڭ قەدرىڭ قانداق ئۆتۈلسۇن دەيسەن ،
ئىشقى ئوتلىرىڭدا يۈرمىسەم كۆيۈپ؟.. .

### قەلبىمدىكى چەكسىز كەتكەن يول

قەلبىمدىكى چەكسىز كەتكەن يول ،
تۈتىشىدۇ سېنىڭ ئۆيۈڭگە .

غېرىب ـ مىسكىن يول
كۆيلىرىمۇ غېرىبتۇر مەندەك .
تەنھالىقتىن تېرىپ قويىدۇم گۈل ،
ئۈنۈپ چىقار بەلكىم ھەشقىپىچەك .

بۇ يولدا
كېلىدۇ مىسكىن دېھقان بالىسى ،
كىم بىلىدۇ؟
دەردلىرى قايسى .
ئۇچراپ قالىدۇ قەدىمىي ناخشا ،
ئىزدەپ يۈرەر ئۇنى ئىگىسى...

شۇنداق بىر كۈنى .
چۈشۈپ كەتتى ئىبراھىمنىڭ ئىچىگە ئۇنى .
چۈشلەر بۇزۇلدى
كۆڭۈل تۇتۇلدى ،
ئاي چىقمىغان قاراڭغۇ تۈنى .
قەلبىمدىكى چەكسىز كەتكەن يول ،
دادامنىڭ ئىزىلىقىغا كەتكەن تۇتىشىپ .
دادام يوغان كەتمىنى بىلەن ،
يول بويىدا يۈرەر سۇ تۇتۇپ .

دادا
قەلبىمدىكى چەكسىز كەتكەن يول ،
بارار سىنىڭ قەلبىڭگە ئۇدۇل .

قەلبىم چەكسىز يايراپ كېتىدۇ ،
قوللىرىمنى سىققاندا بىر قول .

شۇنداق دەيتتىڭ:
كۆلۈپ تۇرۇپ جان بەر ھەقىقەتكە .
ئايلىنىپ قالما ھەرگىز ئەخلەتكە!
جان چىقسىمۇ ، چىقارمىغىن ياش
بوپقالمىغىن بىچارە گۆشباش...
ياشاپ كەلدىم شۇنداق ئارماندا ،
يېقىن تۇرۇپ قەلبىڭگە دادا...
ئىزلىرىمنى ئاختۇرۇپ باققىن!
يۈز كېلىمەن ساڭا ـ ۋىجدانغا...

# ئىككى شېئىر

## توختاش بەكرى

### چېچەك

ناھايىتى بەرگىنىڭ بىر تاللا چېچەك ،
پۈرسام تۈيۈلسەن ئىپسىل ئەتىردەك!
چېچەككە ئىسسىتقۇ قىلغانمىدىڭ سەن؟!
چېچەكلا چۈشەيمەن بال ھەرىسىدەك!...

ئۆزۈڭمۇ قىزىلگۈل ،
لەۋلىرىڭ چېچەك!
بال ھەرە بولۇپلا قونغۇم كېلىدۇ!...
ئاشۇ پاك چېچەكتىن شىرنە سۈمۈرۈپ ،
مەڭگۈلۈك بەختىيار بولغۇم كېلىدۇ!...

خىسلىتىڭگە قايىلمەن ،
بىللە ھىد بوپ چېچىلدىم!...

### سەھەردە...

ئەي ، قىزىلگۈل سەھەردە
خۇش ھىدىڭنى ھىدلىدىم!

بۇ ھىدلاردىن ئاشىقلار ،
ھۇزۇرلانسۇن ـ روھلانسۇن!
ئاشىق جانلار ، جانانلار ،
تاڭ سەھەردە ئويغانسۇن!

ئىشىنىڭ بېشى سەھەردە ،
سەھەر قانات ھاياتقا .
سەھەرىسىزدىن ئىرىشمەك
تەستۇر ئۇڭلۇق جاۋابقا...

# شېئىرلار

## ئابدۇقادىر جۇمە تۇنيۇقۇق

### مىراجىخان

كاككۇك كەلسىمۇ ھىچ كەلمەيدىغان ،
قايتىلانماس يارىدار تۇيغۇ ،

دۇتار بىلەن تۆكۈلەر ئاستا ،
تۇتقۇن قۇشتەك ۋاپادار قايغۇ .

مىراجىخان ئۇ قانداق ناخشا؟
ئۇ قاچاندىن مەڭگۈلۈك جانان؟

ئۇ ھىجرانىنىڭ گۈزەل يامغۇرى ،
ئۇ يۈرەكتىن تاشقان تامچە قان .

مېنى يەنە قويمىغىن داغدا ،
ساڭا مەڭگۈ بەخشەندىدۇر جان .
سەن قايرىلغان دوقمۇشتا كۈتۈپ ،
ئۆلمەكتىمەن... ئاھ ، مىراجىخان.. .

## قىش كېچىسى

يادىمدا شۇ كېچە مەن سېنى سۆيگەن ،
يۈرىكىم جاھانغا سىغىشمىغان ئۇ دەم .
خۇش ھىدىڭ تەپتىدىن ئېرىگەن ۋۇجۇد ،
قار يېغىپ تۇرسىمۇ ئاستا لەپىلدەپ .

شۇ كېچە تەشۋىشتىن خالى ئىككىمىز ،
بىغۇبار تىترىدۇق مۇزىكىسىمان .

يوقاتتىڭ ئۆزۈمنى بارلىقىمنى ھەم ،
بەختتىن مەست بولغان كۆزلىرىڭ بىلەن .

بىر تامچە ياش كەبى دېڭىز كۆزۈڭدىن ،
ياغامدۇ يامغۇر بوپ سېنىڭ شەھىرىڭدە .
قىش بولۇپ كېتەمدۇ يا ۋۇجۇدۇڭ ئېرىپ ،
شۇ كېچە ئېسىڭگە شۇ چاغلار يەتسە .

## نېمىشقا

خىيالمۇ ئەمەسسەن ياكى كۆز يېشى ،
نېمىشقا روھىمنى قىلىپ قويدۇڭ نەم؟
ئاي نۇرى خىلۋەتكە سېپىلسە خىرە ،
نېمىشقا بويۇمغا يۆگىشىپ مەھكەم؟

نېمىشقا قۇرلارغا قوشۇلۇپ ئەركەم ،
شۇ ئاچچىق چۈشلەرنى قىلىسەن ئايان؟
مۇھەببەت كۆزۈڭدە لىغىلدىسا لىق ،
نېمىشقا ئۆزۈڭنىڭ ئەمەس ھاياجان؟

# شېئىرلار

### مەسئۇد ئەيسا

## تۈن ، كېزىمەن كوچىلارنى...

يەتتى كېچىنىڭ قەدىمى ،
بۇ — دەل سۈكۈتنىڭ باشلىنىشى .
خىياللارنىڭ مۇنبەت ئېتىزى:
قەلبىمنىڭ ئېچكىرىسى!

تۈن ، كېزىمەن كوچىلارنى.. .
يۈرەكنى قاپلىغان تىترەك .

دەرەخلەر جىمجىت ، تۈن ئاقار تىنچ ،
مەيۈس قەدەملىرىم بىلەن .
قەدىم ، بۈيۈك كوچىلارنى ،
كېزىمەنۇ... كېزىمەن...
نېمىلەرنى ئىزدەر كۆزلەر؟
نېمىلەرنى سېزەر يۈرەك؟
تۈن ئاقار سىماب كەبى ،
تاش كەبى سىڭەر كوچىلار ،
سىڭدىم مەنمۇ قەغەز پارچىسىدەك .

قويدى مېنى ئالدىرىتىپ ئويلار ،
كوچىلاردا قالدى مەندىن پەقەت
مەيۈس ، سوغۇققىنە ، ئاھ ۋە تىترەك!

## كېچە شاپائىتى

يېتىپ كەلدى ئاخىرى زېمىنغا كېچە ،
يېيىپ قاناتلىرىن ئالدى ھاردۇق .
يۇمران ، ئىسسىق ماموق قانات ئاستىدا ،
سۆيگۈسىگە قاندى ئاشىق ـ مەشۇق!

## ھايات — شاختىكى شېرىن ئالما

ھايات — شاختىكى شېرىن ئالما ،
ئۈزۈپ كېتەر ئۇنى ئۆلۈم .
بىلىپ بولالمايسەن ھېچ ، كىتابىڭ—
نەچچە باب ـ نەچچە بۆلۈم؟

بەزەن بەتلىرىدە شادلىق ،
بەزەن بەتلىرىدە ئاچچىق .

TANGRITAG LITERATURE

ئېزىش ئىنسانغا تالىق ،
لېكىن
قىيىن ئەمەس
ھاياتنى سۆيۈش

## ھەسرەتلىك كۆڭلۈم

دەردىڭنى ئېيتارسەن كىمگە ، ھەسرەتلىك كۆڭلۈم ،
ساڭا پىچاقنى سالغان ئۆز قولۇم .
كەتتى دوستلار مېنى تاشلىشىپ ،
توساقلارغا تولدى يولۇم .

چۈشتۈم ھەسرەتنىڭ ئالقىنىغا دەل ،
دوستلار ئايلاندى دۈشمەنگە .
پۇل كۈچىنى كۆرسەتمەكتە غادىيىپ .
كۈن نۇرىمۇ قىيپاش چۈشمەكتە ،
غېرىب ـ غۇۋار كۈلبىلەرگە .
مانا مۇشۇنداق جاھان قىسمىتى ،
قالدى نەلەردە دانالار ھېكمىتى؟
غۇنچە غېرىبلار ئالدىدا ،
ئەي ھەسرەتلىك كۆڭلۈم ،
سېنىڭ غېرىبلىقىڭ نېمىتى؟

# ئىقرارنامە

(ھەجۋىي)

**ئابدۇرېھىم زۇنۇن**

ھۇما قۇشى قوندى بېشىمغا ،
ئالقىشلاندىم ، ئۇلپەت كۆپەيدى .
ئاۋۇپ قالدى «دوست» ، «تۇغقان»لىرىم ،
سالام ـ سەھەت ، ھۆرمەت كۆپەيدى .

شۇندىن بېرى ئىشلار بۆلەكچە:
پايپداغا ئالماشتى مەپەم .
كەڭ ئېچىلدى ئىشىك ، دېرىزەم ،
تاۋابگاھقا ئايلاندى كەپەم .

ئەتە ـ ئاخشام ئۆيۈم بازاردەك
قىزىپ كېتەر ، ياڭراپ مەدھىيە .
چەتتە قالماس ئوماق ئەۋرەممۇ ،
قوبۇللايدۇ ھەتتا ھەدىيە.. .

پۇقرالىرىم ـــ دېڭىز ، مەن ـــ بېلىق ،
بىر تۇغقاندەك ئۆتىمىز ئىناق .
تىلىم تاتلىق ، بوينۇم تۆۋەن ھەم ،
مەن تەمەننا ، كىبىردىن يىراق .

شۇڭا ياقتى ئەمما ، مەنمۇ ھەم ،
يېقىن بولدۇق گۆش بىلەن ياغدەك .
دېمەك ، كەلدىم «قوش ئەمچەك ئېمىپ» ،
يۆلەنچۈكۈم بار مېنىڭ تاغدەك.. .

ئارامىمنى بۇزۇپ ھەر كۈنى ،
قۇچاق ئاچار ماڭا رېستوران .
ئىش تۇتىدۇ رايىمغا بېقىپ ،
خېرىدارلىق قىلغان ساھىبخان .

قىزلار تۇرار قول باغلاپ ماڭا ،
تارتىلمەن تانسىغا بولاق .
ئىشتىھانى ئاچىدۇ ئەجەب ،
بۇندا يېگەن قورۇما ، تاماق.. .

چۈنكى سىگارت تۇتۇپ ، ئوت ياقار ،
بىرى تاماق سالغاچ قاچامغا.. .
تەكلىپ قىلار بىرى قەدەھكە ،
بىرى ئۈندەر مېنى ئارامغا.. .

تەل بولىدۇ نېمە ئويلىسام ،
«ئېچىل سۇپرا» ھەم «ئۇچار گىلەم» .
ھوقۇق دېگەن قالتىس نېمىكەن ،
يىراق مەندىن تەشۋىش ، دەرد ـ ئەلەم .

ماڭا ئاددىي مۇرەككەپ ئىشلار ،
مېنىڭ ئۈچۈن يىراقمۇ يېقىن .
ئۆزگىلەرنىڭ ئېتىزلىرى دۆڭ ،
مەن تەرپكە ياتىدۇ ئېقىن .

قويلىرىمغا بۆرە تېگەلمەس ،
ئاينىپ قالدى تاغدا تۆللىرىم .
ئېرىقىمدا سۇمۇ ئۆكسىمەس ،
ئەنە بوستان بولدى چۆللىرىم .

باغاق يازسام نەۋرەم تويىغا ،
كەلدى ئەلۋەك مىھمانلىرىمۇ .
ئۆزلۈكىدىن يۇرۇشۇپ ئىشلار ،
خىلى كۆپتى ھەميانلىرىمۇ .

ماڭا گۈللەر جىلمايدى چۆلدە ،
كۈلۈپ باقار بىلىقلار كۆلدە .
بار نىسۋەم باغلاردا ، ھەتتا
دىھقان تاڭدا سورىغا بۆلدە...

كۆردۈم بوگۈن ئاتا ـ ئانامنىڭ
دۇئاسىنىڭ كارامىتىنى...

نەگە سوزسام يېتىدۇ قولۇم ،
شۈلگەچ ئەلنىڭ دارامىتىنى.. .

بەلكىم ماڭا يامان كۆز تەگدى ،
ئۆكسۈپ قالدى سوۋغا ـ سالام ، «كەل...»
بۇ كىملەردىن قالمىغان جاھان ،
باقىي ئەمەس بىلگەنگە ئەمەل .

تەختى ـ بەختىم كەتتى ئىلكىمدىن ،
«كەلكۈن» توختاپ ، «تۆھمەت» كۆپەيدى .
دومسايدى شۇ «دوست» ، «تۇغقان»لىرىم ،
يالغۇز قالدىم ، كۈلپەت كۆپەيدى...

# شەھەردە قونۇپ قېلىش

## ئەخمەتجان ئوسمان

تەنھا قالدىم ، ئوتتۇز ئوغۇلتۇق
توي ئوينىغان تېخى ھېلىلا
توي ھارىقى ئىچىپ مەست بولۇپ
سىرتتا كۆردۈم تەنھا ئۆزۈمنى
قېنى ماڭا مەي قۇيغان ساقى
قېنى ماڭا قېشىنى ئېتىپ
قارىچۇقۇمنى ئويۇپ يېگەن قىز
گويا ماڭا بېرىپ تەسەللى
سىرداشماقتا مەن بىلەن زاۋال
غىرىس ـ غىرىس سۇنماقتا قار سۆڭىكى
گاڭگىراپ قالغان ئايىغىم ئاستىدا
تەشۋىش.. .
ئىشىك باقار تەمبەل قاراۋۇل
يانچۇق ماراپ يۈرگەن يانچۇقچى
ھەممىسى مەن ئۈچۈن تەھدىتتۇر بۈگۈن
ئادەمسىز كوچا
ھەتتا چىراغمۇ .
ئۇلانمايدۇ تېلېفون سىمى
ئېچىلمايدۇ چېكىلگەن ئىشىك
تاكسى ياكى شوپۇرنىڭ ئۆزى
سەن تەرەپكە ئاغىدۇ بەزەن
پۇلۇڭ بولماي قالسا يېنىڭدا
قاپاق تۈرۈپ تىللايدۇ ھەتتا
بۇزۇق ئايالدەك شالىنى چېچىپ .
نەچچە توختاپ ، نەچچە رەت كەتتى
يەتمىش سوم پۇل چىقمىغاچقا يېنىمدىن
مۇساپىر بوپ قالدىم شەھەردە
ئىسسىنىۋالسام ياخشى بولاتتى
تونۇر بولسا كىرىپ ئىچىگە .
مۇساپىرنى قارشى ئالمايدۇ
شەھەر تۇرماق ، قىرىنداشلارمۇ
قار ياغماقتا شەھەر قەلبىگە
قار ياغماقتا شەھەرلىكلەرنىڭ
قۇرغاقلىشىپ كەتكەن روھىنى
سۆيۈپ كەتكەن سۇيۇق كۆڭلىنى
ئۆز جىسمىدەك پاكلىماق ئۈچۈن .
قار ياغماقتا شەھەر چېھرىگە
ئىككى پۇتۇم قاتتى تۆمۈردەك
بىلەلمىدىم مۇزلىدى يەنە
ماڭا تەۋە قايسى ئەزايىم
تىرىكلىكتە كۆردۈم دوزاخنى
بېھىش ئىزدەپ شەھەر ئىچىدە
تۈنەپ چىقىپ پەقەت بىر كېچە .

تەھرىرلىگۈچىلەر: **پولات ھېۋزۇللا، ئەركىن نۇر، ئەكبەر سالىھ**

# شائىر، شېئىر ۋە ئوقۇرمەن



نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى

شېئىر ئىنتايىن گۈزەل تۇيغۇ ، ئۇ گۈزەل قەلبلەردە تېخىمۇ گۈزەل ھالەتتە نامايان بولىدۇ . ئۇ شۇنداق گۈزەل ھاياجان بىلەن تولغان بولىدۇكى ، شېئىردىكى دۇنيا بىلەن كۆز ئالدىمىزدىكى دۇنيانىڭ نەقەدەر يىراقلىقتا ياشايدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز . ئۇ بىر بولسا ناھايىتى يېقىن ئارىلىقتا قەلبىمىزگە كۆمۈلۈپ ياتقان بولۇپ ، توساتتىن كۆز ئالدىمىزدا شېئىرىي مەنزىرە سۈپىتىدە يۈز ئاچقاندا ئۇنى ھەرگىز ناتونۇش ھېس قىلمايمىز . ئۇ يەنە ناھايىتى يىراق ئارىلىقتا بولۇپ ، روھىمىزدىكى تەشنالىق پارتىلىغاندا بىزنى تىنىمسىز ئىزدەپ تېپىش ئىستىكىدە تىپىرلىتىدۇ . ئۇنىڭ گۈزەل تۇيغۇسى خۇددى يىراق چۆلدە ئۇسسۇزلۇقتا قالغان بىر يولۇچىنىڭ تۇيۇقسىز گۈزەل زۇمرەت ئېقىننى كۆرۈپ قالغاندىكى ھېسسىياتىغا ئوخشاش تەخىرسىز ۋە ھاياجانغا تولغان بولىدۇ . شېئىرىيەتنىڭ بۇ خىل گۈزەللىككە غەرق بولغاندا ئادەم كائىنات ۋە روھىيەتنىڭ ھەقىقىي ساداسىنى ئاڭلايدۇ . ئۇنىڭ ھەربىر جىلۋىسى ئىچىدە كەلگۈسى ۋە ئۆتمۈشنىڭ روھىي رىتىملىرى شىلدىرلاپ تۇرىدۇ . ئۇنىڭدا شائىر ۋە مىللەتنىڭ روھىي كۆلەڭگىسى چاقناپ تۇرىدۇ . مانا بۇ شېئىرىيەت بەخش ئەتكەن بىپايان زېمىن . مانا بۇ شېئىرىيەتنىڭ يىلتىز تارتىش تۇپرىقى ، مانا بۇ شېئىرىيەتنىڭ بۈگۈنى ۋە ئۆتمۈشى ، شۇنداقلا كەلگۈسى.

قۇياش كۈندە بىر تۇغۇلىدۇ ، شېئىر بولسا مىنۇت ، سېكۇنتسېرى ئۆزىنى يېڭىلاپ تۇرىدۇ . ئۇ مەڭگۈ ئۆزىنىڭ ئۇيۇق سىزىقىدىلا تۇرىدۇ . ئۇ يەرگە بىزنىڭ قوللىرىمىز سوزۇلغان ، لېكىن يەتكەن ئەمەس . ئۇ يەرگە بىزنىڭ قەدەملىرىمىز ئىنتىلگەن ، لېكىن بېسىلغان ئەمەس ، پەقەت تۇيغۇمىزدىلا ئۇنى يىراقتىن بىزگە كۆرسەتكەن ۋە ھېس قىلدۇرغان . شۇڭا، ئۇ مەڭگۈ سېھىرلىك ، شۇڭا ئۇ مەڭگۈ يېڭى پېتى تۇرىدۇ.

شېئىر بىزنى ئاشۇ ئۇپۇق سىزىقىدىلا تۇرۇپ چاقىرىدۇ . ئۇنىڭ ئاۋازى روھىيەتكە ئېقىپ كىرىدۇ ، ئۇ تەبىئەتنىڭ پارلاق ناخشىلىرى ۋە گۈزەل مەنزىرىلىرىنى مەڭگۈ قەلبىمىزگە تاشلايدۇ ، شېئىر مەڭگۈ يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان نۇر شولىسى ۋە قۇياشنىڭ مەڭگۈلۈك ھالىتى . ئۇنىڭ چۈش ، سەھەر ، كەچ پەيتلىرى بولمايدۇ . ئۇ ھەر ۋاقىت شېئىر روھىدا يېڭى بىر ۋاقىت پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ . ئۇ ئۆز سەپىرىدە ھەرخىل شاۋقۇن ـ سۈرەن ، ئازاب ۋە خۇشاللىق ، سۈكۈت پەيتلىرىنى باشلاپ كېلىدۇ . ئۆز نۆۋىتىدە شائىر قەلبىگە ئۆز شولىلىرىنى تاشلايدۇ . ئۇ يەردىن ھەرخىل ناۋالارغا تولغان شېئىر مەنزىرىلىرىنى سۈزۈپ چىقىدۇ . ئۇنىڭ قەدىمى بەزىدە شائىر تۇيۇقسىز تۇرغان پەيتلەردە شائىر ئويغىنىشتىن بۇرۇن ياكى شائىر ئويغاق پەيتلەردە يېتىپ كېلىدۇ . ھەتتا ئۇ بەزىدە شائىرنى مەڭگۈ ئۇيقۇ ئىچىگە سۆرەپ ئەكىرىدۇ ھەم مەڭگۈلۈك ئۇيقۇ ئىچىدىن سۆرەپ چىقىدۇ.

شېئىرنىڭ قوللىرى شائىر قەلبىگە قاراپ سوزۇلغان بولىدۇ ، ئۇ خالىغان بىر چاغدا شائىر قەلبىدىن خىلمۇخىل ناۋالار بىلەن تولغان ھەر خىل شېئىر گۈلدەستىلىرىنى ئېلىپ چىقالايدۇ . ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ شائىرنىڭ ئىچكى قۇلاقلىرى بىلەن مەھكەم تۇتاشقان بولىدۇ . ئۇ خالىغان بىر چاغدا شائىر تۇيغۇسىدىكى مەلۇم بىر خىل ئازاب ، شادلىق ، قايغۇ ياكى ھەسرەت ، بەخت تۇيغۇسىنى چاقىرىپ چىقالايدۇ.

شېئىرنىڭ تەركىبىدىمۇ ئوخشاشلا شەرق ، غەرب ، جەنۇب ، شىمالدىن ئىبارەت تۆت قۇتۇپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . شائىر تۇيغۇسى مەيلى قايسى تەرەپكە يۈزلەنسۇن ئۇ ئاشۇ تۆت قۇتۇپنىڭ ھەممىسىگە يۈزلەنگەن بولىدۇ . مەيلى قايسى تەرەپكە ماڭمىسۇن شائىر قەدىمى ھەممىسىگە تەڭ تاشلانغان بولىدۇ . دېمەك ، شائىر شېئىر تەرىپىدىن مەڭگۈ تۇتقۇن ھالەتتە ياشايدۇ . شائىر مەيلى قايسى خىل ھالەتتە بولمىسۇن شېئىر قۇتۇپلىرىنىڭ ئۆزىگە يۈزلىنىپ تۇرغانلىقىنى سېزىدۇ . مەيلى قايسى خىل سەپەردە بولمىسۇن شېئىر مۇساپىلىرىنىڭ ئۆز قەلبىگە تاشلانغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ . شائىر تۇيغۇ دۇنياسىدا مەڭگۈ شېئىرنىڭ ئۆزىگە قاراپ سوزۇلغان قوللىرىنىڭ ھارارىتىنى سېزىپ تۇرىدۇ . ھەمىشە شېئىرنىڭ ئۆزىنى چاقىرىپ تۇرغان ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ . شۇڭلاشقا ، ئۇ داۋاملىق تۇيغۇ دۇنياسىدا ئويغاق تۇرۇشى ، ھەر ۋاقىت ئۆز قەلبىنى ئازاب ، خورلۇق ، ھەسرەت ،

شادلىق ، ھەققانىيەت ۋە ئۆلۈم پەيتلىرى ئۇچۇن كەڭرى ئېچىپ قويۇشى كېرەك.

شېئىر ناھايىتى نازۇك گۈل بەرگلىرىگە ئوخشاش يەڭگىل تىترەپ تۇرىدۇ . بىراق ، ئۇنىڭ نازۇك تىۋىشىنى ئاڭلايدىغان بولساق ئۇ ناھايىتى پاساھەت بىلەن تويۇنغان گىگانت نەرسىگە ئايلىنىدۇ . ئۇنىڭ بىرىنچى مىسرادىكى بىرىنچى بوغۇمى بىلەن ئاخىرقى مىسرادىكى ئاخىرقى بوغۇم ئوتتۇرىسىدا بۆسۈپ ئۆتكىلى بولمايدىغان ناھايىتى ئۇزۇن ۋە مۇرەككەپ شېئىرىيەت دۇنياسى سوزۇلغان بولىدۇ . ئۇنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى بولسا شائىر ۋە ئوقۇرمەننىڭ قەلبىگە ئۆز شولىسىنى تاشلاپ تۇرىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ يېقىملىق پىچىرلاشلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ . بۇ خىل ئۆزئارا بىرىكىش بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ ، بىر ـ بىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى مەڭگۈ ئالغا سىلجىتىدۇ.

شېئىر ھاياجانلىق ھېسسىيات ۋە ھاياجانلىق دەقىقىلەردىن تۇغۇلغان بولغاچقا ، بىزمۇ ئۇنىڭغا ھاياجانلىق ھېسسىيات ۋە ھاياجانلىق دەقىقىلەرنىڭ قەدىمى بىلەن يېقىنلىشىمىز . شېئىر بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ ھەرگىزمۇ مۇكەممەللەشكەن شەكلى بولمايدۇ . ئەگەر بىز ئۇنى مۇكەممەل ، تۇراقلىق سىستېما سۈپىتىدە كۆزىتىدىكەنمىز ، ئۇ ھالدا بىزنىڭ كۆرىدىغىنىمىز جىمجىت ئۇخلاپ قالغان رەسىم شەكلىدىكى جانسىز ، ئۆلۈك مەنزىرە بولىدۇكى ، ھەرگىزمۇ شېئىرنىڭ ئۆزى بولالمايدۇ . ئۇ قەلبىمىزدە قېتىپ قالغان مۇز پارچىسىدەك مەڭگۈ بىر سىزىم ھالەتتە تۇيغۇمىزغا زوق بېرەلمەيدۇ . شۇڭا ، بىز شېئىرنىڭ ئۆزگىرىشچان رىتىملىرى ئارىسىدا ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرىغا قاراپ غۇلاچ تاشلىشىمىز ، ئاشۇ دولقۇنلار ئىچىدە گاھ چۆكۈپ ، گاھ لەيلەپ ئۆلۈم ۋە ھاياتلىق تۇيغۇسى ئىچىدە شېئىرىيەت قىرغاقلىرىغا يېقىنلىشىشىمىز لازىم.

شېئىر بىر قارىسا ناھايىتى يېقىن ، كۆز ئالدىمىزدىكىدەكلا تۇيغۇ بېرىدۇ . يەنە بىر قارىسا ناھايىتى يىراق ، مەڭگۈ شېئىرغا يېقىنلاشقىلى بولمايدىغاندەك تۇيۇلىدۇ . شېئىردىكى بۇ خىل ئارىلىق پەرقىنىڭ زور بولۇشى بىلەن شېئىر ئارىسىدىكى ئوقۇرمەن بىلەن شېئىر ئارىسىدىكى تۇيغۇ مۇناسىۋىتىنىڭ تېيىز ـ چوڭقۇرلۇقىغا باغلىق . بۇنى مەڭگۈ بىر تەرەپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس . شۇڭا ، شائىر ۋە ئوقۇرمەندىن ئىبارەت بۇ ئىككى سەيياھ بىر بولسا كۆز ئالدىدىكى شېئىر بوسۇغىسىدىن ئاسانلا ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىدۇ ياكى بولمىسا ناھايىتى يىراقتىن شۇ بوسۇغىنى ئىزدەپ بۇياققا قاراپ كېلىدۇ . لېكىن ، ھەقىقىي بوسۇغىدا ئولتۇرغان شېئىر بولسا مەڭگۈ جىمجىت ھالەتتە تۇرىدۇ . چۈنكى ، ئۇنىڭ ئوقۇرمەن ياكى شائىردىن ئۆزىنى ئىزدەش پۇرسىتى بولمايدۇ . شۇ مەنىدىن ئالغاندا ، شېئىرنى مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئىگە قىلىدىغان ياكى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدىغان نەرسە دەل ئوقۇرمەندۇر . شۇڭا ، شائىر ۋە ئوقۇرمەننىڭ ئىزدەش سەپىرى شېئىرغا يېقىنلىشىش ، شېئىردىن يىراقلىشىش ، شېئىر يارىتىش ۋە شېئىر يوقىتىش ھەرىكىتىدۇر.

شېئىر ـــ نۆۋىتىدە تۇيغۇ سەنئىتىدۇر ، ئۇنىڭدىكى تۇيغۇ سەزگۈرلۈكىنى چۈشىنىپ يەتكىلى بولمايدۇ ، شۇنداقلا ئۇنى چۈشىنىپ يېتىش ئىمكانىيىتىمۇ بولمايدۇ . چۈنكى ، ئۇ بىردەملىك دەقىقىلەرنىڭ ئىچىدە دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ شىددەتلىك كۆتۈرۈلۈشىدە تۇيۇقسىز مەۋج ئۇرۇپ يەنە بىردىنلا خىيالىي چۈش مەنزىرىلىرىدەك بىردەمدىلا ئەتراپقا چېچىلىپ كېتىدۇ . بىز بىر كۆرۈشكە تېگىشلىك نەرسىلەرگە ئەمدىلا قوللىرىمىزنى سوزۇشىمىز بىلەن ئۇ تۇيغۇلىرىمىز ئارىسىدىن سىرغىپ ئۆتۈپ ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ بولغان بولىدۇ ، شۇڭا شېئىردىكى چۈشىنىش تەخىرسىز بولىدۇ ، ھەتتا ئۇ شېئىرنىڭ ئۆزىدىنمۇ قىسقا بولىدۇ.

شېئىر سامانيولىدىكى سانسىزلىغان ئاقار يۇلتۇزلارنىڭ بىردەملىك چاقنىشى ۋە ئاشۇ چاقناشنىڭ ئۆز ئاسمىنىدا قالدۇرغان مەڭگۈلۈك يورۇق ھالىتىدۇر . بىر تەنھا يۇلتۇز ئۆز ئاسمىنىنىڭ جىمجىت بوشلۇقىدىن ناھايىتى قىسقا دەقىقىدە بۇ دۇنيانىڭ چېھرىگە نەزەر سېلىپ ئۆتىدۇ ـ دە ، ناھايىتى تېزلا غايىب بولىدۇ . بەلكىم ئۇ ئاشۇ قاراڭغۇلۇقتا ھېچنېمىنى كۆرەلمەسلىكى مۇمكىن ياكى ئۇ ھەممىنى كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن . لېكىن ، بىز ئاشۇ يېنىپ ئۆچۈشتىن بىر يارقىن ھاياتنىڭ گۈزەل ناخشىسىنى ۋە بىر پارلاق ئۆلۈمنىڭ جىمجىت چاقنىشىنى ھېس قىلالايمىز . بىز ئۇنى ناھايىتى يىراقتىن كۆرىمىز ۋە تۇيغۇمىزدىكى تەسەۋۋۇر بىلەن ناھايىتى يېقىن ھېس قىلىمىز . شۇڭا ، شېئىر ھەققىدە سۆز بولغاندا ئاللىقانداق دەبدەبىلەرنى سۆزلەش ھاجەتسىز ، ئۇنى ئاددىيلا بېزەپ قويۇشقىمۇ ياكى سىرلىقلاشتۇرۇۋېتىپ چۈشەنگىلى بولمايدىغان نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشقىمۇ بولمايدۇ . پەقەت سۆزلەيدىغىنىمىز يەنىلا دەقىقە ئىچىدىكى ئارىلىق ، ئوقۇرمەنگە بېرىدىغان نەرسە ئاشۇ يېنىپ ئۆچۈش ئالدىدىكى ھاياجاننىڭ بىزدە قالدۇرغان كېيىنكى تەسىرى . ئۇ بىز كۆرگەن ئاشۇ يېنىپ ـ ئۆچۈش دەقىقىسىگە ھەرگىزمۇ تەڭ ئەمەس . ئۇ ناھايىتى كىچىك ئۇچقۇندىن ئىبارەت . ئاشۇ ئۇچقۇننى كۆرەلىگەن شائىر زېرەك شائىردۇر ، ئۇنى ئىپادىلىيەلىگەن شائىر بولسا ھەقىقىي تالانت ئىگىسىدۇر . ئاشۇ ئۇچقۇننى شېئىردىن ھېس قىلالىغان ئوقۇرمەنمۇ ھەقىقىي زېرەك ئو-

www.uyghurkitap.com

قۇرمەندۇر. ئۇنى ئەسلىي ئۇچقۇن دائىرىسىگە كۆتۈرۈپ زوق ئالالىغان ئوقۇرمەن بولسا شۇ شېئىرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يۇكسەك شائىردۇر. شېئىردىكى ئاشۇ كىچىككىنە يېنىپ ئۆچۈش پەيتى دەل شېئىرنىڭ يارىلىشى ۋە ھاياتىدۇر. ئۇنىڭ يېنىپ ئۆچۈش ئالدىدىكى تۇغۇلۇش ۋە ئۆلۈمگە يېقىنلىشىش پەيتىدىكى ھېسسىياتى، ئۇنىڭ ھەقىقىي كۆلكىسى ۋە ئازابىنى بىزگە ئېيتىپ بېرىش، شۇنداقلا ئۇنىڭ قەلبىمىزدە قالدۇرغان قىزغىن ـ سوغۇق ھاياجىنىنى ئوقۇرمەنلىك ھېسسىياتىغا كۆتۈرۈشتۇر. مانا بۇ ئوقۇرمەننىڭ نەزىرىدىكى شېئىرنىڭ يارىلىش تارىخىدىن ئىبارەت.

شېئىر مەڭگۈلۈك كۈي رىتىمى. ئۇ كەلگۈسىگە قاراپ ئاقىدۇ. بىراق، ئۆتمۈشنىڭ كۆمۈلگەن يوللىرىدىن ئۆتۈپ ھازىرنىڭ جىمجىت بوشلۇقىدىلا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىدۇ. شېئىرنىڭ كۈي رىتىمى تۇيغۇمىزغا ئۇرۇلغان چاغدا بىز ئۇنىڭ تولىمۇ ھەسرەتلىك ۋادىلاردىن ئېقىپ كەلگەنلىكىنى ياكى تىمتاس جىلغىلارنىڭ جىمجىت مەنزىرىلىرى ئارىسىدا خىيالىي تۈستە نامايان بولغانلىقىنى ھېس قىلىمىز، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئازاب، شادلىق، يەنە خىلمۇخىل قىرتاق تۇيغۇلارنى ئۆز رىتىمى ئارىسىدا لەيلىتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. ئۇ ھەرقانچە ھەسرەتلىك ۋادىلاردىن ئېقىپ كەلسىمۇ قەلبىمىزدە ئۇخلاپ ياتقان ھەسرەت بوشلۇقىنىڭ ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنبەسى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. بىزنىڭ قەلبىمىزدىمۇ دەل ئاشۇنداق تۇيغۇلار كۆمۈلۈپ ياتقان بولىدۇ. بۇ شېئىرنىڭ يېتىپ كەلگەن قەدەم تىۋىشى بىلەن ئۆزىنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، شېئىر قانداق ھالەتتە قەلبىمىزگە ئېقىپ كىرىدىكەن، تۇيغۇمىزمۇ شۇ ھالەتتە ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىدۇ. لېكىن، بۇ ھەممىلا ئادەمگە ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي شېئىر سېزىمىغا ئىگە كىشىلەرگە نېسىپ بولىدىغان تۇيغۇدۇر.

شېئىرنىڭ قەدىمى نازۇك ھەم پىنھانلىقتا ئىگە، بىراق ئۇ ھەرقانچە پىنھان بولسىمۇ بىز ئۇنىڭ چۈمپەردىسىنى تۇيغۇمىز ئارقىلىق ھەرخىل ھالەتتە ئاچىمىز، لېكىن ئۇ ھەربىر ئوقۇرمەن، شائىرنىڭ قەلبىدە ئوخشاشمىغان نازۇكلۇق ۋە پىنھانلىقتا ئىگە. شۇڭا، ھەربىر شائىر ۋە ئوقۇرمەن ئوخشاشمىغان ئۇسۇل، ھېسسىيات ۋە لەززەت بىلەن ئاچىدۇ. شېئىردىكى پىنھانلىق ئۆزگىرىشچان مەنىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە يەنە چەكسىز بولىدۇ. شېئىردىكى نازۇكلۇق ياكى پىنھانلىق قانچە چەكسىز بولىدىكەن، ئوقۇرمەن ۋە شائىر تۇيغۇسىدىكى سەزگۈرلۈكمۇ شۇنچە چەكسىزلىشىپ بارىدۇ. شېئىر ئۆز چېھرىنى پىنھان ئەمەس، ئاشكارا رەۋىشتە نامايان قىلىدىكەن، ئۇ بىزگە شېئىر ئەمەس، بەلكى ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ئۆزى بولۇپ كۆرۈنىدۇ. بىراق، ئۇ يوشۇرۇن ھالەتكە ئۆتىدىكەن، ئاندىن ئۇ بىزگە ئۇنى ئىزدەش پۇرسىتى بېرىدۇ. شۇنداقلا، ئۇ شائىر قەلبىدىكى ھەسرەتنىڭ ئوقۇرمەن قەلبىدىمۇ ئوخشاشلا ئىپادىلىنىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئۆز نۆۋىتىدە ئۇ شېئىرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پەقەت ھەسرەتلىك شېئىرلا قەلبىمىزدىكى ھەسرەتلەرنىڭ ئويغۇچان تۇيغۇسىنى ئويغىتالايدۇ ھەم ئوقۇرمەننىڭ قەلبىدىكى ھەسرەتلەرنىڭ ئىپادىلىنىشى بولالايدۇ. قەلبىدە ھەسرەت تۇيغۇسى بولمىغان شائىر ھەرگىزمۇ ئۆز قەلبىنىڭ جاراھىتىنى شېئىر ئارقىلىق ساقايتالمايدۇ. قەلبىدە ھەسرەت تۇيغۇسى بولمىغان ئوقۇرمەنمۇ ئوخشاشلا شېئىردىكى شىرنىنىڭ لەززىتىدىن بەھر ئالالمايدۇ. بۇ ھەرگىز ھەسرەتلا شېئىرنى بىر پۈتۈن مۇكەممەللىككە ئىگە قىلىدىغان بىردىنبىر مەنبە دېگەنلىك ئەمەس، لېكىن ئۇ ھەقىقەتەن شېئىردىكى كىچىككىنە بىر گۈزەل قىستۇرما كۈي. شېئىر بىر خىل يوشۇرۇن سېزىمنىڭ ئويغىنىشى، شۇنداقلا جىمجىت تۇيغۇنىڭ قەلب ئارىسىدىكى تىمتاس جىلغىلاردىن لەيلەپ چىقىشى. ئۇ قانچىلىك يوشۇرۇن سېزىملارنىڭ ئويغىنىشىدىن ۋە قانچىلىك تىمتاس جىلغىلارنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرى ئارىسىدىن لەيلەپ كەلگەن بولمىسۇن قەلبىمىزدىمۇ ئاللىبۇرۇن شۇ گۈزەل جايلارنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى، شېئىرنىڭ قەدىمى يېتىپ كېلىشى بىلەنلا ئۇ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئۇ قانچىلىك ئازاب، قايغۇ، شادلىق بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ ئۆتمىسۇن، بىزگە تۇيغۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىگە شۇڭغۇپ كىرىپ ھەقىقىي روھىي چوڭقۇرلۇقىنى قېزىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ. شۇڭا، ھەقىقىي شېئىر دەل روھىي چوڭقۇرلۇقتا يۈزلەنگەن ۋە يەنە ئاشۇ چوڭقۇرلۇقتىن چەمبەر شەكلىدە سىرتقا قاراپ كېڭەيگەن بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا ئادەتتىكى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى ئىپادە قىلىدىغان سۆز تىزمىلىرى بىلەن روھىي چوڭقۇرلۇقتىن قېزىپ چىقالايدىغان شېئىر ئامىللىرىنى پەرقلەندۈرۈشىمىز لازىم.

شېئىر ئامىللىرى ھەر خىل مەنىگە، قارىمۇقارشىلىقتا ۋە قارىمۇقارشىلىق ئىچىدە بىر ـ بىرىنى تولۇقلاش، ئۆزىنى ئىپادىلەش مەنىلىرىگە ئىگە بولغان بولىدۇ. ئۇ سەنئەت ئېستېتىكىسى جەھەتتىن مەڭگۈ ئىزدىنىش قىممىتىگە ئىگە بوشلۇق. ھەر بىر شائىر، ھەربىر ئوقۇرمەن ئۇنىڭ روھىي چۆلىدە سەرسان بولۇپ يۈرگۈچىدۇر.

تەھرىرلىگۈچى: **ئىمرھەسەن مەخمۇت**





# شېئىردىكى گۈڭگا گۈزەللىك

هاياتنوپۇس مۇھەممەت

ئادەمنىڭ ھاياتى بىلىشنىڭ چەكسىزلىكىدە تۈگەيدۇ . ئىنسانىيەت بارلىققا كەلگەندىن تارتىپ ، ئىنسانىنىڭ ئۆزى ۋە ئىجتىمائىيەت ھەققىدىكى بىلىشى تېخى تاكامۇللاشقىنى يوق . سەۋەبى ، ھەرقانداق يېڭى بىر بىلىش ئۆزىنى ئاپىرىدە قىلغان زېمىندا يىلتىز تارتىۋاتقان سوئاللارنى تۇغدۇ . شۇڭىمىكىن ئۆتۈۋاتقان ھەربىر كۈن ، ھەر بىر مىنۇت ـ سېكۇنت بىزگە ئۆزىمىز ھەققىدە ، تەبىئەت ، جەمئىيەت ھەققىدە ئۆزگىچە تەسىراتلار ئىچىدە نۇرغۇن سوراق ۋە كۆپ چېكىتلەرنى قالدۇرىدۇ . ئېڭىمىز ماددا بىلەن روھ ئوتتۇرىسىدىكى تۈگىمەس مونولوگ ۋە دىئالوگلاردىكى غۇۋا ئوبراز كۆلەڭگىلىرىگە تولۇپ ، قاتمۇقات چۆكمىگە ئايلىنىدۇ . بۇ خىل يوچۇن ئوبرازلار روھىيەت سىجىللىقىمىزغا نامەلۇم ئەكس سادالارنى قالدۇرۇشى بىلەن تىنچىسىز ، ئېچىرقىغان ئازابلىق تۇيغۇلارنى باشلاپ كىرىدۇ.

شېئىر — روھنىڭ ئۆزىدە ئاپىرىدە قىلغان سەنئەت دۇنياسىدىكى سۆز ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن مەنىۋى مەۋجۇدىيتى بولۇپ ، قەلب ئالىمىمىزدىكى تۈگۈنلەر ئۇرۇلۇشىدىن چېقىلغان چاقماقتۇر . ئۇ شۇنچىلىك قىسقا ۋاقىتتىكى پىسخىك داۋالغۇش جەريانىدا يۈز بەرگەن نازۇك ھېس ـ تۇيغۇلارنى ، توقۇنۇش ـ زىددىيەتلەرنى سۆز ـ جۈملىلەر بىلەن ئىپادىلەپ ، كىشىلەرگە ئۆزلىرى قايسىدۇر بىر ۋاقىتلاردا تەلتۆكۈس ھېس قىلىپ لەززەتلىنىشكە مۇيەسسەر بولالمىغان گۈزەللىكلەرنى ۋە ئۇلاردىكى مەنىلەرنى ھېس قىلدۇرالايدۇ . ئۇ ئادەمنىڭ ھېسسىي بىلىشنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ ، مەلۇم نەرسىنى بايقاش ، بىلىش ، مۇئەييەن يېڭى پىكىرنى بارلىققا كەلتۈرۈش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە ئالدى بىلەن روھىي جەھەتتىكى مەۋھۇم بىر قۇتراتقۇلۇقنى ، تەلپۈنۈشنى ، كەملىكنى ۋە بېتىرقاشنى ، ئاندىن ئۇھسىنىشنى ياكى شاۋقۇنلاپ تاشلىنىشنى ئالدىنقى مەنىۋى باشلىنىش ، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىدۇ . مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى سېزىملاشقانسېرى كەيپىياتلاشقان سېھرىي رېئاللىقتا شېئىر تىلىدا سۆزلەشكە باشلايدۇ .

دېمەك ، ھەر بىر ئىنسان ۋۇجۇدىدا خاتىرىلەنمەي قالغان نۇرغۇن شېئىر غۇۋالىق ئىچىدە ساقلانغان بولىدۇ . بۇ خىل ھېس ـ تۇيغۇ پەقەت ئۆزىگە رەڭداش ياكى ئۆز ئۈچۈرمىلىرىنىڭ پەرۋازى بولالايدىغان ھېسسىياتتىن تېز سىزما قالدۇرغان سۆز ـ جۈملىلەر ، يەنى شېئىرلار بىلەن ئۇچراشقاندىلا ئاندىن ھاياجانلىق بىر بايقاشنى ئاشكارىلايدۇ . بۇ نۇقتىدا ھەممە ئادەم ئادەملەرگە خاس ئازابلىنىش ، خۇشاللىق ۋە چەكسىزلىككە ئىنتىلىش دۇنياسىدا ئاشكارىلايدۇ . ئۆز قەلبىنىڭ ئەڭ سادىق شائىرى . ئۇلار ئۆز قەلبىگە مەھكۇم ، سۆزلەشكىلى تىلى ، يېزىشقا قولى ئاجىزلىق قىلىدىغان ، ھېسسىياتقا تويۇنغان ، تىلىغا نامرات شائىر . چۈنكى «شېئىر — ھەرىكەت ، شېئىر — سادا ، لېكىن ھەرىكەتنىڭ بىرلا خىلى ئەمەس ، سادانىڭ بىرلا تەلەپپۇزى ئەمەس ، ئۇنىڭ بۇ تەرىپىدە پانىي دۇنيانىڭ سايىسى ، ئۇ تەرىپىدە نۆل بىلەن ئىپادىلەنگەن جىمجىتلىقنىڭ سايىسى . روھىمىز قەۋەتلىرىدىكى ھەربىر ئىستەك توختىماي پۈرسەت كۈتىدۇ . ئۆزىنى روياپقا چىقىرىشنىڭ كويىدا بولىدۇ . ئۇ ئۆزىگە لايىق كېلىدىغان چەكلىك بىر شەكىلنى بايقاشتىن بۇرۇن قاراڭغۇ ھالەتتە تۇرىدۇ ، بىزمۇ ئۇنى بىلەلمەيمىز ، شەكىل بايقالغان ھامان تىترەشكە باشلايمىز . چەكسىزلىكنىڭ شەكىل ئىچىدىكى بۈيۈك تەۋەللۇتى ئەنە شۇنداق باشلىنىدۇ . دۇنيادىكى بارلىق شەكىللەر گويا بىزنىڭ لۇغىتىمىزگە ئايلىنىدۇ ، ئىستەكلىرىمىز ئەقلىمىزدىن بۇيرۇق كۈتمەيلا ئۆزىنىڭ سۆزلىرىنى تاللاپ ، ئىپادىلىنىشنىڭ بۇرمىسىمان كۈنەكلىرىنى قۇرۇپ چىقىدۇ» ①. مانا مۇشۇنداق روھىي قايتىش بىلەن گۈزەل بىر ئەپسانە ، رېئاللىقنىڭ غۇۋا قۇچىقى بىزنى ئۆز باغرىدا قايتىدىن يارىتىدۇ ، يۈكسەك مەنىۋىلىك بىزگە سوۋغا قىلغان گۈزەللىكنىڭ لەززىتى خۇددى ئاجايىپ گۈزەل خۇلقا ۋە تەڭداشسىز ھۆسن ـ جامالغا ئىگە ساھىبجامال قىزنىڭ نېپىز پەردە ئىچىدىن بىر كۆرۈنۈپ ، بىر كۆرۈنمەي قىلىۋاتقان لاتاپىتىنىڭ ، خۇش تەبەسسۇمىنىڭ ۋۇجۇد ـ ۋۇجۇدلىرىمىزغا باشلاپ كىرگەن ئېقىمىدەك ھاياجانلىق

ئىلاھىيلاشقان بولىدۇ.

بىز ھازىرغىچە ھېسسىيات شېئىرنىڭ جېنى ، دەپ تەبىر بېرىپ كەلدۇق . مەن ھېسسىياتنى ئانىغا ئوخشاتسام ، شېئىرنى ئانىدىن تۇغۇلغان بوۋاققا ، شېئىردىكى گۈزەللىكنى بۇ بوۋاقنىڭ جېنىغا ئوخشىتىمەن . چۈنكى ھېسسىيات بولمىسا شېئىرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس بولغىنىغا ئوخشاش ، كىتابخانى روھىي تىلسىمات ئالىمىگە باشلاپ كىرىپ ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلاندۇرالمىغان ، ئۆز روھىنى تىڭلاشقا تەسەۋۋۇر بوشلۇقى بەرمىگەن شېئىر — ھەقىقىي شېئىر ئاتىقى بىلەن يۈت تەرەپ تۇرالمايدۇ.

«شېئىردا پىكىرنى قانداق بېرىش» توغرىسىدا رۇس ئەدەبىياتىنىڭ ئۇلۇغ پېشۋاسى لېۋ تولستوي «لاۋزىلىشىپ قېلىشتىن قورقمىساڭ ، ھەممە سۆزلىكنى ئوچۇق ئېيتىۋەتكىن» دېگەنىدى . شېئىردىمۇ بىز تولستوي ئېيتقاندەك لاۋزىلىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن پىكىر تېرەنلىكىدىن يىراقلاشمىغان ئاساستا شېئىرىي كەيپىياتنى ئىمكانقەدەر گۈڭگا بەرگىنىمىز ياخشى . بۇ يەردىكى گۈڭگالىق — مۈجمەل بولۇش دېگەنلىك ئەمەس ، ئۇ پىكىرنىڭ ئۆزىدىكى يارقىنلىق بىلەن قارىمۇقارشى ئەمەس . بۇ يەردە دېيىلىۋاتقىنى ئىپادىلەش ماھارىتى مەسىلىسى . ھازىرقى ۋاقىتتا ئەدەبىياتى تەرەققىي تاپقان باشقا مىللەتلەرنىڭ شېئىرىيىتىگە قاراپ باقىدىغان بولساق ، ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدا شائىرنىڭ مۇرەككەپ ھېس ـ تۇيغۇسى ئاڭنىڭ ماددىلاشقان دېتاللىرى ئارقىلىق ، دراماتىك ئۆتۈشمە ھالەتتىكى پىكىر يوللىرى ستىرېئولۇق تۇيغۇ پەيدا قىلىش مەنزىلىدە ئىپادىلەنمەكتە . مۇنداق شېئىرلاردا گەۋدىلەندۈرۈلگەن پىكىرنى كىتابخان مەلۇم دەرىجىدە كاللا ئىشلىتىپ ئاندىن چۈشىنەلەيدۇ . ئەمەلىيەتتىمۇ دەرەخنىڭ تۈۋىگە چۈشكەن ئالمىنى قارىغاندا شاخلار ئارىسىدىن ئىزدەپ تېپىپ ئۈزۈپ يېگەن ئالمىنىڭ تەمى لەززەتلىك بولىدۇ ئەمەسمۇ . شېئىرنىڭ ۋەزىپىسى چۈشەندۈرۈش ئەمەس ، بەلكى ئىلھام بېرىش ۋە تۇيغا سىڭىش . لېكىن بۇنداق تۇيغا سىڭىش ھەرگىزمۇ كىتابخانى مەڭگۈ چىقىپ كېتەلمەيدىغان قاراڭغۇ ، سىرلىق جاڭگاللىغا باشلاپ قويۇش دېگەنلىك ئەمەس ، بەلكى ئۇلارغا شايى پەردە كەينىدىن جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان ئىنتايىن كەڭ ، رەڭدار بولغان شېئىرىي زېمىننى تەقدىم قىلىش دېگەنلىك»②. بىز ئۆزىمىز ھەققىدە ، دۇنيا ھەققىدە ئويى سۈرگەندە ، زېرىكىش ياكى تەلپۈنۈش سېزىملىرى ۋۇجۇدىمىزنى تىترىتىپ ئۆتىدۇ . بىز بۇ خىل لەرزىگە سىڭىش ئىچىدە ئاللىقانداق بىسىم بىلەن پارتىلىيالمايۋاتقان تۇگۈنلەرنى ئەڭ نازۇك ، ئەڭ ساپ بايقاشلىرىمىزدا ھېس قىلىپ قالىمىز . بۇ ۋاقىتتا مەۋجۇتلۇق دائىرىمىزدىن ھالقىپ ، يۈكسەك بىر مەنىۋى كامالەتتىن ئۆزىمىزنى ئىزدەشتۈرىمىز ـ دە ، ماددىۋىلىك بىلەن مەنىۋىلىك ئارىلىقىدىكى مۇساپىدە ئۆلۈش ۋە تىرىلىش قۇدرىتىگە ئېرىشىمىز . رېئاللىقنىڭ نەپسانىيەتچىلىكلىرىدىن خالىي بولغان بۇ جەريان بىزنىڭ بىردىنبىر بايلىقىمىز بولۇپ ، ئۇ ئىنسانىنىڭ ئۆز ھاياتىدىن ھالقىغان ، دۇنيا ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى ھەر خىل شەكىل ۋە ئۇسۇلدا تەمىنلەش ئىچىدە زاھىرلىنىدۇ.

ئەگەر ئىنساندا روھ ئۆزىگە سىڭدۈرگەن مېھىر ـ مۇھەببەت ، ۋاپا ـ ساداقەت ، ۋىجدان قاتارلىق پەزىلەتلەر بولمىغان بولسا ، ئۇلار ئاللىقاچان دۇنيا مەئىشەتلىرى ئۈچۈن يىرتقۇچ ھايۋانلارغا ئوخشاپ قالغان ، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ كەتكەن بولاتتى . ئۇلاردا ئۆزلىرى ھەققىدە ، رېئال ۋە روھىي دۇنيا ھەققىدە ئىزدىنىش ھەم بۇ ھەقتىكى نەتىجىلەرنى خاتىرىلەش ، ئۆزىنى قېزىپ چىقىش شەكلى ، مەدەنىيەت ، تارىخ قالدۇرۇش ئېڭى ، پائالىيىتى بولمىغان بولاتتى . بۇ يەردىكى بىزنى خۇشال قىلىدىغان تۇيغۇنىڭ مەركىزىدە ياتقىنى گۈزەللىكنىڭ كامالىتى ئەمەسمۇ؟ ئەنە شۇ كامالەتنىڭ شولىسى روھىمىز قەۋەتلىرىدە غىل ـ پال چاقنىغاندا بىزدىن شېئىر چىقىدۇ . شېئىر ئۆزىدىكى ئوبيېكتىپ مەنىدىن باشقا يەنە نۇرغۇن نەرسىلەردىن بېشارەت بېرەلىشى ، زوقلانغۇچىنىڭ باغلىما تەسەۋۋۇرىنى ئۈزلۈكسىز قوزغىيالىشى كېرەك.

ئوقۇرمەنىنىڭ شېئىر ئوقۇشى شائىرنى چۈشىنىش جەريانى ئەمەس ، بەلكى ئاشۇ شېئىرنىڭ ئىچىدىكى بوشلۇقتا ئۆزىنى ئىپادىلەش جەريانى . ئوقۇرمەن بۇنداق شېئىرلارنى ئوقۇش جەريانىدا بىر تۈرلۈك سۆزلۈكلۈك ھېس قىلىشى ، يەنە بىر تۈرلۈك غۇۋالىق ھېس قىلىشى مۇمكىن.

ئاپتور بىلەن ئوقۇرمەن ئوتتۇرىسىدىكى ۋاقىت بوشلۇق جەھەتتە ئارىلىق ھامان مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . بۇ ئارىلىق مۇقەررەر ھالدا چۈشىنىش جەھەتتىكى تولۇقسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . بۇ ئارىلىقنى «بوشلۇق نۇقتىسى» دەپ ئاتىساق ، بۇ «نۇقتا» ئاپتور ۋە ئوقۇرمەندىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىن تۈزۈلىدۇ.

ئاپتور گۈزەل تەسەۋۋۇرنىڭ قۇرۇلمىسىنى قاتلامۇقاتلام قۇرۇپ چىقىۋاتقاندا ، ئوقۇرمەنىنىڭ ئايلىنىشىغا مۇمكىنلىك بېرىدىغان سانسىز نۇقتىلارنى ئىستىخىيىلىك ھالدا قالدۇرۇپ قويىدۇ . ئوقۇرمەنچۇ؟ ئوقۇرمەن ئۆزىنىڭ پىسخىك تەسەۋۋۇر مۇھىتىنى چىقىش قىلىپ ، ئەسەرنىڭ ئەسلىدىكى ئوبراز قۇرۇلمىسىنى نىسپىي ھالدا ئۆزىگە خاسلاشتۇرىدۇ . بىر تەرەپتىن ، شائىرنىڭ روھى ، يەنە بىر تەرەپتىن ، ئوقۇرمەنىنىڭ روھى بىر قەۋەت پەر-

دىنىڭ ئىككى تەرىپىگە چۈشۈپ ، روھىيەتلىك تۇمانلىشىش كېلىپ چىقىدۇ . داۋىنچىنىڭ «مىنارىسا» ناملىق ئەسىرى بىرقانچە ئەسىرلەردىن بېرى سەنئەت ئەھلى ئۈچۈن سېھىرلىك دۇنيا بولۇپ كەلدى . مىنارىسانىڭ تەبەسسۇمىدا ھەسرەت بار دەپ ئېيتالامسىز؟ خۇشاللىق بار دەپ ئېيتالامسىز؟ ③. بۇ تەبەسسۇم ئۆز ئىچىگە ئالغان سېھىر ھەر بىر ئادەمگە ئوخشىمىغان تۇيغۇلارنى بەخش ئېتىپ ، قەلبىمىزنى نازۇك تىترىتىپ ئۆتىدۇ.

(ۋىتمان فرانسىيىلىك بىر ئەدەبىي تەنقىدچىنىڭ سۆزىنى شەرھلىگەن ۋاقىتتا: «ئەڭ ئۇلۇغ شائىر ھەرگىزمۇ ئەڭ ياخشى ئىجاد قىلغان شائىر ئەمەس ، بەلكى ئەڭ كۆپ ئىلھام بېرەلىگەن شائىردۇر . ئۇنىڭ ئەسىرىنىڭ ئەھمىيىتىنى بىرلا قاراپ كۆرۈۋالغىلى بولمايدۇ . ئۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى سىزنىڭ ئىزدىنىشىڭىزگە ، چۈشىنىشىڭىزگە ، تەتقىق قىلىشىڭىزغا قالدۇرىدۇ . نۇرغۇن نەرسىلەرنى سىزنىڭ ئورۇندىشىڭىزغا قالدۇرىدۇ»... ھەقىقىي ئىجادىي ئىقتىدارغا ئىگە شائىر باشقىلارغا بىرمۇ نەرسىنى سىڭدۈرۈشنى مەقسەت قىلمايدۇ ، بەلكى قايتا ئىجاد قىلىنغان ئېستېتىكىلىق شېئىرىي بوشلۇقنى كىتابخانلارغا ، ئوبزورچىلارغا كۆپرەك قالدۇرىدۇ . شېئىرىيەتتە لىرووس بوشلۇقى دەپ ئاتىلىدىغان شېئىر بوشلۇق — ماھىيەتتە شەيئى بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى پىسخىك ھالەتتۇر . بۇ ئارىلىق بەك يېقىن بولۇپ كەتسە شېئىرىي بوشلۇق يوقايدۇ . بەك يىراق بولۇپ كەتسە ئوبيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىپ ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ئۈزۈلۈپ ، بۇ بوشلۇق يەنە يوقايدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن بىز شەيئىنى ئۇنىڭ ئۆزىدە ئىپادىلىنىپ تۇرغان ھالىتى ۋە خۇسۇسىيىتىدىن ھالقىپ ، مۇئەييەن مەنىۋى مەنزىلگە باغلاپ كۆزىتىشىمىز كېرەك . كىتابخان مانا مۇشۇ ئارىلىقتىكى شېئىرىي بوشلۇق ئىچىدە ، شېئىرنىڭ ئۆزىدىكى مەزمۇنىدىن باشقا تېخىمۇ كەڭ ، ئەھمىيەتلىك نەرسىلەرنى ھېس قىلالىۋالايدۇ) ④.

شېئىردىكى لەززەت ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان ئەينەن ئىپادىلەنگەن مەنىلەردىنلا زوقلىنىشنى ئەمەس ، بەلكى ئادەمنى يىغلىتىپ تۇرۇپ ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىشقا سالالايدىغان يوقىتىش ۋە ئېرىشىش ئىچىدىكى مەنىۋى مۇساپىنى تەسەۋۋۇر بىلەن بېسىشتا ئىپادىلىنىدۇ . ساختىلىق بىلەن ھەققانىيەتلىك ، ۋاپا بىلەن ۋاپاسىزلىق ، رەزىللىك بىلەن دىيانەتلىك ، ياشاش بىلەن ئۆلۈم ، نەپسىمىز بىلەن روھىي غالىبلىقىمىز ئوتتۇرىسىدا سانسىز باغلىنىش ۋە يىراقلىشىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تورى بىزگە شېئىر تىلىدا مەردانە پىچىرلايدۇ . بۇ خىل تۇيغۇنىڭ شۇنچىلىك ساپ ۋە يۈكسەكلىكى دەل ئاشۇ چەكسىزلىككە سوزۇلغان روھىي پائالىيەتنىڭ ھەربىر ئاراچلىرىدىن سىغدىلىپ ، چىنقىپ چىقالىغانلىقىدا . ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ تۇيغۇلىرىغا سادىق بولالىغانلىقى ، ئۇنىڭدىن يوچۇن گۈزەللىكنى قېزىپ چىقالىغانلىقى بىلەن زامان ۋە ماكان ، مىللەت ۋە دىن دائىرىسىدىن ھالقىپ ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت روھىغا ئۆز تەسىرىنى كېڭەيتەلەيدۇ! ئۇ ھەربىر ئادەمنىڭ خاسلىقىغا ئىگە بولغان روھى بىلەن ئۇچراشقاندا ، ئۆزگىچە تۇيغۇلارنى بەخش ئېتىپ ئوخشىمىغان سېھىرلەرگە بەنت قىلىپ قويىدۇ.

ھەقىقىي ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق شېئىر چوقۇم ساپ ھەم چەكسىز روھىي دۇنيادىكى ئۆزگىرىشچان ھېس ـ تۇيغۇنى سادىقلىق بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلىشى كېرەك . بۇ ساپ سەنئەتنىڭ شېئىرغا قويغان تەلىپى . بۇ يەردىكى غۇۋالىق قانداقتۇر شەكىل ياكى تىلدىكى غۇۋالىق بولماستىن ، بەلكى ھېسسىياتتىكى ، كەيپىياتتىكى غۇۋالىقنىڭ ئىپادىلىنىشى بولۇش كېرەك . تۆۋەندە پەرھات ئىلياسنىڭ «قەبرە تەزكىرىسى» ناملىق شېئىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

تۇغۇلدى ئۇ،
تۇغۇمنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەستىن تۇرۇپ،
ياشىدى...
قېرىدى...
چاچلىرى ئاقارماي،
[illegible]گە قورۇقمۇ چۈشمەستىن تۇرۇپ.
ئۆلدى ھەم شۇنداق،
ئەزرائىل جېنىنى ئالماستىن تۇرۇپ.
لەۋلىرىنى تامشىپ قويۇپ ئۇ،
ئۆزىچە
ئويلايدۇ يەنە بىر تۇغۇلغان بولسام...

بۇ شېئىردا ھەر خىل ئىستىلىستىكا ۋاستىلىرىنى ئىشلىتىپ تىلنى بېزەش ، سىرلىقلاشتۇرۇش يوق . سۆزلەر شۇنچىلىك ئاددىي ـ ساددا ۋە ئەركىن . ئەمما شېئىرنى ئوقۇۋېتىپ ئۇنىڭ ئادەمگە بېغىشلىيالىغان چەكسىزلىكى ، خىرە ـ شىرە ئازابلىق ھېس ـ تۇيغۇسى ئىچىدە سوزۇلۇپ قالغان قىممەت چاقناقلىقى بىزنى چوڭقۇر بىر تراگېدىيە ئېڭى ئىچىدە ھاياتلىق ھەققىدە ئاجايىپ كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا ئىگە تەسەۋۋۇر دۇنياسىغا باشلاپ كىرىدۇ . بۇ جەرياندا شېئىردىكى ھەر بىر مىسرا ، ھەر بىر جۈملىنىڭ بىزگە بېغىشلايدىغان روھىي كەڭلىكنىڭ ھەربىر ۋاراقلىرىدا ھاياتنىڭ ئېرىشىشلىرى ۋە يوقىتىشلىرى ئىچىدىكى گۈڭگا سېزىم بىزنى ئاللىقاچان سېھىرلەپ قويغان بولىدۇ.

پۈتكۈل ۋۇجۇدىمىز دەھشەتلىك شاۋقۇنلاپ ، روھىي ئالىمىمىزدە ئاستا ـ ئاستا سانسىز چاقماق چېقىلىش



TANGRITAG LITERATURE

نۇقتىسى شەكىللەندۇرگەندىن كېيىن ، ۋۇجۇد ـ ۋۇجۇدلىرىمىزدىن ياشاش ۋە ئۆلۈم ھەققىدىكى شېئىرسىمان زارىقىش ۋە يۇلقۇنۇش كېلىپ چىقىدۇ. بىز خېلى ئۇزۇنغىچە شېئىرىي كەيپىياتتا نەچچە ئۆلۈپ ، نەچچە تىرىلىپ شېئىرغا ئايلىنىپ كېتىمىز...

تۇغۇلدى ئۇ،
دەپ مۇشۇ مىسرانىلا ئالسىمۇ ياكى:
ياشىدى...
قېرىدى...
دېسىمۇ ۋە ياكى:
ئۆلدى ھەم شۇنداق،
تۇغۇمنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەستىن تۇرۇپ.
چاچلىرى ئاقارماي،
يۈزىگە قورۇقمۇ چۈشمەستىن تۇرۇپ،
ئەزرائىل جېنىنى ئالماستىن تۇرۇپ.

دېسىمۇ مۇشۇ ئۈچ خىل ئىپادىلەشنىڭ ھەربىرى ئايرىم ـ ئايرىم تۇرۇپ «قەبرە تەزكىرىسى» دېگەن تېمىنى يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ. ئەگەر بۇ شېئىرغا بۇنداق تەسەۋۋۇر بوشلۇقىنى قالدۇرماي ، ئاپتور مەدداھلىق قىلىپ ھايات دېگەن مۇنداق قىممەتلىك ، ئۆلگەندىن كېيىن پۇشايمان قىلىسەنەي ، ئۇ ئىككىنچى قېتىم قايتىپ كەلمەيدۇيەي... دېگەنگە ئوخشاش ھەممە ئادەمگە يادقا بولۇپ كەتكەن بىرمۇنچە يەكۈنلەرنى چىرايلىق ئىستىلىستىكا ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ قاپىيىداش ، رىتىملىق قىلىپ بىرمۇنچە ئېزىپ ئىچۇرسۇن ، ئۇ ۋاقىتتا شېئىر ھازىرقى شېئىردەك تەپەككۇر بوشلۇقى بىلەن كۈچلۈك تىراگېدىيىلىك ئېڭىمىز قوزغىغان ھايات ۋە ئۆلۈم ھەققىدىكى ھەقىقىي قىممەتنى ، بولۇپمۇ ھاياتنىڭ شۇقەدەر قەدىرلىنىشچان ۋە گۈزەللىكىنى بۇنداق چوڭقۇر ھېس قىلدۇرالمىغان بولاتتى.

بۇنداق بولغاندا ئاپتورمۇ ، ئوقۇرمەنمۇ ، شېئىرمۇ شېئىرىيەت بېغىشلايدىغان يۈكسەكلىكتىن مۇستەسنا بولۇپ ، لاۋزىلىشىپ قالىدۇ. مانا بۇ شېئىرنى شۇنچىلىك قىممەتكە ئېرىشتۈرۈپ تۇرالىغان نەرسە دەل ئۇنىڭدىكى تەسەۋۋۇرغا پەرۋاز بېغىشلاپ ، يۈكسەكلىك چوققىسىدا تۇرۇپ ئىگە بولۇنغان غۇۋا ، ساپ قىممەت ۋە ھاياتنىڭ گۈزەللىكىدۇر. شۇڭا ئابدۇقادىر جالالىدىن شائىر ھەققىدە: «ئۆزىنىڭ زىددىيىتىنى كۆرۈپ يېتىپ ، ئازابلىنىش بەختىگە ئېرىشەلىگەن شائىرنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئىستىلىستىكا ، شەكىل ، ماھارەت دېگەنلەر ئۆزلۈكىدىن پارتلاپ چىقىدۇ» دەپ ناھايىتى توغرا ئىپادىلىگەن.

غەرب ھازىرقى زامان ئەدەبىيات نەزەرىيىچىلىرىنىڭ شېئىرنى رېئاللىقنى تەسۋىرلەش بولماستىن ، بەلكى رېئاللىقنى تەرجىمە قىلىش دەپ قارىشىمۇ دەل مۇشۇنىڭغا قارىتىلغان. رېئاللىقنى بىز ھەر كۈنى كۆرىمىز ، ئۇنىڭدا ياشايمىز. ئۇنداقتا ئۇنى نېمىشقا تەرجىمە قىلىدۇ؟ بۇ يەردىكى رېئاللىقنى بىلىش ماددىلاشقان بىلىش بولماستىن ، دەل ئىلاھىيلاشقان بىلىشتۇر. بىزگە ئەنە شۇنداق تەرجىمانلار بولمىسا دۇنيا مۇشۇ ، باشاش مۇشۇ دەپ ياشاۋېرىمىز. گەرچە ئۇلار قەلبىدە غىل ـ پال بىر نەرسىلەرنى ھېس قىلسىمۇ ، ئەمما ئۇنى تەرجىمانلارغا ئوخشاش تەرجىمە قىلالمىغاچقا ئۇبدان چۈشىنەلمەيدۇ ـ دە ، شۇنچە چەكسىز روھىي ئالەمى ، مەنىۋى دۇنياسى شۇنچىلىك تار ، نامرات ۋە قاتمال ھالەتتە پەرۋىشسىز قالىدۇ. ئۆزلۈك قىممەت ئېڭىمۇ ئۆزىنى ئېنىق ھېس قىلالمايدۇ. بۇ ئادەتتىكىدەك تەرجىمە قىلىش بولماستىن ، رېئاللىقتىكى ھەر بىر نەرسىنىڭ روھىمىزدىكى سۈرەتلىرىنى يەنە روھسىمان تەرجىمە قىلىپ ، ئۆزىمىزگە قايتىش ئارقىلىق يېڭىدىن ـ يېڭى گۈزەل نەرسىلەرنى ھېس قىلدۇرىدىغان تەرجىمە قىلىشتۇر.

«شېئىردا رېئال تۇرمۇش مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى كېرەك ، لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى خۇددى سۈرەت تارتقانغا ئوخشاش ئەينەن كۆچۈرۈپ قويۇش كېرەك» دېگەنلىك ئەمەس. شېئىر لىرىكىچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان سەنئەت شەكلى بولغاچقا ، ئۇ بىپايان ، سىرلىق دۇنيا توغرىسىدا پىكىر قىلغاندا تۇرمۇشنى ئاددىي ، مېخانىك ، يۈزەكى ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ قويماسلىقى ، بىلىش پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى بولغان تۇرغۇن ھالەتتىكى بىلىملەرنى ئىزاھلاش شەكلىدە كۆرسەتمەسلىكى لازىم. چۈنكى شېئىرنىڭ ئۆزى سۇبيېكتىپ جەھەتتە ئەقلىنىڭ پائالىيەتچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدىغان پائالىيەت ، شۇنداقلا تارىخىي نەرسىلەرنى مەنىلىك نەرسىگە ئايلاندۇرىدىغان ، لوگىكىلىق بىلىم قۇرۇلمىسىنى ئوبرازلىق ئېستېتىك ئىجادىيەتكە ئايلاندۇرىدىغان جەرياندۇر. ئۇ دۇنيانى شائىرنىڭ قەلبىدىن ئىبارەت بىردىنبىر روجەك ئارقىلىق كۆزىتىپ ئوبيېكتىپ چىنلىقنى قەلب چىنلىقىغا ، تۇرمۇش چىنلىقىنى سەنئەت چىنلىقىغا كۆتۈرۈپ ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى «مەن» شەكلى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ، شائىرلارنىڭ بىلىش ئوبيېكتى شائىرنىڭ ئىچكى دۇنياسى ۋە ئىجتىمائىي ئېڭى بولۇشى ، شېئىرنىڭ چىنلىقى شائىرنىڭ ئىجتىمائىي ھايات چىنلىقىغا سادىق بولالىغان قەلب چىنلىقى ئارقىلىق ئۆلچىنىشى كېرەك» ⑤.

شېئىردىكى بۇنداق پۇراق ، غۇۋا گۈزەللىك قانداقتۇر 90 ـ يىللاردىن كېيىنكى شېئىرىيەتتە ياكى يېقىنقى زا-


uyghurkitap.com

مان شېئىر ئىجادىيىتىدە پەيدا بولۇشقا باشلىغان بولماستىن ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئاللىقاچان پىشىپ يېتىلگەندى . 1400 ـ يىللاردا ياشىغان نەۋائىنىڭ ئەسەرلىرىگە قارايدىغان بولساق ، بىز ئەمدىلەتىن قوبۇل قىلىۋاتىمىز دەۋاتقان مودېرنىزملىق ئۇسۇلنىڭ ئاللىقاچان نەۋائىي ئەسەرلىرىدە ناھايىتى قويۇقلۇقىنى ھېس قىلىمىز . نەۋائىي:

«ئەي ناۋائىي ، خىرقەسىن بەردى ، كارامەت ئەيلەدى
كىم ماڭا تەرتىبى ۋەجھى روھنى سەھبا قىلدى شەيخ» .

دەپ يازىدۇ . يەنى (ئەي نەۋائىي ، شەيخ شۇنداق كارامەت ئىش قىلدىكى ، بىرىنچىسىنى بېرىپ ، مېنىڭ نېسىگە مەي ئېلىپ ئىچىشىم ئۈچۈن يول تېپىپ بەردى) دەيدۇ . ناۋائىي ئۆزىدىكى مۇھەببەتنى ، ئېتىقادنى شۇنچىلىك تەسىرلىك ۋە يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەنكى ، ھەتتا كەيپ ـ ساپا ، مەي ـ شارابتىن ، جاھان خۇۋلۇقلىرىدىن مۇستەسنا بولۇپ ، پەرھىش يولىغا مېڭىش ئۈچۈن ئۆزىنى دۇئا ـ تىلاۋەتكە ئاتىغان شەيخنىڭمۇ نەۋائىنىڭ ئېتىقادى ئالدىدا ئاجىزلىق قىلغانلىقىنى يازىدۇ . بىز شەيخنىڭ چەكسىز گۈزەللىك ۋە تېخىمۇ كۈچلۈك ئېتىقادى ئىچىدە سۇسلاپ كەتكەن ئېتىقادىدىن يۇلقۇنۇپلا چىقىپ ، كۈچلۈك بىر ئېتىقاد نۇرى ئاستىدا تاتلىققىنە ئىللىق كۈلۈمسىرەيمىز . «شەيخ ئېتىقادى بىلەن نەۋائىي ئېتىقادى ئوتتۇرىسىدىكى يىراقلىشىش ئىچىدىكى ئەڭ چوڭقۇر مەنە قەلبىمىزنى تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدە زىلزىلىگە سېلىپ ، گۈزەللىكنىڭ ئەڭ يۈكسەك كامالىتىدىن بىزنى مەست قىلىدۇ.

نەۋائىي شېئىرلىرىدا «يار» بىلەن «فەنا يوق بولۇش» ئىدىيىسى كۈچلۈك بولۇپ ، سىمۋول ۋە گۈڭگالىقىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن . بۇ نەۋائىنىڭ ھەقىقەت ــ يار ، ئېتىقاد ، خۇدا دېمەكتۇر دەيدىغان ئىدىيىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ ، قىزنىڭ تەسەۋۋۇرى بىلەن بېرىلىۋاتقان «يار» ــ «خۇدا» ۋە «ھەقىقەت»كە ۋەكىللىك قىلىدۇ . بۇ شائىرنىڭ ئومۇمىي ئىدىيە قۇرۇلمىسىنىڭ غولى بولۇپ ، پۈتكۈل ئىجادىيىتىگە باشتىن ـ ئاخىر سىڭگەن . ئۇ تىلغا ئالغان «ئۆلۈش»مۇ ماھىيەتتە ئېرىشىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ۋىسالنىڭ ، ھەقىقىي ئاشىقلىقنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ ، ئۇ ئېرىشمەكچى ۋە تەشەببۇس قىلماقچى بولغان ئەڭ يۈكسەك ھەقىقەتتۇر.

شائىر شۇنداق دەيدۇ:

قىلدى مە زاھىردا خىيال زۇھۇر،
تاپقالى ئول ھۆسن كەمال زۇھۇر.
جىلۋەئى ھۆسنۈڭەچۇ يوق ئېردى ھەد،
كۆزگۈ كېرەك بولدى ئاڭا بىئەدەد.

ئاچتى بۇ گۈلشەنكى رەڭگىن ئېرىر،
ھەر گۈل ئاڭا ئائىنەئى چىن ئېرۇر.
جىلۋەئى ھۆسن ئولغالى زاھىن ئاڭا،
بولدى بۇ مىر ئات مەزاھىر ئاڭا.

شائىر بۇ مىسرالىرىدا پۈتۈن كائىنات «ھۆسنى مۇتلەق» (مۇتلەق گۈزەللىك ، يەنى خۇدا)نىڭ ئۆز ھۆسنىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئەينەك سۈپىتىدە يارىتىلغان دەيدۇ . ئۇ يەنە شۇنداق يازىدۇ: «كۈچلۈك بوران ئۆزىنىڭ يۈكسەك دولقۇنلىرى بىلەن سۇ يۈزىدە ئۆركەشلەرنى پەيدا قىلىپ ، مىڭ خىل نەقىشلەرنى پەيدا قىلىدۇ . بۇ نەقىشلەر دەممۇدەم يوقىلىپ ، يەنە مىڭ تۈرلۈك يېڭى دولقۇنلار پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ . ئەگەر سەن بۇ ھادىسىگە ياخشى نەزەر سالساڭ ، دېڭىز دولقۇنلىرىدا تۇراقلىق بىر مەۋجۇتلۇقنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى كۆرىسەن . چۈنكى ئۇ ھامان دېڭىز يۈزىدە يوقىلىپ تۇرىدۇ ، دېڭىزدىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى يوقالغۇچىدۇر.

نەۋائىي مۇنداق دەيدۇ:

زاھىد ئۇجماغ تىلەدىيۇ ياردىن مەن ھەم ئۈزىن،
يارەم ، ئۇشبۇ ئىككى مەتلۇب بەرابەرمۇ ئېكىن.

(زاھىد جەننەت تەلەپ قىلدىكى ، مەن يارنىڭ ئۆزىنى تەلەپ قىلدىم ، بۇ ئىككى ئارزۇ ئوخشاشمايدۇ ، شۇنداق بولغاچقا زاھىد يار ئۈچۈن جېنىنىمۇ پىدا قىلالمايدۇ).

ئاشىقنىڭ مىڭ جانى بولسا ئايىماس مەشۇقىدىن،
ئار ئىستەرسەن زاھىرا بىر جانىڭنى قۇربان ئەتمەكتىن.

شۇڭا ئۆزلىرىنى «مەشۇق»قە چىن دىلىدىن ئاشىق دەپ ھېسابلىغان دىدار تەلەپ ئاشىقلارنىڭ نەزىرىدە قەلب كۆزىنى يورۇتماستىن (يەنى چىن دىلىدىن قىلماستىن) ، قارىغۇلارچە ئەگىشىپ شەكلۋازلىق قىلىش ياكى ھەققە بولغان سادىقلىق ئەمەس ، بەلكى رىياكارلىق ، ساختىلىق دەپ قارالغان . ئۇلارنىڭ پىكرىچە ھەققە بولغان ساداقەت پەقەت قەلبىدىكى چەكسىز ئىشق ئارقىلىقلا ئىپادىلىنىدۇ . ۋۇجۇدى ھەقىقىي ئىشق بىلەن تولغان چىن ئاشىقنىڭ قەلبىدە مەشۇق سۆيگۈسىدىن باشقا نەرسە بولمايدۇ . ئۇنىڭ تىلى مەشۇقتىن ئۆزگىنىڭ گېپىنى قىلمايدۇ ، ئۇنىڭ دىلى مەشۇقتىن ئۆزگىنى خىيال قىلمايدۇ . زاھىدلار بولسا كىشىلەرگە كۆز ـ كۆز قىلىش ئۈچۈنلا ئۆزلىرىنى تەقۋادار كۆرسىتىدۇ . مانا بۇ كلاسسىك شېئىرىيەتتىكى ئۆزلىرى ئىشق شارابىدىن بىھوش بولۇپ ، ساقىيدىن مەي تەلەپ قىلىپ ھارمايدىغان دىدار تەلەپ ئاشىق شائىرلارنىڭ زاھىدلارنى ، رۇھدۇ ـ تەقۋانى سۆكۈپ قامچىلىشىدىكى تۈپ سەۋەب» ⑥. مانا بۇلار



TANGRITAG LITERATURE

نەۋائى ئىدىيىسىنىڭ شېئىرىي غۇۋالىقتا ئەكس ئەتتۇرۇلگەن يارقىن كۆرۈنۈشى . نەۋائى شېئىرلىرىنىڭ جېنىنى ھېسابلىغاندا ، بۇ خىل پۇراقنى ھازىرقى مودېرنىزمچىلارمۇ ئۇنچىلىك ۋايىغا يەتكۈزۈپ بولالمىدى.

«يوقلۇق ــــ بارلىقنىڭ كۆز ئالدىدا يوقلۇقى ، ھىجران ــــ ۋىسالنىڭ شۇ دەقىقىدە يوقلۇقى ، ئاچلىق ــــ توقلۇقنىڭ شۇ چاغدىكى يوقلۇقى ، خەستىلىك ــــ سالامەتلىكنىڭ تەندە يوقلۇقى»⑦ بولۇپ ، بۇلار ئارىسىدا رېئال ھەقىقەت ئۆز ئىچىگە سىڭدۈرگەن بارلىق بىلەن يوقلۇق ئوتتۇرىسىدىكى بىر ـ بىرىگە يېقىن ، ئەمما پاراللېل ، شۇنداقلا چەكسىز مۇساپىنىڭ بىزگە بېرىدىغان تەسىراتىدىن نۇرغۇن مەنىئى مۆجىزىلەرنى ئۆزىدە ئاپىرىدە قىلغان مەنبە ــــ دەل ئۇنىڭدىكى غۇۋا گۈزەللىكتۇر . «ئىنساندا كائىنات مۇمكىنلىكلىرىنىڭ ھەممە قاتلاملىرى بىلەن كۆرۈنمىلىك سۈرەت ۋە يوشۇرۇن تىلسىمات نەمۇنىلىرى ساقلانغان . ئىنساننىڭ سۈرىتىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئاددىي كۆز كۇپايە . ئۆز غوجىسىنى ئىتمۇ ، مۈشۈكمۇ كۆرىدۇ . ئىنساننىڭ ماھىيەتلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئەينەك كېرەك ، بۇ ئۆزلۈك ئەينىكىدۇر (ئۆزلۈك ــــ ئۆزىنى بىلمەكلىك) . ئىنساننىڭ ئۇلۇغ تەبىئەت ئالىمى سۈپىتىدە تۇرغان ھازىرقى ھالىتى ئۇنىڭغا نىسبەتەن ساۋاتسىزلىقتىن ئىبارەت ، خالاس»⑧ . شېئىر مانا مۇشۇ ئۆزلۈكنىڭ سەنئەت زېمىنىدىكى بىر خىل ئەينىكىدۇر . بىز بۇ ئەينەك ئارقىلىق ئۆزىمىزنى كۆرگىنىمىزدە ئىزدەشلىرىمىز ، قەدىرلەشلىرىمىز ، بۈگۈن ۋە ئەتە ھەققىدە ئويلىنىشلىرىمىز ، ئۇنىڭدىن ئېرىشكەن ئاچچىق ـ چۈچۈكلەردىكى گاھ ئازابقا ، گاھ تەشنالىققا ، گاھ يىقدتىشقا ، گاھ ئېرىشىش ئىچىدىكى گاڭگىراشقا ئوخشاش تۇيغۇلاردا ئۆزىمىزنىڭ قىممىتىمىزنى غۇۋا ھېس قىلغاندەك بولىمىز.

بۇ يەردىكى ئەينەك ئارقىلىق كۆرۈپ ، ھېس قىلىپ يېتەلىگەن قىممەت ــــ گۈزەللىكتۇر . بۇ خىل گۈزەللىك ئۆز ئىچىگە ئالغان تەركىبلەر سىمابتەك لىغىرلاپ ، ھەر بىر تىترىگەندە ئوخشاش بولمىغان تەسىراتقا باشلايدۇ . بۇ خىل گۈزەللىكنىڭ سەنئەت زېمىنىدىكى قىممىتى شۇ يەردىكى ــــ ئۇنىڭ نەتىجە ـ سەۋەب ۋە زامان ـ ماكان مۇناسىۋىتىدىن ھالقىپ ، قايناق ، مۇرەككەپ روھىي دۇنيانى يەنە رەڭدارلىق ئۆز ئىچىگە ئالغان ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ زىددىيەتلىك قاتلىمى بىلەن ئۆز ئەسلىگە سادىق ھالدا ئىپادىلەنگەنلىكىدە . ئەگەر بىز ئۇنى كونكرېت ئەمەلىيەت بىلەن ئىسپاتلىماقچى بولۇپ ، مەلۇم بىر ئوبيېكتنىڭ ئىچ ـ باغرىنى بىر ـ بىرىدىن چۈشەندۈرمەكچى بولساق ، بۇ ۋاقىتتا بىز ھېلىلا ئىگە بولغان چەكسىز بىر روھىي گۈزەللىكنىڭ ھۇزۇرىنى يوقىتىپ قويىمىز.

شۇڭا ، بۇ خىل گۈزەللىك ئۆزىنىڭ مۇرەككەپ ھېس ـ تۇيغۇغا باشلىيالايدىغان سېھرىي كۈچىنى پەقەت ئاشۇ ھەر بىر غىل ـ پال چاقنىشىدا ھەر خىل تەپەككۇر ۋە ھېسسىياتنىڭ بوسۇغىسىغا باشلىيالايدىغان پائالىيەتچانلىقىدا ئىپادىلەيدۇ . بۇ خىل پائالىيەتچانلىق دەل ئۇنىڭ بىر پۈتۈن روھىيىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە يىلتىز تارتقان كۆپ قاتلاملىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان گۇڭگا سېزىمىنى ئۆزىنىڭ مەنبەسى قىلغان . ئادەمنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى رېئال مەۋجۇدىيەت ۋە روھىي مەۋجۇدىيەتنىڭ بىرلىكى دەپ قارىساق ، ئۇ ھالدا روھىي مەۋجۇدىيەت دەل ئىنسان تەبىئىتىدە يوشۇرۇن ساقلىنىپ ، مۇئەييەن گۇڭگالىق ئىچىدە ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ ، ئادەمنىڭ بىر پۈتۈن پائالىيىتى جەريانىدا گاھ ئىجابىي ، گاھ سەلبىي تەسىر كۆرسىتىپ بارىدۇ . شۇڭا گۈزەللىك قارىشىمۇ ئۆزلۈكسىز يېڭى مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ تۇرىدۇ . ئۇنىڭ ھاياتى دەل شۇنىڭ سېھىرلىك تۇيغۇلۇشى بىلەن ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىشىشىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىنسان ئۆزىنىڭ گۈزەللىك سەزگۈسىنى يوقاتمايدۇ ، گۈزەل نەرسىلەرگە تەلپۈنۈپلا ياشايدۇ.

مانا مۇشۇنداق مۇرەككەپ پسىخىك تەرەققىياتنىڭ نازۇك شەكىل ، رەڭ ، ئۈن ئۆزگىرىشلىرىنىڭ دەقىقە ئىچىدىكى تېز سېزىمىسى بولغان شېئىر ئۈچۈن بۇ بېغىشلايدىغان خىرە گۈزەللىك ، گۇڭگا تەسىراتلار ۋە ئۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يېڭىدىن ـ يېڭى لەززەتلىنىش ، ئازابلىنىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان روھىي پاكلىنىش ، تراگېدىيە ئىچىدە ئۆزىنى بىلىش ۋە چەكسىزلىك يارىتىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى شېئىرلاردىكى گۇڭگا گۈزەللىكنىڭ سېھرىي كارامىتى بولۇپ ، بۇ شېئىرنى شېئىر قىلىپ تۇرىدىغان ھەل قىلغۇچ ئامىلنىڭ بىرىدۇر.

①ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ «ساھىل ۋە سەيياھ» ناملىق ماقالىسى («تەڭرىتاغ ژۇرنىلى» 1994 ـ يىل 6 ـ سان ).

②④⑤مۇختار مەخسۇتنىڭ «ئەخمەتجان ئوسمان شېئىرلىرى توغرىسىدا» ۋە «يېڭىچە شېئىرلار ھەققىدە ئىككى ئېغىز پاراڭ» ناملىق ماقالىلىرىدىن («تارىم ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىللىق 11 ـ سان ۋە 1991 ـ يىللىق 11 ـ سانلىرى ).

③ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ «ئەقىل مېۋىسى ۋە شەيتان» ناملىق ماقالىلەر توپلىمىدىكى «ئۆتكۈردىن بوشلۇقتا قاراپ...» ناملىق ماقالىسىدىن.

⑥ھۆرمەتجان ئابدۇراخماننىڭ «نەۋائى ۋە تەسەۋۋۇپ» ناملىق ماقالىسىدىن («تەڭرىتاغ ژۇرنىلى» 1999 ـ يىللىق 3 ـ سان ).

⑦⑧ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1993 ـ يىللىق 5 ـ ، 6 ـ سان ).

تەھرىرلىگۈچى: **پولات ھېۋزۇللا**



# شېئىرغا كىرىش

ئەنۋەرجان سادىق كۆكنۇر

بىر كۈنلۈك خىزمەتنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ، ھارغىن ھالدا ئۆيگە قايتىمەن . دەل ئاشۇ دەقىقىلەردە ئۆزۈم ھۆرمەتلىگەن ، ھۆرمەتلەيدىغان شائىرلارنىڭ قايسىدۇر بىر مىسرالىرى كاللامغا كىرىۋالغاندەك بولىدۇ . تۇرۇپ ئويلانساق ھاياتنىڭ جىمى جەريانلىرى بىر پارچە شېئىردەك ياكى شېئىرنىڭ جىمى جەريانلىرى رىيازەتلىك ھاياتتەك...

ئۇنتۇلغان ، ئۇنتۇلۇۋاتقان ، ئەسلىگەن ، ئەسلىنىۋاتقان ، پەسلىگەن ، پەسلىنىۋاتقان ، يىگىنى يەپ ، يىيەلمىگىنى تاش غاجاۋاتقان . قۇياش نەچچە مىڭ يىلنىڭ مابەينىدە ، نەچچە مىڭ يىللىق گۇناھنىڭ ۋە ساۋابنىڭ شاھىدى بولۇۋاتقاندەك ئۆز سىرلىرىنى كېچىدىكى ئايغا تۆكمەكچى بولىدۇ . ئاي شائىرنىڭ ئىچىگە كىرىۋالالايدىغان دەقىقىلەردە قۇياشنىڭ نۇرى بىر مەررە ئەمەس ، مىڭ مەررە سۇنماسمۇ؟

شېئىرنىڭ تولغىقىدا پۇچۇلىنىۋاتقان شائىر شېئىردىن ئەمىنلىك ئىزدىمەس ، ئۇنداقتا بىز شېئىرغا قانداق كىرىمىز؟

شائىرنىڭ شېئىرغا كىرىش جەريانى — شائىرنىڭ ئۆز ـ ئۆزى بىلەن ، تەبىئەت ، كائىنات بىلەن ، دەقىقىلەر ئارىلىقىدىكى غايەت زور تىركىشىش ، چىڭقىلىش جەريانىدۇر . ئۇنىڭ ئۇرۇنمىقى بەك مۇشكۇل! ئەنە شۇنداق روھىي ئېزىلىش ، سىقىلىشلار نەتىجىسىدە ئاپىرىدە بولغان شېئىرغا بىز قانداق پوزىتسىيە تۇتتۇق؟ خۇش بولدۇق ، مەيۈسلەندۇق ياكى يا خۇش بولۇشنى ، يا مەيۈسلىنىشنى بىلەلمىدۇق . ئىنسان ئەسلىدىنلا بىلمەسلىك چۆلىگە تاشلانغان بىلىش مەنزىلىگە قاراپ يولغا چىققۇچى . ئۇنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى تىركىشىش! ئەگەر ئۇ قاچانكىم تىركىشىشنى بوشاشتۇرىدىكەن ، تاشلىنىش ، براك بولۇش دېگەن ئەنە شۇ . ئۇ تىرىشىپ ـ تىرمىشىشى ، جان ـ جەھلى بىلەن تىركىشىشى ، روھىنى ، ئەقلىنى ، ئىشقىنى ئىزدىشى ، ئامالنىڭ بارىچە بىلىشكە ئىنتىلىشى زۆرۈر . نىھايەت ، بىلىشمۇ ئازاب ، بىلمەسلىكمۇ ئازاب! شېئىر ئاشۇ سىرلارنى ، ھېكمەتلىرىنى نامايان قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ.

شېئىرغا كىرىش — شېئىرغا ئايلىنىش دېمەكلىك.

ھايات ئۆزىنى سۆيگۈچىلەرنى سۆيىدۇ . ھايات بەزىدە قاتتىق تاش ، بەزىدە بىر بۇردا زاغرا ، بەزىدە بىرنەچچە تامچە ئىسسىق ياش ، بەزىدە خۇشال كۈلكە... بولۇشى ھەم مۇمكىن . شېئىر ئەنە شۇ رەڭگارەڭ ، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل جىلغىلاردىن خىلۋەت سۇلار كەبى ئېقىپ كەلگىنىدە بىز خۇدىمىزنى يوقىتىپ باقتۇقمۇ؟ بىر لەھزە جىمجىت ئولتۇرۇپ باقتۇقمۇ؟ دۇنيانىڭ نەدىن

TANGRITAG LITERATURE

كېلىپ نەگە بارىدىغانلىقىنى دەقىق ئىچىدە بولسىمۇ تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر ھۆرلۈكىمىزدە ئويلىنىپ باقتۇقمۇ؟ ياكى شېئىرنى چۈشىنىشنى ۋە ئۇنىڭغا كىرىشنى ئەپسانە گەپ قاتارى رەت قىلدۇقمۇ؟...

شېئىرنىڭ ھۆر تۇيغۇلىرى ئۆلمەستۇر . ۋۇجۇدىمىزنىڭ تىرەن قاتلىمىدا قانداقتۇر بىر خىل شىددەتلىك تاشلىنىش ۋە ئاشقانە ئىچىرقاشلارنى سەزگەن ۋاقتىمىزدا لىرىكىنىڭ ، ھېس ـ تۇيغۇنىڭ كارامىتىگە ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ماددىي تىرىكچىلىكنىڭ نەقەدەر غېرىبلىقىغا ، ئاجىزلىقىغا پەيغەمبەرلەرچە ، ئەۋلىيالارچە ، زاھىتلارچە ، ئاشىقلارچە ، مەشۇقلارچە تەركىيات نەزىرىدە بولىمىز . شېئىرنىڭ ھۆر تۇيغۇلىرى مىليون دوللار بىلەن ھۆزۈرلانغىلى ، مەستخۇشلانغىنى بولمايدىغان سېھرىي كۈچى بىلەن بىزنى شېئىرنىڭ ئىزىتقۇ قەسرىگە باشلاپ كىرىدۇ . بىز ئۇ يەردە ئەمەلدە ، ھېچنېمىگە ئىگە بولالماسلىقىمىز مۇمكىن . شائىر بۇ نۇقتىدا تۇيغۇنىڭ بىمەنىچىلىرى ، ساراڭلىرى قاتارى بىرقىسىم كىشىلەر ئاغزىدا مەنزۇر ۋە مەھزۇندۇر.

شېئىرغا كىرىش ــ ئىپادىلەپ بولغىلى بولماس بىر قىممەتلىك ھۆزۈر يۈكسەكلىكى كەبى تەبىئەتنىڭ ئىنسان ۋۇجۇدىغا كىرىش ، قوشۇلۇش جەريانى بولسا كېرەك ۋە ياكى ئىنساننىڭ ئىختىيارسىز ھالدا قەلبىگە ئىلاھىي نۇرىنى سومۇرۇۋېلىش دەملىرىدۇر.

شېئىرغا كىرىش قانچىكى تەبىئى ، قانچىكى سەممىي بولىدىكەن ، شائىر شۇنچىكى يالىڭاچلىنىدۇ . خالىغان ئادەمگە شېئىرغا كىرىش نېسىپ بولمايدۇ . ئەلۋەتتە ، ئۇ بەك سىرلىق نەرسىمۇ ئەمەس . شۇنداقتىمۇ چۈشىنىش شېئىرنىڭ تونجى بېكىتى . بۇ بېكەتتە كىملەردۇر يىراقلارغا سەپەر قىلغۇچى ، كىملەردۇ قول يۇلاڭشىتىپ قېپقالغۇچى ، كىملەردۇر ئۇنىسىز ياش تۆككۈچى ، ئىشقىلىپ ، شېئىردىكى سىز خالىغان تۇيغۇ ــ دەل سىز ، دەل ئۇ ، دەل مەن ۋە ياكى دەل بىز ھېس قىلىشقا ئۇرۇنماقچى بولغان پەللە ! ئۇنداقتا بىز نەدە؟ شېئىر نەدە؟

شېئىرغا دەسلەپ كىرگىنىمىزدە شۇنداق ئىستىھزا ۋە گاڭگىراشتا قالغىنىمىزدا ، ئۆزىمىزنى يوقاتقىنىمىزدا ، بىز بىلەن شېئىرنىڭ بىر تامچە ئىسسىق ياش كەبى يۈرىكىڭدىن ئېقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ، بىر ـ بىرىگە ئېرىپ كەتكەنىنى ھېس قىلماسسىزمۇ؟ مانا بۇ شېئىرغا كىرىش؟ مانا بۇ شېئىر؟

بىر مىسكىن مىللەتنىڭ دەردىنى سۆزلىگۈدەك سورۇنى دەل شېئىردىن ئىبارەت . ئۇنىڭدا ۋايساشمۇ بار ، خۇش بولۇشمۇ بار ، ئۇنىڭدا پۇشايمانلىق ۋە ئىپتىخارلىق ئۆتمۇشمۇ بار ، غۇۋا كەلگۈسىمۇ بار . ئىنسان مۇناجاتلىرىغا سىڭىپ كەتمەكچى ، يالغۇزلۇقىڭىزنى ، غېرىبلىقىڭىزنى سەزمەكچى ، چۈشەنمەكچى بولسىڭىز شېئىرغا كىرىپ بېقىڭ ، مەيلى شائىر بولۇپ ، مەيلى ئوقۇرمەن بولۇپ كىرىڭ . سىزدە شېئىرغا نىسبەتەن ئىشتىياق ، ھېس قۇۋۋىتى بولسىلا.

بەلكىم سىز ئىزدىگەن ماددىي موھتاجلىق ، ئېسىل ئۆي ، ئېسىل ماشىنا.. . شېئىردا يوق بولۇشى مۇمكىن . پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالام ئېيتقاندەك: «ھەقىقىي بايلىق ــ روھىي بايلىقتۇر» . ناۋادا روھىي ئېچىرقاش ، قۇرغاقلىق ۋۇجۇدىڭىزنى قاپسىۋالسا ئېسىل شېئىرنى ئوقۇسىڭىز ، ئاشۇ روھىي بايلىققا ئازراق بولسىمۇ ئىگە بولۇپ قالامسىز تېخى؟ ئۇنىڭغا شېئىر نېمىدەر؟

تەھرىرلىگۈچى: **پولات ھېۋزۇللا**



# شائىر ۋە تەپەككۇر ھوقۇقى

راخمانجان ئاۋۇت ئۆزھال



ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس ياشاش ئۇسۇلى بولغىنىدەك ، ئۆزىنىڭ تەپەككۇر ئالىمى بولىدۇ . ئۆزىنىڭ ئەقلىي ئالىمىدە گاھى چاقماق چاقسا ، گاھىدا بوران چىقىدۇ . گاھىدا ئىنسان ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆزى كۈتكەندەك ئادىمىلىك پەزىلىتىنى ئىزدەپ قەلبىنى قازىدۇ . بەزى بولۇشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ ئۆزىدە يوقلۇقىدىن ئۆكۈنسە ، بار بولغان نەرسىلەرنىڭ ۋەزنىنى دەڭسەيدۇ ۋە تەڭشەيدۇ ، سەمىمىيەت ئالىمىدىكى ئورنىنى چوڭقۇر كۆزىتىدۇ . شۇ جەرياندا ئادەم ئۆزىنىڭ تەپەككۇر ئالىمىدىكى ئەركىنلىكتىن بىمالال بەھرىمەن بولىدۇ ۋە بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بايقايدۇ. ئىنسانىدىكى سەزگۈرلۈك ، ئۆزلۈكىنىڭ قايتا ـ قايتا تاۋلىنىشى ، كۆزقاراشلارنىڭ يېتىلىنىپ شاللىنىشى ئاساسىدا ئويغىنىپ ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان دۇنيانى ئىزدەيدۇ . ئەنە شۇ چاغدا ئادەم قەلبىنى سان ـ ساناقسىز زىددىيەتلەر ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالىدۇ . ئادەم ئازابلانغانسېرى قەلبى نازۇك تارغا ئوخشاپ قالىدۇ . بۇنداق قەلبكە تەگكەن ، تەسىر قىلغان ھەرقانداق نەرسىدىن ياڭرىغان سادا جەلپكار ، سېھرىي كۈچكە ئىگە سەنئەت ئالىمىنى بەرپا قىلىدۇ . شۇ قەلب ئىگىسىنىڭ ئىقتىدارى نېمىدىن دالالەت بەرسۇن ۋە نېمىگە ئىقتىدارى يەتسۇن ، ئۇنىڭدىن ئادەمنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرغۇدەك رەڭدار سەنئەت ئەسىرى تۇغۇلىدۇ . ياردىلىش ۋە ياشاش ھەربىر ئىنساننىڭ شەكسىز ھوقۇقى . شۇنداق بولغانىكەن ، ئۇنىڭ نېمىنى سۆيۈش ، نېمىنى ياخشى كۆرۈش ۋە نېمىدىن بىزار بولۇش ياكى ياخشى كۆرمەسلىك ھەققى ، ھوقۇقى ۋە سالاھىيىتى بولىدۇ ، ئەلۋەتتە . مەن شائىر مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ شېئىرلىرىدىن ئەنە شۇنداق ھالال بىر نىيەتنى ، پاكىز ئېتىقادنى ھېس قىلسام ، شېئىرلىرىنىڭ تىرەنلىكىدە ياڭراۋاتقان جىمجىت كېچىدىكى بۇلاق سۈيىنىڭ شىلدىرلاشلىرىدەك نازۇك بىر سادانى ئاڭلايمەن. دەرھەقىقەت مۇھەممەتجان راشىدىن ئۆزىنىڭ قىممەت قاراشلىرىنى ، ھايات ھەققىدىكى ئاددىي ئويلىنىشلىرىنى ، ئۆزى ۋە باشقىلار ھەققىدىكى ئادەم بولۇشنىڭ ۋىجدانىي پرىنسىپلىرىنى توختىماي تەكىتلەپ ، سەمىمىيلىكنى ئۇلۇغلايدىغان يۈكسەك پەزىلەتكە ئىگە ئاددىيلىق ئىچىدە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي سەنئەت ئالىمىنى ياراتتى.

مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ ھەربىر مىسرالىرىدىن كىشىلەرگە بولغان ئىزگۈ تىلەك ، دوستلۇققا بولغان چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەت ، ھەققانىيەتكە بولغان سېغىنىش ، ئادىمىلىككە بولغان ۋە ئاددىي ئادەملەردە بولىدىغان ئارزۇ ـ ئارمان ، چۈچۈك تىل ئارقىلىق ئاممىباب ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ .

ھازىر شېئىرىيەت ساھەسىنى ئەيىبلەش ۋە كەملەردىندۇ ئاغرىنىش ، ھەتتاكى ئوچۇق ـ ئاشكارا تىللاش خاھىشى سىڭىپ كەتكەن سۆز ـ ئىبارىلەر قاپلاپ كەتتى. بۇ شېئىرلاردىن يېڭىچە تەپەككۇر كەڭلىكى ياكى تىل ئىشلىتىشتىكى ئالاھىدە يېڭىلىقنى كۆرۈش ۋە بايقاش مۇمكىن ئەمەس. مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ تەسەۋۋۇر ئالىمى ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ ، ئۇ بەزىدە ئاتىلىرىمىزدەك سالاپەت بىلەن ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويۇۋاتقانلارغا ئىشارەت تۇسى ، قويۇق ئىبارىلىرى ئارقىلىق تەربىيە بەرسە ، بەزىدە ئەمدى ياشلىق بالاغىتىگە توشۇپ ، ۋۇجۇدىدا ئەرلىك قېنى قايناپ تېشىۋاتقان يىگىتلىك سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ ، خىيالىي جىمجىتلىق ئارىسىدا ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان قىزنىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلاۋاتقان يىگىتنىڭ ئوي ـ خىيالىنى شۇنچىلىك

نەپىس ۋە رېئال ئىپادىلەيدۇ . ناخشىچىلارنىڭ ئوتلۇق نەپەسلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئالىمىنى تىنىمسىز لەرزىگە سېلىۋاتقان سادالارنىڭ كۆپىنچىسى چوقۇم مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ بولغان بولىدۇ . مەيلى شىمالىي شىنجاڭ بولسۇن ، مەيلى جەنۇبىي شىنجاڭ بولسۇن ، ھەركۈنى بولۇۋاتقان توي ــ تۆكۈن ، تۈزۈلۈۋاتقان سورۇنلاردا ئۇنىڭ جەڭگىۋار مىسرالىرى قايتىلىنىپ ئېغىزغا ئېلىنىدۇ . مانا بۇ ئەمەلىي رېئاللىق شېئىرنىڭ نەقەدەر بۈيۈك ، شائىرنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلۇقىنى بىزگە ھېس قىلدۇرۇشقا تامامەن يېتەرلىك بولسا كېرەك.

ھازىر كۆپىنچە شائىرلاردا ئورتاق بىر مەسىلە مەۋجۇت ، ئۇ بولسىمۇ ئۆزى چوڭقۇر ھېس قىلىپ يەتمىگەن ئىجتىمائىي مەسىلە ۋە ھادىسىلەرگە ئېسىلىۋېلىپ زورۇقۇپ پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە بىر ئىشلارغا بېرىلىدىغان يەڭگىلتەك باھانى بارماق ساناپ قۇراشتۇرۇپ ، ئۇنى ھېچكىم ھېس قىلىپ باقمىغان بۈيۈك بايقاش سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا تاشلاپ ، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە «شائىر دېگەن قۇرۇق گەپ ساتىدىغان ئادەم» دېگەن كۆزقاراشنىڭ شەكىللىنىشىگە يول قويۇۋاتقانلار ئاز ئەمەس . ھەر بىر ئادەمنىڭ پسىخىكا ــ ساپاسى ۋە بىلىم قۇرۇلمىسى شېئىر ۋە سەنئەتكە بولغان چۈشەنچىسى ۋە تەلىپى ئوخشاش بولمايدۇ ، ئەلۋەتتە. بىراق شېئىرنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق رولى باركى ، ئۇنىڭ ئورنىنى باشقا ھېچقانداق سەنئەت شەكلى ئارقىلىق تولدۇرغىلى بولمايدۇ . قاپىيە بولۇپ رىتىم بولمىسا ، شەكىل بولۇپ مەنىسى بولمىسا ئۇ پەقەت ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان خەتتىن باشقىغا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ ، خالاس.

بەزى شېئىرلارغا قارايدىغان بولساق ، مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشكىمۇ ئەرزىمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز . قاپىيىنى ئاساس قىلىپ يېزىلغان شېئىرلار بىر خىل ئۇداردا ماڭىدۇ ، ئۇنىڭدىن بىرەر مەنە تەلەپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس . مەسىلەن ، كۆپىنچە شېئىرلارنىڭ رىتىمى ۋە قاپىيىسى بىرخىلدا ماڭىدۇ.

قويۇپ بېرەي چايىنى،
تۇتۇپ بېرەي تايىنى.
ئۈزۈپ بېرەي ئايىنى،
قىرىپ بېرەي لايىنى.
كېزىپ بېرەي سايىنى،
ئېيتىپ بېرەي جايىنى.

دېگەندەك مىسرالارنى قۇراشتۇرۇپ مەلۇم بەدىئىي پەللىنى كۆزلەپ ئەمەس ، پەقەت شېئىر يېزىش ۋەزىپىسى باردەكلا شېئىر دەپ ئىسىم قويۇلغان خەتنى يازىدۇ . مۇشۇنداق شېئىرلارنى يازىدىغانلارنىڭ كۆپلۈكىدىنمۇ ، ئىشقىلىپ مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ شېئىرلىرى ماڭا ئاجايىپ زوق ئاتا قىلىدۇ . مېنىڭ دىققەت قىلىشىمچە ، مۇھەممەتجان راشىدىن مەيلى ئانا توغرىسىدا بولسۇن ، مەيلى باشقا تېمىلاردا بولسۇن ، ئەڭ كۆپ ۋە ئەڭ سۈپەتلىك شېئىرلارنى يازغان شائىر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئەينى چاغلاردا ئۇنىڭ «ئانام سەن يوق» ناملىق شېئىرى ئېلان قىلىنىپ كومپوزىتور ، ناخشىچى ئابدۇرېھىم ھېيت تەرىپىدىن ئاھاڭغا سېلىنىپ ئوقۇلۇپ ، جەمئىيەتتە زور تەسىر قوزغىغاندى ، كېيىن يەنە ئۇنىڭ ئانا توغرىسىدا نەچچە پارچە شېئىرى ئېلان قىلىندى . ئانىسىدىن بىمەھەل ئايرىلىپ قالغانلار ھەسرەت بىلەن كۆز يېشى قىلسا ، ئانىسى ھاياتلار ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە ئانا دېگەننى قانداق قەدىرلەش كېرەكلىكى ئۈستىدە ئويلاندى . ئۇنىڭ رەڭدار خىيال ئالىمىدە جۇلالانغان ھەرقانداق بىر تۇيغۇ چوقۇم مۇكەممەل ھالەتتە قىل سىغقۇسىز كەيپىيات بىلەن ئىپادىلىنىدۇ . شائىرنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارى بىلەن ئىپادىلەش تالانتى بىرلەشسە ھادىسىنىڭ ماھىيىتىگە چوڭقۇر چۆكەلەيدۇ . كۆزىتىش ئىقتىدارى ئارقىلىق ھېس قىلىش بىرلەشسە ، ئۇ بىر يېڭىلىق سۈپىتىدە ئاجايىپ سەنئەت ئەسىرى بولۇپ مەيدانغا چىقىدۇ . ھەممە ئادەم ھېس قىلىۋاتقان تۇيغۇنى بەدىئىي ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا تايىنىپ سەنئەت ئەسىرىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ ئۆزى باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ھەقىقىي تالانتنى نامايان قىلسا ، ئۆزى ھېس قىلماستىن تۇراقسىز ئاددىيلىقنى مۇكەممەل بولغان بۈيۈك بىر پەللىگە ئېلىپ چىقىدۇ.

بىز ئۇيغۇرلار ناھايىتى ئەمەلىيەتچىل مىللەت . ئوبيېكتىپ نەرسىلەرگە بولغان سەزگۈرلۈك ئىگى بىزنى ھەرقانداق نەرسىگە ئەمەلىي مۇئامىلە قىلىدىغان سەزگۈر ھېسسىياتنى يېتىلدۈرگەن . نەزەرىيە بولسا ھامان ئەمەلىيەتتىن تۇغۇلۇپ تۇرىدۇ ۋە ئەمەلىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ . ھازىرقى زامان مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن ۋە باشقا مىللەتتىن بولغان ھەرقانداق بىر كەسىپ ئەھلى بىر ئىش ، كەسىپ بىلەن شۇغۇللانماقچى بولسا ، ئۇنىڭ

نەزەرىيىۋى ئاساسىنى ئىگىلەشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويسا ،
بىزدىكى سەزگۈرلۈك ئىككى ئۇنىڭغا يول قويمايدۇ . مانا
بىزدىكى ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىش ئىگىنىڭ ئۆزىنى
ئاڭلىق هالدا ئىپادىلىشى . سەھرادا ياغاچچىلىق ، تام-
چىلىق ، كىگىزچىلىك ، تىكىنچىلىق ، ئەنئەنىۋى
ئۇيغۇر تىبابىتىدە داۋالاش قاتارلىق هۈنەر ـ كەسىپ بى-
لەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ كۆزىتىش
ئىقتىدارىغا تايىنىش ئارقىلىق كەسىپنى ئەمەلىيەتتىن
ئۆگىنىدۇ . ئون ئىككى مۇقامدەك بۈيۈك سەنئەت ئەسى-
رىنى سانسىز ئەسىرلەردىن بۇيان ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاش-
تۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ بارلىققا كېلىپ تەرەق-
قىي قىلىش جەريانى ياكى ئۇنىڭ ئىستېتىك قىممىتى ،
قۇرۇلمىسىنىڭ قانۇنىيىتى قاتارلىق نەرسىلەرنى نەزەرد-
يىگە تايىنىش كېرەك ، دەپ ئولتۇرماي ، ئەمەلىيىتى
ئارقىلىق ھەممە قانۇنىيەت ۋە ئىدىيىنى ئۇنىڭغا سىڭ-
دۈرۈۋەتكەن . نوتىغا قارىماي مۇزىكا چېلىشمۇ دۇنيادا
بىزنىڭلا ئالاھىدىلىكىمىز بولغىنىدەك ، ھەرقانداق ئىش
ۋە كەسىپكە ئەمەلىي ، ئوبيېكتىپ مۇئامىلە قىلىش بىز-
نىڭ قان ـ قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن . بۇ مىساللارنى
ئېلىشىمدىكى مەقسەت شۇكى ، مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ
شېئىرلىرىدىن قانداقتۇر ئادەم چۈشەنمەيدىغان ، لىرىك
ھېسسىيات ، ھېس قىلىپ يەتكىلى بولمايدىغان ھېس-
سىي كەچۈرمىشنى تاپقىلى بولمايدۇ . ئۇ ئۇيغۇر تۇپرى-
قىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن بىر ئەركەك بولۇش سۈپىتى بى-
لەن ئۆزىنىڭ ئىدىيىسىنى گەپ ئوينىتىپ نازۇك ، ئەۋ-
رىشىم ، رومانتىك كەيپىيات بىلەن ئەمەس ، ئەمەلىي
تۇيغۇ بىلەن ئىپادىلىگەچكە ئۇنىڭ ھەربىر پىكرى ۋە
پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ھەممىلا ئادەمنىڭ تېزلا قوبۇل
قىلىشىغا ئېرىشىپ ، ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىدىكىنى
سۆزلەۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كەلتۈرۈپ قويىدۇ . بىر بىر
كۇپلېت شېئىرنى مىسال قىلىپ كۆرۈپ باقايلى.

كەلسەڭ ئەگەر بۈگۈن كەل يارىم،
ئەتە كەلسەڭ بۇ چىرايىم يوق.
ئۆمۈر دېگەن ئۇزۇن بولسىمۇ،
ياشلىق دېگەن بىزدە دائىم يوق.

مانا بۇ بىر كۇپلېت شېئىردىن بىز بىر ئىنساننىڭ
شۇ ۋاقىتتىكى چىن ۋە سەمىمىي ھېسسىي كەچۈرمىشى-
نى بايقاش بىلەن بىرگە ، ئۆزىمىزنىڭمۇ سۆيگەن قىز-
مىزغا بولغان مۇھەببەتلىك شېرىن مىنۇتلارنى ئىختى-
يارسىز ئېسىمىزگە ئالىمىز . بۇ شېئىردا يەنە ئۇيغۇر يى-
گىتلىرىگە خاس كەسكىن مىجەز ـ خاراكتېر پەرقلىق
ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەچكە ، ئۆزىمىزنىڭ پىكىر قىلىش
ئۇسۇلىنى ، خاراكتېرىنى مۇشۇ شېئىردىن تېپىۋالىمىز .
مۇبادا بۇ بىر كۇپلېت شېئىر باشقىچە ئۇسۇلدا ، يەنى
ئاتالمىش لىرىك ھېسسىيات بىلەن ساختا ئىڭراپ ، يالغان
نالە قىلىپ مۇنداق يېزىلغان بولسا ئۇنىڭ تەسىر كۈچى
بولمىغان بولاتتى.

روھىم جاڭگاللىرىدا ھۇۋلار غېرىبلىق،
كەلكۈندەك يېشىمغا كۆمدۈم يارىم.
بۈگۈن كەچتە كەلمىسەڭ يارىم،
يۇمالمايمەن ئەسلا كۆزۈمنى.

دېگەندەك يېزىلغان بولسا بىز چىرايلىق قاپىيە بىلەن
بېزەلگەن زىيادە كۆپتۈرۈشتىن باشقا ھېچنېمىنى ھېس
قىلالمايتتۇق . روھ شەھىرى بولسۇن ، روھ جاڭگىلى
بولسۇن ، ئۇ يەنىلا بىزنى كونكرېت ئۇقۇمغا مەجبۇرلاپ
بىزنى ھارغۇزۇۋېتىدۇ . غېرىبلىقنىڭ ھۇۋلىشى قويغا
ئوخشامدۇ ياكى كالىغىمۇ دەپ يەنە ئويلىنىشقا مەجبۇر
بولىمىز . شائىر ئۈچۈن ئەڭ چوڭ تراگېدىيە يازغان شې-
ئىرلىرىنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا يەت-
كۈزۈپ بېرەلمەسلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . شېئىرنى
ئوقۇغان ئادەم شېئىرنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەندىلا ئاندىن
شائىر بىلەن ھېسسىيات جەھەتتە بىۋاسىتە ئۇچرىشىپ ،
مەلۇم ئورتاقلىقنى بەرپا قىلىدۇ . مېنىڭچە ، مۇھەممەت-
جان راشىدىنىنىڭ شېئىرلىرىدىكى ھېسسىياتنىڭ تەمى
ۋە پۇرىقى ھازىرقى مەدەنىيەتنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچ-
رىمىغان ھالەتتىكى بىر ئىدىيىنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە
ئالدىمىزدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ . شېئىرلارنىڭ ئومۇمىي
كەيپىياتى بىزنى داۋاملىق جىمجىت سەھرانىڭ سۆيۈم-
لۈك باغرىغا ئاپىرىپ تاشلايدۇ . بىز ئەنە شۇ چاغدا ئۆزى-
مىزنىڭ كېلىپ چىقىشىمىزنىڭ زادى نەدە ئىكەنلىكىنى
ئويلىنىشقا باشلايمىز . نېمىنى يوقاتقانلىقىمىزنى ھەم
داۋاملىق يوقىتىشقا قاراپ رايىشلىق بىلەن قەدەم بېسى-
ۋاتقانلىقىمىز توغرىسىدا پىغانلىق خىياللىرىمىزنى سۈ-
رىمىز . ئېرىشىۋاتقانلىرىمىزنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا
پىكىر يۈرگۈزىمىز . مانا مۇشۇلارنى ئويلىساقلا ، بىزنىڭ
شائىرلارغا نەقەدەر موھتاجلىقىمىزنى ۋە ئۇلارنىڭ بىز



TANGRITAGH LITERATURE

www.uyghurkitap.com



ئۈچۈن نەقەدەر مۇھىملىقىنى ھېس قىلىمىز.

ھەرقانداق ئادەمنىڭ ياشاش ۋە بەختكە ئىنتىلىش ھوقۇقى بولغىنىدەك ، بىر ئىشلارنى قانداق ئويلاش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ . شائىر ئۈچۈن دۇنيادىكى جانلىق ، جانسىز نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئىلھام ئاتا قىلالايدۇ . ئۆزى دۇنيانىڭ بىر چېتىدە ياشاۋاتقان بولسا دۇنيانىڭ يەنە بىر چېتىدە يۈز بەرگەن ھادىسىلەرگە نەزەر سالالايدۇ . ئۇنىڭ تەپەككۇر ئالىمىدە شۇنداق ئىنتىلىشچان ئۆلمەس جاسارەت مەۋجۇتكى ، ئۇنىڭ قۇدرىتىنى ھېچكىم تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ . دۇنيا مەيلى قانچىلىك تەرەققىي قىلىپ كەتسۇن ، ھەرقانداق مىللەت ئۆزىنىڭ روھىنى ، ئىمان ـ ئەقىدىسىنى ، ئەنئەنە ۋە ئۆرپ ـ ئادىتىنى ئۆزىنىڭ سەنئەتكارلىرىسىز ۋە سەنئەتىسىز چوڭقۇر چۈشەنمەيدۇ . چۈنكى ھەممە ئادەمدە داۋاملىق باشقىلارنىڭ غېمىنى يەيدىغان سەممىمىي ھېسسىيات ، پىداكارانە روھ بولمايدۇ ھەم بولۇشى مۇمكىن ئەمەس . مېنىڭ نەزىرىمدە مىللەت بىر تەن بولسا ، شائىر ئۇنىڭ يۈرىكى . يۈرەكسىز تەننىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قانداقمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولسۇن؟

مەن بۇ سۆزلىرىم ئارقىلىق مۇھەممەتجان راشىدىن ئاكىنىڭ ئىجادىي ھاياتىغا باھا بەرمەكچى ئەمەس ، پەقەت ئۆزۈم دەپ ئۆتكەندەك ، مەنمۇ بىر ئادەم بولۇش سۈپىتىم بىلەن بىرنەرسىنى ئۆزۈمنىڭ قىممەت قارىشىم بويىچە ياخشى كۆرۈشكە ھەققىم بار ، دەپ قارايمەن . ھەربىر ئادەمنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ، دىلى سۆيۈنىدىغان نەرسىلىرى ئەلۋەتتە ئوخشىمايدۇ . مەن بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالسام ، تىرنىقىمنى تاتىلاپ ئولتۇرماي دەرھاللا ئۇنىڭغا بۇ ھېسسىياتىمنى ئىپادىلەش ئارقىلىق خاتىرجەملىككە ئېگە بولۇشقا ئادەتلەنگەنمەن . شۇڭلاشقا كەسكىن مىجەزىمنى ئۆزگەرتىمەن دەپ جاپا چەككۈچە بۇ ماقالەم ئارقىلىق بولسىمۇ دەيدىغانلىرىمنى بايان قىلىۋالاي ، دېگەن ئىزگۈ مەقسەت بىلەن قولۇمغا قەلەم ئېلىشنى ئىختىيار قىلدىم . ئىتنىڭ مەڭگۈ ئىت بولالىشىدىكى ئۇلۇغلۇق شۇكى ، ئۇ يولۋاس ، شىرنىڭ قىياپىتىنى ياكى ئاۋازىنى دوراش ئۈچۈن تىرىشماستىن ، ئۆزىنىڭ خاراكتېرىنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ.

مەن ئەلنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ ، سۆيىدە ئېقىپ ، ئۆزىنىڭ دەرد ـ كۈلپەتلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ خەلقنىڭ كەلگۈسىدىكى مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن قايغۇرۇپ ، ئۆزلۈكىدىن ھالقىغان روھ بىلەن باشقىلارنىڭ غېمىنى يەۋاتقان ۋە ئۆزىنىڭ تەپەككۇر ئالىمىدە تىنىمسىز ئەمگەك قىلىۋاتقان شائىرغا ئۇزۇن ئۆمۈر ۋە خاتىرجەملىك تىلەيمەن.

چۈنكى ، دۇنيانىڭ بارلىق شان ـ شەرىپى مەڭگۈ غالىبلارغا مەنسۇپ ، ئەسىر ـ ئەسىرلەردىن بۇيان ئىنسانىيەت تارىخىدا يوقالماس ھەيكىلىنى تىكلەش ئۈچۈن تىرىشقان ئىستىبلاچىلار ئادەم كاللىسىدا مۇنار تىكلەپ ، چېكىدىن ئاشقان ياۋۇزلۇق بىلەن دەريا ـ دەريا قانلارنى ئاقتۇرۇپ ، كاللىسى يوق ۋۇجۇدىنى تىز پۈكتۈرگەنلىكىدىن پەخىرلىنىش ئىچىدە نومۇسسىز ـ شەرمەندىلەرچە غالىبىيىتىدىن قاقاقلاپ كۈلگەن بولسا ، شائىر كاللىسى ناھايىتى نورمال خەلقنىڭ روھىنى بويسۇندۇرغانلىقىدىن پەخىرلىنىش ئىچىدە قاقاقلاپ كۈلىدۇ . بىرى خەلقنىڭ لەنەت ـ نەپرىتىگە قېلىپ ھايات ياشاپ تۇرۇقلۇق ئۆلگەن بولسا ، بىرى ئۆلگەن بولسىمۇ يەنە خەلقنىڭ قەلبىدە ياشايدۇ . قايسىدۇر بىر ئۆزبېك شائىرى ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىغا يازغان بىر پارچە شېئىرىدا نەۋائىنىڭ بارلىق ئەمگەكلىرىنىڭ قىممىتى ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇپ ، تۆمۈر لەڭنىڭ ھاياتىنى ئۇنىڭ ھاياتىغا سېلىشتۇرما قىلىپ مۇنداق بىر مىسرانى يازغان:

تۆمۈر قولى يەتمىگەن جايىنى،
قەلەم بىلەن ئالدى ئەلىشىر.

بەرھەقكى ، شائىر ئىنسان روھىنىڭ ئىستىبلاچىسى ، ئۆزلۈكسىز يېڭىلىنىپ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۇنيادا مۇھەممەتجان راشىدىندەك ئىستىبلاچىلار قانچىكى كۆپ بولسا ھازىرقى مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى ئۆز ھالىتى بىلەن ساقلىنىپ مىراس بولۇپ قالىدۇ . ئادەملا بولىدىكەن ، بۇ دۇنيا چوقۇم تەرەققىي قىلىدۇ ، كېيىنكىلەر ھازىرقىلارنىڭ ئىزىنى باسىدۇ . بىزنىڭ كۆزقاراشلىرىمىزنى ۋاقتى ئۆتكەندەك ھېس قىلىپ ئۆزى يېڭى يول تېپىپ ماڭالايدىغانلار چىققان چېغىدا ئۇلاردىن پەخىرلىنىش ئىچىدە سەممىيلىك بىلەن ئۇلارغا بەخت تىلەيمىز.

تەھرىرلىگۈچى: **پولات ھېۋزۇللا**



# ئايال شۇنداق دەيدۇ

ھاياتنوپۇس مۇھەممەت

ئىنسانىنىڭ روھىي قاتلاملىرىغا چوڭقۇرلاپ كىرىش ، تەسەۋۋۇر ، خىيال بوشلۇقلىرىنى بويلاپ ئىلگىرىلەپ ، ئۆزىنىڭ ئادەملىك ئاۋازلىرىنى ئاڭلاش ، ئىنچىكىلىك بىلەن نازۇك ھالقىلار بويىچە ئىزدىنىپ ، ئۆزىنى بايقاش ۋە قېزىپ چىقىش تېخى نۇرغۇن پەرەنجىلەر قورشاۋىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

شۇڭا ، بىز يەككە ـ يېگانە قالغان ، ئۆزىمىزنى تىڭلىغان ۋاقىتلىرىمىزدا غىل ـ پال يېڭى تۇيغۇ ۋە خىياللاردا بولىمىز . رېئاللىقتىكى ئۆزىمىزدىن بارغانسېرى يىراقلىشىۋاتقانلىقىمىزنى ، ئۆزىمىزگە ئوخشىماي قېلىۋاتقانلىقىمىزنى ھېس قىلىمىز . توساتتىن رېئاللىقتا رول ئېلىۋاتقان ئۆزىمىزنىڭ روھىي ئىزدىنىشلىرىمىزگە ئوخشىمايدىغان ، تۈرلۈك مۇناسىۋەت ، قائىدە ـ تەرتىپلەر پەرەنجىلىرىگە چىرمىلىپ كەتكەن جەسەتسىمان مەۋجۇتلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغىنىمىزدا چۇقان كۆتۈرگىمىز كېلىدۇ . نېمىشقا ئۆزىمىزگە ئوخشىمايدىغان رول ئېلىشقا مەجبۇر بولىمىز . نېمىشقا ئۆزىمىزنى ئىزدەپ ، ئۆزىمىز ياقتۇرىدىغان ئىشلارنى قىلمايمىز؟ چۈنكى ، بىز نۇرغۇن مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر ، رەسمىيەتلەر قاتلاملىرىدىكى جەمئىيەتتە ياشايمىز . مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمىزدا ئاڭلىق ھالدىكى بىچارىلىكنى ئېتىراپ قىلىشتىن باشلانغان كۈنۈش ۋە مەجبۇر بولۇش قايتىدىن ئەسەبلىرىمىزنى سالقىنلىتىپ قويىدۇ ـ دە ، يەنە رېئاللىقتا رول ئېلىۋاتقان ئۆزىمىزگە تىكىلىمىز . ئەمما ، بىزدىكى ئەسلىي ئۆزىنى تونۇش ۋە رېئاللىقتىكى ئۆزىنى ھېس قىلىش جەريانىدىكى زىددىيەتلىك روھىي ھاسىلاتلار ئۈزلۈكسىز ئالمىشىپ ، ئېڭىمىزدا كۈندە بىرقانچە قېتىم ئىسيان كۆتۈرۈپ ، دەقىقىلىك روھىي چۇقانلارنى تۇۋلاپ تۇرىدۇ . چۈنكى ، ھېچكىم ئۆزىنى ئالدىيالمايدۇ ، خىياللىرىدىن قاچالمايدۇ ، ئۆتمۈشكە ، تونۇگۈنگە تەئەللۇق ئىشلارنى ، خاتىرىلەرنى بىراقلا ئېسىدىن قوغلىۋېتەلمەيدۇ . ئادەم مانا مۇشۇنداق زىددىيەتلىك روھىي جەرياندا ياشايدۇ ، رېئاللىق بىلەن ئۆز ئىزدەشلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپلىكتىن پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ ، يەنە نۇرغۇن ئەمەلىي ۋە روھىي ھاسىلاتلارغا ئىگە بولىدۇ.

ئاياللارنىڭ يارىتىلىشىلا نازۇك بىر سەنئەت بۇيۇمىدەكلا بولغىنىغا ئوخشاش ، ئوي ـ خىياللىرىمۇ ، كۆزىتىشلىرىمۇ ۋە ھېس ـ تۇيغۇلىرىمۇ ناھايىتى ئىنچىكە ۋە نازۇك تەپسىلاتلارغا باي بولىدۇ . ئۇلار ئەرلەر دىققەت قىلمىغان تەرەپلەرگىمۇ دىققەت قىلىدۇ ، بايقىمىغان ، ھېس قىلمىغان تەرەپلەرنى بايقايدۇ ، ھېس قىلىدۇ ، سېزىمچانلىقى ئالاھىدە يۇقىرى بولىدۇ . ئەرلەر نازۇك تەرەپلەرگە كۆپ ئېتىبار بېرىپ كەتمەيدۇ ، ئاياللار دائىم مۇشۇ تەرەپتىن ئەرلەردىن قۇسۇر ئىزدەيدۇ . ئاندىن ئۆزىگە پايدىسىز ئامىللارغا ئېرىشىپ قالىدۇ.

قىز ـ ئاياللارنى تەربىيىلەپ ، يېتەكلەشنىڭ ، ئۇلارنى ئومۇمىي ساپا قۇرۇلمىسى جەھەتتىن ئۆستۈرۈشىمىزنىڭ يېتەرسىز بولغىنىغا ئوخشاشلا ، ئۇلارغا بولغان مۇئامىلىمىز ، قارىشىمىزدىمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا قاتماللىق ۋە ئىپتىدائىيلىق بار . دۇرۇس ، قىز ـ ئاياللارنىڭ

TANGRITAGH LITERATURE

www.uyghurkitap.com



ساغلام ۋە ئەقلىي تۇس ئالغان بىلىم قۇرۇلمىسى ، ئۆزىنى ھەر جەھەتتىن كۈچەيتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ ، توغرا ـ خاتانى پەرقلەندۈرۈشى ، قانداق يول تاللاپ ، قانداق قەدەم بېسىشنى بىلىشى تېخى بىزنى خاتىرجەم قىلغۇدەك ، قايىل قىلغۇدەك دەرىجىدە ئەمەس . ئۇلارنىڭ توغرا بولغان ئىنتىلىشلىرىمۇ دائىم ئۆزىنىڭ ساپا ۋە مىجەز ـ خاراكتېرىنىڭ ، ئىرادىسىنىڭ ئاجىزلىقىدىن ، ئەتراپىدىكى قاتمال رەسمىيەت ـ قائىدىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ھالقىيالماي ، تولىمۇ بىچارىلەرچە نادان ئانا ، دۆت چاكىنا ئاياللار سېپىگە قېتىلماقتا .

ئاياللار دەل ھېسسىياتقا باي ، تۇيغۇ تۈسىنى ئالغان پاراڭلارنى كۆپ قىلىپ ، ئۇنى ئەقلىيلاشقان دەرىجىدە قايىل قىلارلىق ئىپادىلەپ بېرەلمىگەن ۋە ئىدىيىۋى ھەرىكىتىدە ئەمەل قىلالمايدىغان بولغاچقا ، ئەرلەر تەرىپىدىن ئەقلى قىسقىدەك ، كوت ـ كوتتەك تەسىر بېرىپ كېلىۋاتىدۇ . بىراق ، ئاياللارنىڭ ئاشۇ تۇيغۇسىمان روھىي ھاسىلاتلىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرگىنىمىزدە ۋە سوغۇق قانلىق بىلەن ئىلمىي يەكۈنلىگىنىمىزدە ئۇنىڭدىن نۇرغۇن ئادەملىك ھېكمەتلىرى ، يېڭى ئىزدىنىشلەرنىڭ يىپ ئۇچى بايقىلىدۇ . ئاياللار ھېس ـ تۇيغۇنىڭ جانلىق ئەقلىي يەكۈنچىلىرى.

ئاياللارنىڭ مۇرەككەپ ، زىددىيەتلىك روھىي دۇنياسىنى تەتقىق قىلىش ماھىيەتتە ئىنسانلارنى ئۆزى ھەققىدىكى ئىزدىنىشنىڭ ئەڭ نازۇك ھالقىلىرىغا باشلاپ بارىدۇ . ئېچىلمىغان نۇرغۇن سىرلارنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشنى يېڭى ، جانلىق يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئاياللارنى ھېسسىيات ۋە تۇيغۇ تۈسىنى ئالغان روھىي بايقاشلىرىغا چۆكۈپ پائالىيەت ئېلىپ باردى دېيىلگەندە ، كۆپىنچە ئاياللار ئىجتىمائىيەتنىڭ تۈرلۈك رامكا ـ توساقلىرى تەرىپىدىن قاتتىق چەتكە قېقىلىپ يەكلىنىشى ، چۈشكۈنلىشىپ كېتىشى مۇمكىن . ئۇلارغا يۈكلەنگەن تۈرلۈك رەسمىيەت ـ قائىدىلەرمۇ ، ئۇلارنىڭ ئەركىن تەپەككۇر پەرۋازلىرىغا ، ھېسسىيلىق تۈسىنى ئالغان ئەقلىي پەرۋازلىرىغا توساق پەيدا قىلىدۇ . دەل شۇنداق بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ بايقاشلىرى ھېسسىيات تۈسىنى ئالغان پارچە ـ پۇراتلار قاتارىدا ئېتىبارسىز قېلىۋېرىپ ، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا چۆكمە بولۇپ ، بىر خىل قۇتراتقۇ ، كوت ـ كوتسىمان پارتلاش ھالىتىدە ساقلىنىپ قېلىپ ، ئەرلەرنىڭ چىشىغا تېگىدۇ.

مېنىڭ تەشەببۇسۇم ، ئادەمشۇناسلىق تەتقىقاتىغا ئاياللار كۆپرەك ئىچكىرىلەپ كىرگەن بولسا ، بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشلەر بولۇپ ، تولىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان بولاتتى . شۇنداقلا بىز ئاياللارنى تېخىمۇ تولۇق قېزىپ چىقىپ ، ئۇلارنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسىنى ناھايىتى جانلىق جارى قىلدۇرالىغان بولاتتۇق . ئاياللارنىڭ ھەقىقىي روھىي ماھىيىتىنى تونۇپ يېتىپ ، ئۇلارغا بولغان خورلۇق تۇسىدىكى ھايۋانىي قاراشتىكى ئەيىبلەشلىرىمىز ۋە مەجبۇرلاشلىرىمىز ، سىرتماقلىرىمىزدىن ئادىمىي تۇيغۇدا تۇرۇپ نومۇس قىلغان ، ئازابلانغان بولاتتۇق . شۇ چاغدىلا بىر ئايال بىلەن بىر ئەرنىڭ ئايرىم كۆرۈشۈشىنى چوقۇم ھېلىقىدەك مۇناسىۋەتتە بولغاچقا... دەيدىغان پەس ، ھايۋانىي قارىشىمىزنى ئۆزگەرتىپ ، ئادەملىك كۆڭۈل ، ئادەملىك ئىرادە ، ئادەملىك ئەقىدە ، ئادەملىك ۋىجدان ۋە ئادەملىك ئالىيجاناب تۇيغۇ ئىچىدە ئۆزىمىزدىن سەسكىنىپ تۇرۇپ ، ئۆزىمىزنى قامچىلاپ چىقاتتۇق . ئەر ـ ئايال مۇناسىۋىتىدىكى تولىمۇ چۈشكۈن ۋە خۇنۇك ، ھايۋانسىمان چۈشەنچىمىزنى چەكسىز ساپاسىزلىق ئىچىدىكى نومۇس تۇيغۇسى ئىچىدە ئېتىراپ قىلىپ ، ھازىرغىچە بولغان ياشاش مۇساپىمىزدىكى بىر تەرەپلىمە ياشاش بىچارىلىكىمىزنى ھەقىقىي تۈردە ھېس قىلىپ ، «ئادەم»نى چۈشەنمەي ، ئۇلار ئارىسىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىمىزنى چەكسىز ئۆكۈنۈش ئىچىدە ئېتىراپ قىلاتتۇق.

شۇ ۋاقىتتا بىز ئايالنىڭ ئەرلەر ئالدىدىكى قونچاق ئەمەس ، ئەرلەر ئېتىلىشقا تەييار تۇرىدىغان ، پارتلاشقا ھازىرلانغان قورقۇنچلۇق ھايۋانىي مەۋجۇتلۇق ئەمەس ، ئاجايىپ نازۇك ، رەڭدار ۋە كۆپ قاتلاملىق روھىي جەرياندىن تۈزۈلگەن ، تۇيغۇلار خەزىنىسىدىكى نەپىس بىر يۈكسەكلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتۇق . شۇندىلا ئۆزىمىزنىڭ ئاياللارغا قارىتا ساۋاتسىزلىقىمىز تۈپەيلىدىن ، ئۇلاردىن تولۇق پايدىلىنالمىغانلىقىمىزنى ، ئۇلارغا ساقلىنىپ كەلگەن ھېسسىياتىمىزنىڭ ئالىيجاناب ، يۈكسەك تۇيغۇدىن كۆرە ، ئۇلارغا ئىشەنمەسلىك تۈسىنى ئالغان ، ئۇلارنى قەدىرلىمەسلىك ، خانىۋەيران قىلىش تۈسىنى ئالغان ھايۋانىي تۇيغۇ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ، ئۇ-

لارنى ئاسراشنى ، تەربىيىلەشنى ، قېزىشنى بىلمىگەنلىكىمىزنى يەر شارىنى تىترەتكۈدەك ئازابلىق چۇقان ئىچىدە تونۇغان بولاتتۇق!

مانا ئەتراپىمىزدا ياخشى قىزلار ، ياخشى ئاياللار شۇنچە كۆپ تۇرۇپ ، ئەرلىرىمىز ئۇلارغا ئىشەنچ قىلالماي ، ياخشى قىزلارنى تاپالماي ، چۈشكۈنلىشىپ بويتاق ئۇھسىنىپ يۈرۈۋاتىدۇ . بۇ ماھىيەتتە ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك ، ئۆزىنىڭ ئەرلىك سېھرىي كۈچىگە ئىشەنمەسلىك ، ئاياللارنىڭ نازۇك قەلبىگە كىرىشنى ۋە ئۇنى مايىل قىلىشنى ، سېھىرلەپ ئۆزىگە بەنت قىلىۋېتىشنى بىلمەيدىغان ساۋاتسىزلىق ، ئەرلىك ساۋاتسىزلىقى ، خالاس . ھەرقانداق بىر ئايال ھەقىقىي سۆيگۈگە ئېرىشىشنى ئويلايدۇ ، شۇنچىلىك سۆيگۈگە ئېرىشكەندە ئۇنى قەدىرلەشنى ، ھەتتا جېنىنى پىدا قىلىشنى ئويلايدۇ ، تەييارلىق ھالەتتە تۇرىدۇ . ئەرلەر نېمىشقا ئاياللاردىن ئالىدىغان ئوزۇقنى ، ئۇلاردىن پايدىلىنىدىغان تەرەپنى نوقۇل ھالدا ئاشۇ بىرلا نۇقتىغا يىغىنچاقلىۋالىدىغاندۇ؟ بۇنى ئاياللار نېمىشقا خورلۇق ھېس قىلمىغۇدەك؟! ئۇلار ئەسەبىيلەرچە كۆڭۈل ئاچىدىغان قونچاق ئەمەستە!

ئەرلەر نوقۇل ئاياللاردىن شۇنى تەلەپ قىلىۋاتسا ، ئاياللار چۈشكۈنلەشمەي قالاتتىمۇ؟! ئەر ـ ئايال ئورتاقلىشىدىغان ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدىغان ۋە چۈشىنىدىغان تەرەپلەر ئىنتايىن كۆپ تۇرسا ، بىز نېمىشقا يەنە شۇ نۇقتىغىلا ئېسىلىۋېلىپ ئۆزىمىزنى چاكىنىلاشتۇرىدىغاندىمىز ، چۈشكۈنلەشتۈرىدىغاندىمىز ، ئەر بىلەن ئايالنى پەتىۋالىرىمىز بىلەن بارغانسېرى يىراقلاشتۇرۇپ ، شۇنچە سىرلىقلاشتۇرىدىغاندىمىز؟ بىرنەرسە قانچە سىرلىق بولغانسېرى ئۇنىڭغا بولغان ئىنتىلىش شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ . بىزنىڭ ئەقىل ـ ئىدراكىمىز ، زېھنىي قۇۋۋىتىمىز نوقۇل ھالدا ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ھېلىقىدەكلا مۇناسىۋەتنى قوغلىشىپ خورارمۇ . كاللىنى باشقا يەرگە ئىشلەتمىگەنسېرى ، يىغىلىپ قالغان ئېنېرگىيىنى قەيەرگە ئىشلىتىشنى ئۇقماي شۇنداق تەرەپكە ئىشلىتىۋاتىمىز . ئۆگىنىشكە ، بىلىشكە ، ھېس قىلىشقا ، قېزىشقا تېگىشلىك نەرسىلەر ، تەرەپلەر ئىنتايىن كۆپقۇ . ئىنساننىڭ روھىي قاتلىمى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولۇپ ، ئۇ ھەرقاچان ئېچىشقا ، تەسەللىگە ، رىغبەتكە ، مېھرگە ، پەرۋىشكە ، دوستلۇققا ، مۇھەببەتكە موھتاج . بىز نېمىشقا ئۇنىڭغا ئالىيجاناب نۇقتىدىن قاراپ ، ئۇنى پەرۋىش قىلماي تاشلىۋېتىمىز ، نېمىشقا ئۆزىمىزنى ۋە باشقىلارنى چاكىنا بۇرمىلاشقا مەجبۇرلاپ ، چۈشكۈنلۈك ، قېيىداش پەيدا قىلىپ ، يوللىرىمىزغا توساق پەيدا قىلىمىز؟ بۇ ئەڭ چوڭ مەدەنىيەتسىزلىك ، ساپاسىزلىق ، ھايۋانىي چاكىنا ئۇرۇنۇش بولماي نېمە؟ جاھان تەرەققىياتى نۇر تېزلىكىدە ئېشىۋاتقان ، ئادەملەر ئۆزىدىن ھالقىپ كەتكەن ، ئۆزىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئوتتۇرا ، باشلانغۇچ مائارىپ باسقۇچىدىلا ئەمەلگە ئېشىۋاتقان دۇنياۋى يۈزلىنىشتە بىز تېخى ئەر ۋە خوتۇن پارىڭىدىكى كوت ـ كوتلۇقتا ، ئۆزىمىز ۋە باشقىلارغا ئەرزىمەس ، پارچە ـ پۇرات چاكىنا نۇقتىدىن ھۇجۇم قىلىپ ، دىققىتىنى ، زېھنىنى ، ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىش ، ئۇنى چۈشكۈنلەشتۈرۈش ، كېرەكتىن چىقىرىپ يامىشۋاتقان چوققىسىدىن تارتىپ چۈشۈرۈپ ، ئەخلەتلەر دۆۋىسىگە تاشلاش كويىدا . كاللا قانچە قۇرۇق ، ئىدىيە قانچە بوش بولغانسېرى ، ئۇنىڭ ئىزدىنىشلىرى ۋە گەپ ـ سۆزلىرى شۇنچە قالاق ۋە چاكىنا ، ئەرزىمەس ، چۈپرەندە بولىدۇ . ئۇرۇنۇشلىرى ئادىمىي يۈكسەكلىكتىن ، روھىي مەنىلەردىن شۇنچە قۇرۇق ۋە يات ، شۇنچە چۈشكۈن ۋە شۇنچە پەس ، ھايۋانىي بولىدۇ.

كىشىلەر توي قىلىشنى نوقۇل ئەۋلاد قالدۇرۇش ئۈچۈندەكلا چۈشىنىۋالمىغان ياكى مېخانىك مەجبۇرىيەت دەپ بىلمىگەن بولسا ، ئائىلىلەر پاجىئەلىرى يۈز بەرمىگەن بولاتتى . بىر ئۆيدىكى ئىككى ئادەم غايىسىدىكى نامەلۇم ئىدىيىنىڭ مەھسۇلى بولغان كىشىگە تەلپۈنمەي ، ئۆزى ئەتراپىدىكى ئادەمنى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭ ھېس ـ تۇيغۇ ۋە ئەقىل بىرلىكىدىكى جانلىق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقارماي ، تىرىشقان بولسا ، تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتالىغان بولاتتى . شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى ، بىر ئۆيدىكى ئىككى ئادەم ئۆز ئالدىغا ئىدىيە ۋە قاراشقا ئىگە ئىككى مەۋجۇتلۇق بولۇپ ، ئۆزئارا ھۆرمەت ۋە يول قويۇش بولماي ، مونوپولىيە قىلىۋېلىش كۆرىشى بولسا ، نورمال ئەركىنلىك بوغۇلسا ، بۇ يەردە پەيدا بولغان بېسىم چوقۇم ئائىلىنى پارتلاش گىردابىغا ئاپىرىدۇ . ئىككى ئادەم بىر ئەمەس ئىككى قىلىپ يارىتىلغانىكەن ، «نېمىشقا مېنىڭ كۆزقارىشىمغا ئىتائەت قىلمايسەن؟» دېيىشنىڭ ئۆزى ئىلمىي بولمىغان جاھىل

TANGRITAG LITERATURE

كۆزقاراش . بىراق ، ئىككى جانلىق ئادەم بىر - بىرىگە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۆزئارا غۇرۇرىنى نەزەرگە ئالغان ھالدا يول قويۇشۇش ، تەربىيە كۆرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى . ئۇنداق بولمايدىكەن ، شۇنچە كەڭرى جاھان بىزگە شۇنچە تار ۋە ئازابلىق تۇيۇلىدۇ . نۇرغۇن نەرسىلەرنى تونۇغان ۋە ھېس قىلغان ۋاقتىمىزدا ئاللىقاچان كېچىككەن بولىمىز.

ئەرلەر ۋە ئۆزى تەرىپىدىن مۇكەممەللىكى ، كۆچلۈكلۈكى ئېتىراپ قىلىنمايۋاتقان ئايال ، نۇرغۇن تەرەپلەرنى ھېس قىلىدۇ ، نېمىگىدۇر ئىنتىلىدۇ . بىراق ، ئەتراپ ۋە ئەرلەر تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنماي ، ئۆزىنىڭ جىسمانىي ئاجىزلىقى ۋە روھىي يۇمرانلىقى تەرىپىدىن توسۇلۇپ قالىدۇ . ئۇلار چۇقان سالاي ، يۇلقۇنۇپ چىقاي دېسىمۇ باشقىچە تالالاش يولى يوق . نۇرغۇن قورشاۋلار ئۇلارنى توراپ تۇرىدۇ . ئۇلار يەنىلا ئېتىراپ قىلىنماسلىقتىن قورقىدۇ . شۇنداقلا قارىسا ھەممە شۇنداق بولۇشى كېرەكتەكلا ، جىممىدە ، تىپتىنىچ ، ئەمما شۇ خىل سۈكۈت ئىچىگە نۇرغۇن ئۇھسىنىش ۋە ئاھسىراشلار سىڭىپ كەتكەن.

ئايال تۇرۇپلا ئۆزىگە شۇنداق دەيدۇ: «سەنمۇ بىر جانلىق ئادەم . مۇستەقىل قاراشقا ۋە تاللاشقا ، ئوي - خىيالغا ، بەلگىلىك مۇستەقىل ھەرىكەت ۋە مۇئامىلە تورىغا ئىگىسەن ، ئاندىن سەندە يەنە غۇرۇر ، قەدىر - قىممەت ۋە تاللاش ، شاللاش ئېڭى ، ئەركىنلىكى مەۋجۇت . نېمىشقا ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ تىزگىنلەپ ، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ باشقۇرماي ، باشقىلارنىڭ تېڭىلغان ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغۇدەكسەن ، سەن ئۆزۈڭنى كونترول قىلالمايدىغان ، باشقۇرالمايدىغان شۇنچىلىك ئاجىز ۋە بىچارىمۇ ، ئىشەنچسىزمۇ؟ بۇ ساڭا ، سېنىڭ ئەقىل تىزگىنىڭ ، غۇرۇرۇڭ ۋە روھىي چۇقانلىرىڭغا ، كىشىلىكىڭگە قىلىنغان قاتتىق ھاقارەت ئەمەسمۇ؟ قەددىڭنى تىكلە ، دۇنياغا بىرلا قېتىم كېلىسەن ، ئىككىنچى قېتىم تۆرىلىش ، بوش قويغان ، كەتكۈزۈۋاتقان تەرەپلىرىڭنى تولدۇرۇش پۇرسىتى سەندە يوق . ئاجىزلىقىڭنى تەن ئېلىپ ماغدۇرسىزلىنىپ ، ئۆزۈڭنى بولۇشىغا تاشلىۋېتىشىڭ ، ئۆزۈڭنى خورلىغانلىق ، ھاياتىڭنى قەدىرلىمىگەنلىك . سەن شۇنداق قىلغانسېرى تېخىمۇ ئېتىبارغا ئېلىنمايسەن ، تېخىمۇ كۆزگە ئېلىنماي خارلىنىسەن . ئۆزۈڭنى تونۇپ ۋە مەۋجۇتلۇقىڭنى تونۇتۇپ ، كونا قالپىقىڭنى چۆرۈپ تاشلا ، غالىبلار قاتارىدىن ئورۇن ئال ، ئاجىزلار ھامان دېرەكسىز يوقىلىدۇ ، يوقالسۇن ئاجىزلار ۋە چۆشكۈنلەر! ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ قوغدىمىساڭ ، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ كۆچەيتمىسەڭ سېنى ھېچكىم قۇتقۇزالمايدۇ . سەن قورققان ۋە بىھۇدە ئېھتىيات قىلىپ ئاجىزلىقىڭ ، بىچارىلىكىڭ بىلەن يول قويغانلار ئەڭ ئاۋۋال ساڭا ماتەم ناخشىسى ئوقۇيدۇ . يوقالغىنىڭ ئۆزۈڭگە . ئۇلار يەنە ئۆز يولىغا مېڭىۋېرىدۇ ، ئەخمەقلىق ۋە نادانلىق بىلەن ھاياتىڭنى سېلىپ بەرگىنىڭ قالىدۇ شۇ . ھاياتىڭ قۇرت - قوڭغۇزلار كەبى خوراپ تۈگىگەن بولىدۇ» دەيدۇ.

ئايال يەنە ئۆزىگە: «سەن بىر ئايال ، ئېرىڭگە ئىتائەت قىلىشىڭ كېرەك . ئۇ سېنى ئالغان ، سېنى باشقۇرغۇچى ، ساڭا باشپاناھ بولغۇچى ، يوقۇڭنى بار قىلغۇچى ئىكەن ، بارلىق ھەرىكىتىڭ ، سۆزۈڭ ، ئوي - خىيالىڭ ئۇنى چىقىش قىلىشى كېرەك . سەندىكى بارلىق تەئەللۇقات ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى كېرەك . مەيلى خالا ياكى خالىما ئۇنىڭ دېگىنى ، ھەرىكىتى مۇقەددەس . ئۇنىڭغا بويسۇن . ئىتائەتچان بول ، سەن ئۇنىڭ ئىلكىدە ، شۇڭا بارلىق ئارزۇ - تىلەك ۋە ئوي - خىياللىرىڭ ئۇنىڭغا تەئەللۇق بولۇپ ، ئاڭا بويسۇنۇشى كېرەك» دەيدۇ .

ئايال ئۆزىگە: «سەن بىر ئانا ، ھەممىسىنى پەرزەنتىڭ ئۈچۈن قۇربان قىل ، پەرزەنت دېمەك ھاياتىڭ ، جېنىڭ دېمەك . ھەممە ئىشتا ، ھەرىكەتتە ، خىيالدا ، تۇرمۇش ئۇسۇلى تاللاشتا پەرزەنتىڭنى چىقىش قىل . مەن بەربىر بىر ئانا ۋە ئايال . ئەرگە خوتۇن ، پەرزەنتلەرگە ئانا بولغۇچى ئارتۇقچە زورۇقۇپ ، ئۆزۈمنى چارچىتىپ نېمە قىلاي ، ئاددىي ئادەم بولسامۇ بولىدىغۇ ، ئەتراپىمدىكىلەرمۇ ياشاۋاتامدۇ» دەيدۇيۇ ، يەنە تۇرۇپلا ئويلىنىپ قالىدۇ . «سەنمۇ ئەقىل - ھوشقا ئىگە ئادەم . نېمىشقا تەدبىر ۋە باشقۇرۇش ، يېتەكلەش سەنئىتى سەندە بولمىغۇدەك . سەن ئائىلىدىمۇ ، خىزمەتتىمۇ ، تۇرمۇشتىمۇ دائىم باشقۇرۇلۇشقا موھتاج ئاجىز ، ئاڭسىز ئادەممۇ؟ تىرىشقىن ، كەسپتە ئىلگىرىلە ، تۇرمۇش قارىشى ، ئۇسۇلى جەھەتتە ئۆزۈڭنى كۆچەيتىپ ، ئۆزۈڭگە قاتتىق قول بول ، ئاندىن ھەممە سېنى ئېتىراپ قىلىدۇ ، سېنى ھۆرمەت قىلىدۇ ، ھەتتا ئېرىڭمۇ . بىراق ، كەينىڭگە قاراشقا ، ئەتراپىڭ بىلەن ئۆزۈڭنى سېلىشتۇرۇپ مەغرۇرلىنىشقا ياكى

چۈشكۈنلىششكە بولمايدۇ ، نېمىشقا ئۆزۈڭنى چۈشەپ قويىسەن» دەيدۇ.

ئايال ئۆزىگە: «ئايال بولماق ھەقىقەتەن تەسكەن . سىپھىر چوقۇم ئاجىزلاپ قالدىمۇ نېمە ، ئېرىم ماڭا تازا مايىل ئەمەسقۇ ، مەن ئەقلىم بويىچە سوغۇق قان ئىش قىلالمايۋاتىمەن ، قىزىققان ، چېچىلغاق بوپقالدىم . شۇڭا ، ئېرىم ئۇششاق سۆزلۈكىمدىن زېرىكىۋاتىدۇ ، بىراق ئىنچىكىلىك بىلەن تەلەپ قويغىنىم مەسئۇلىيەتچانلىقىم ۋە ئەستايىدىللىقىمغۇ . كىچىك ئىشلارغا مەن دىققەت قىلمىسام ، ئېرىمنىڭ ئىچكى كارى بولمىسا كېتىۋەرسە تاشلىنىپ قالامدۇ... بولدى ، نەزەر دائىرەمنى كەڭرەك قىلاي ، كۆزى كىچىك ، گۇمانخور ، پەمسىز ، ۋاتىلداق بولماي... مۇشۇ كۈنلەردە ئەرلەرنى جەلپ قىلالايدىغان ئويۇنخۇمار ئاياللارغا ھەۋىسىم كېلىدىغان بوپقالدى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ قايىللىقى كېلىدىكەن . ئۇلار ئۇششاق سۆز ئەمەس ، نەزەر دائىرىسىمۇ تار ئەمەس ، كوت ـ كوت ، كۆزى كىچىكمۇ ئەمەسكەن . مىجەز ـ خاراكتېرىدىن ئوچۇق ـ يورۇقلۇق ، مەردلىك ، جىگەرلىكلىكى چىقىپ تۇرىدۇ . ئۇلار ئۆزىنى كۆتۈشنىمۇ بىلىدۇ ، ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ، ئۆزىدىن ۋە باشقىلاردىن قانداق پايدىلىنىشنى بىلىدۇ . سىپھىر كۈچى يەتكۈچە بار . ئەرلەرنى يۈگۈرتكىدەك سىپھىر ۋە ئەقىل ، تاكتىكىغا ئىگە ، ئۇلار ھەقىقەتەن قابىل ئىكەن ، مەنمۇ نېمىشقا ئۇلاردەك ئايالىق سەنئەت بىلەن ئېرىمنى يۈگۈرتۈپ ، ئۆزۈمنىمۇ ئالدۇرۇپ قويماي پوچى تۇرالمايمەن؟ مەنمۇ بىر ئەر بولغان بولسام چوقۇم مىشچان ، يا ئۆزىنى ، يا باشقىلارنى خۇشال قىلالمايدىغان ، يا ياخشىلىقنى ، يا يامانلىقنى قاملاشتۇرالمايدىغان ، ھەممىنى كۆز يېشى بىلەن ئىپادىلەيدىغان ، ھەممىنى بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغان كەيپىياتتا مېخانىك قوبۇل قىلىدىغان ، كۆزى كىچىك ، ئادەمگە ئارامچىلىق بەرمەي ۋايساپ ، كوتۇلداپ ، كىچىككىنە ئەرزىمەس ئىشلارنىمۇ ھەل قىلالماي ، قىلچە مۇستەقىللىقى يوقلۇقى بىلەن ، تار نەزەر دائىرىسى بىلەن ئۆزىنى چۈشەۋالغان ، ھايات ، تۇرمۇش شۇنداقلا دەپ ، شۇنچە كەڭرى جاھاننى ئۆزىگە تار قىلىۋېلىپ ئۆزىنىمۇ ، مېنىمۇ بىئارام قىلىدىغان خوتۇندىن زېرىككەن بولاتتىم . ئەلۋەتتە ، مەردانە ، مۇستەقىللىقتا ، ئايالىق سىپھىر كۈچى ۋە جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئاياللارغا كۆز تىككۈم كېلەتتى . بىراق ، ئۇنداق ئاياللاردا مېنىڭكىدەك ساددا ھېسسىيات بولمىغاچقا ، ئەر ئۈچۈن مەندەك پايپېتەك بولۇپ ئۆزىنى بېغىشلىمايدۇ ـ دە . ئېرىم مېنىڭ شۇ مىجەزىمدىن بىزار بولغىنى بىلەن سىرتتىكىلەردىن ، ئۆزى ئۈچۈن بارلىقىنى ئاتاشقا تەييار تۇرىدىغان مېنىڭكىدىكىدەك يۈرەكنى تاپالمايدۇ . ئۇنى مەن شۇنچىلىك چوڭ بىلگەچكە ، ئەرلىك ھەيۋىسىنى كۆرسىتىپ ، ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلەپ تۇرغىلى يەنىلا مەندەك ئايال كېرەك . ئۇ ئاياللار ئۇنىڭدىن مەندەك تەپ تارتىپ ، مەندەك پايپېتەك بولالاتتىمۇ ، ئۇلار ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇشۇۋالغان... شۇڭا ، ئېرىم بىرەر سورۇنغا بېرىپ بىرەر قىز ياكى ئايال بىلەن پاراڭلاشقانغا نېمە بولاتتى . تېخى ياخشى ئەر بولۇشنى ئۆگىنىدۇ ، مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشىنىشنى ، ئېلىشنى بىلىدۇ ، ئاياللار دۇنياسىنى چۈشەنگەنسېرى مېنىڭ قەدرىمگە تېخىمۇ يېتىدىغان بولىدۇ . بىر دەمدىلا بىر ئىش بوپ كېتىدىغاندەك ئويلىشىدۇ چاكىنا كىشىلەر . ئادەم دېگەن ھايۋان ئەمەس ، ئۇنىڭدا كۆڭۈل ، ھېسسىيات ، ۋىجدان ، ئەقىل بار . بىر كىم بىلەن ئارىلىشىپ قېلىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس ، ھېچكىم بىردەمدىلا خاتا قەدەم باسمايدۇ... ياق ، خەق خاتا چۈشىنىپ قالسا ، ماڭا ، ئىززەت ـ ئابرۇيۇمغا سەت ئەمەسمۇ؟ ئەگەر ئېرىم كۆنۈپ قالسىچۇ؟...

ئەگەر ئۇ ئىدىيىسىدىكى ، تۇرمۇشىدىكى نۇرغۇن توساقلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ ، ئۇلارنى ياخشى ھەل قىلىپ ، شۇ يولنى تاللىغان بولسا ، ئۇمۇ بىر مۇستەقىل تاللاشقا ۋە ياشاش ئەركىنلىكىگە ئىگە ئادەمغۇ . نېمە قىلىمىز بىر ـ بىرىمىزنىڭ ھايات يولىغا پۇتلىكاشاڭ بولۇپ ، ئۆمرىمىزنى كۆڭۈلسىزلىك ۋە ئەرزىمەس پېشكەللىكلەرگە زايا قىلىپ . ۋاقتىدا قەددىمىزنى رۇسلىۋالغىنىمىز ، توغرا يولنى تاللىۋېلىپ ، ھاياتىمىزنى ۋاقتىدا خۇشال ۋە مەنىلىك ئۆتكۈزگىنىمىز ، ھاياتىمىزغا ھېسسىيلىق تۈسىنى ئالغان جاھىللىق بىلەن مەسئۇلىيەتسىزلەرچە مۇئامىلە قىلماسلىقىمىز كېرەك . چۈنكى ، دۇنياغا ئىككىنچى قېتىم قايتا كېلىپ كەتكۈزۈۋەتكەن بوشلۇقلىرىمىزنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ . بۇ دۇنياغا جاپا تارتىش ۋە ئازاب چېكىش ئۈچۈنلا كەلمىگەنمىز . تاشنى تاياققا تاڭغاندەك ، كېلىشەلمەيدىغان ئىككى ئادەمنى بىر ـ بىرىگە


زورلاپ توقۇنۇش ئىچىدىلا ياشاش پۇرسەتلىرىدىكى ئالتۇن ۋاقىتلارنى زايا قىلىش ، ياشاشنى بىلمەسلىك ، هاياتنى ، ئۆزىنى قەدىرلىمەسلىك... مەندە شۇنچىلىك جاسارەت ، چىدام ۋە مەردانىلىك بارمۇ زادى؟...

بولدىلا ، يولۋاسنى قەپەسكە سولىۋالسا ئەسلىي تەبىئىتى يوقىلىدۇ . ئەڭ ياخشى چارە ـ تەدبىر ۋە ياشاش مۇھىتىنى ئۆزۈم ئەقلىمگە ، سېھرىمگە تايىنىپ تاپاي...

ئايال يەنە ئۆزىگە شۇنداق دەيدۇ: «هازىرقى جەمئىيەتتىكى ئەڭ چوڭ يۈزلىنىۋاتقان تراگېدىيە — ئەرلەرنىڭ ئاياللىشىش هادىسىسى بولۇۋاتىدۇ ! مەدەنىيەتلىشىش دېگەنلىك هۈنەر ۋە تېخنىكا بىلەن قوپال نەرسىلەرنىڭ سىلىق ـ سىپايىلىششى دېگەنلىك بولۇپ ، مەدەنىيەتلىششنىڭ ماهىيىتى ئەمەلىيەتتە ، ئاياللىشىش دېمەكتۇر . هەممە نەرسە رىتىملىقلىشىپ ، سىلىقلىشىپ كەتكەنسېرى تەبىئىي ، قوپال نەرسىلەر يوقىلىۋاتىدۇ . سۈنئىي يېمەكلىكلەر كۆپەيگەنسېرى ئىنسانلار ئاجىزلاۋاتىدۇ . ئوتۇن يېرىپ ئوت قالايدىغان ئىش گاز بىلەن ئوت قالاشقا ، چېلەكتە سۇ ئەكېلىش تۇرۇبىلىششقا ، گۇس ـ گۇس كەتمەن چېپىش ماشىنىلىششقا ، ئازادە ، مەيدىسى ئوچۇق كىيىملەرنى كىيىپ پوتا باغلاش كاستۇم ـ بۇرۇلكا ۋە گالستۇكقا ، يۈرەكلىك ئۈنلۈك تووۋلاپ گەپ قىلىش سىلىق ـ سىپايە ئاممۇۋى هەرىكەت ئۆلچىمى بويىچە پەس ئاۋازدا كۈلۈمسىرەپ گەپ قىلىششقا ، ۋىجدانىي غۇرۇرىغا تېگىدىغان گەپ ـ سۆز ، ئىش ـ پائالىيەتلەرنى كۆرگەندە ئەرلىك قاراملىق ۋە جاسارىتى بىلەن گالاچ ـ گۈلۈچ بىر ـ ئىككىنى سېلىۋېتىش ، هىيلە ـ مىكىرنى كۆڭلىدە ئويلاپ ، چىرايىدا قەستەن كۈلكە يۈگۈرتۈشكە ۋە كوت ـ كوتلۇق تۇسنى ئالغان كەينىدە گەپ قىلىشقا ، غەيۋەتكە كۆچكەنسېرى ئەرلەر ئۆزىگە ئوخشىماي قېلىۋاتىدۇ . ئۇلارنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىگە ئوخشاشلا ، مۇهەببىتىمۇ سۇس ، هەممە سۈنئىدەكلا ، تېخنىكىلىشىپ كەتكەندەكلا ، تولىمۇ مەدەنىي ، ئەمما تەمسىز مەنە بېرىدىغان بوپقېلىۋاتىدۇ . ئاياللارنىڭ نۇرغۇن ئەيىب ـ نۇقسانلىرى ئۇلارغا يۇقۇۋاتىدۇ . لەيلىمە خىزمەت ، رىتىم ئىچىدىكى تۇرمۇش ئۇسۇلى ئۇلارنى لايغەزەل ، ئۇششاق سۆز ، هۇرۇن ، هەممىگە ئىلمان مۇئامىلە قىلىدىغان قىلىپ قويۇۋاتىدۇ . تۆۋرۈكىمىز ، دادىلىرىمىز ، باشپاناهىمىز ئاشۇ ئەرلەر دەيمىز دائىم بىز ئاياللار . ئوت يۈرەك ، جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ، ۋىجدان ۋە قەددى ئالەمچە يۇكسەك ، قوينى ئاتەش ئەرلىرىمىزنىڭ دەپ ئىپتىخارلىنىمىز بىز — ئاياللار. نوقۇلكى، ئەرلەرنىڭ زىيادە مەدەنىيەتلىكلىشىپ ئۆزىنىڭ تامامى تەئەللۇقاتىنى ئىلمىيلىقتا، سىلىق ـ سىپايىلىقتا ئاسمىلياتسىيە قىلىۋېتىشى، هەممىنى مۇۋاپىق قوبۇل قىلماسلىقى، غۇرۇر ۋە ۋىجدانىنىڭ يۆتكەلمە يۇمىلاقسىمانلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئاياللارنىڭ يولسىزلىقى ۋە بېشەملىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ . ئۇلار ئەرلىرىدىن بەلگىلىك هۆرمەت ۋە تەپتارتىش هېسسىياتىدا، قارىشىدا، هەرىكىتىدە بولۇش كېرەك . بۇ جەمئىيەتنىڭ، ئائىلىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەپ تۇرىدۇ . بۇ خىل تەڭشەك بۇزۇلۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، هەممىمىز ئەرلەرنى قوغدايلى ۋە ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋالايلى! دەپ توۋلاپ تۇرۇشىمىز ۋە شۇ ئاساستا هەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك

ئايال ئاخىرىدا ئۆزىگە شۇنداق دەيدۇ «ئايال چوقۇم ئايالغا، ئەر چوقۇم ئەرگە ئوخشىشى كېرەك. بىراق، ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە توساق بولماي شوتا بولۇشى، بىر ـ بىرىگە روهىي ئازاب ئېلىپ كەلمەي، بىر ـ بىرىگە روهىي ئوزۇق بېغىشلىشى كېرەك. بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ، بىر ـ بىرىنى قېزىپ چىقىپ ۋە بىر ـ بىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ تۇرمۇشىنى، هاياتىنى مەنىلىك، خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزۈشى كېرەك. ئەڭ مۇهىمى، ئۆزئارا كىشىلىك ئەركىنلىكىگە هۆرمەت قىلىش، چۈشىنىش، يول قويۇش، مەن ئۆزۈم ئەقلىغە، هېسسىياتقا، ئوي ـ خىيالغا، غايە ۋە ئارزۇغا، كۆڭۈلگە ۋە ۋىجدان ـ غۇرۇرغا، بەلگىلىك قەدىر ـ قىممەت قارىشىغا ئىگە مۇستەقىل، مۇرەككەپ قاتلاملىق ئادەم ئىكەنمەن، ئېرىمنىمۇ دەل مانا مۇشۇنداق ئادەم دەپ تونۇشۇم كېرەك. ئۆزۈمنى ئېرىمنىڭ ئورنىغا قويۇپ باققىنىمدەكلا، ئېرىمنىمۇ ئۆزۈمنىڭ ئورنىدا قويۇپ بېقىشنى بىلىشىم كېرەك. شۇندىلا نۇرغۇن مەسىلىلەر هەل بولۇپ، ئۆزۈمنىمۇ، ئېرىمنىمۇ تار دائىرىگە قىستاپ ئەكىرىپ قىيناپ قويمايمەن. ئۆزۈمنى ۋە ئېرىمنى تولۇق قېزىپ چىقالايمەن. نۇرغۇن پايدىلىق ئامىللار ماڭا، ئائىلەمگە ياردەم بېرىدۇ. تۇرمۇشۇمنى نېمىشقا مەنىلىك، رەڭدار قىلىپ بېزىيەلمىگۈدەكمەن. مانا بۇ نازۇكلۇق ئىچىدىكى ئاجايىپ مەنىدار قۇدرەت ئەمەسمۇ؟!

تەھرىرلىگۈچى: **پولات هېۋزۇللا**



# مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى كۆپ يازىدىغان بوۋاي

مۇسا ئەھەد

مۇھەببەت شېئىرلىرى ، كۆكۈل غەشلىرى بىلەن ئاچچىق كۆلكىسى يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ساتىرىك شېئىرلىرى بىلەن تونۇلغان شائىر مۇھەممەد رەھىم ئاكا 80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا قەلبىمدىكى ھۆرمەت ساھەسىغا ئايلانغانىدى . شۇنداق بولغاچىمىكىن ئاشۇ شېئىرلارنىڭ بەزى مىسرالىرى ھېلىھەم يادىمدا تۇرۇپتۇ.

مۇھەببەت بىر چىرايلىق گۈل ، ئۈنىڭدىن دىل ئۈزەلمەيسىز،
گۈزەل ياشلىقنى بۇ گۈلگە قىزىقماي ئۆتكۈزەلمەيسىز

مۇھەببەت چىللىسا كەلمەس ، سېتىپمۇ ئالغىلى بولماس،
ئەگەر ئويغانسا ئۇ سىزدە ، ئۇرۇپمۇ كەتكۈزەلمەيسىز.

*　　*

تەلىيىمنىڭ يوقلۇقىدىن ئوڭغا تارتمايدۇ ئىشىم،
غورا يېسەم ئاغرىماس ، ئەنجۈرگە ئاغرىيدۇ چىشىم.

## مەنىلىك كۈنلەر

1995 ـ يىلى 11 ـ ئايدا بورتالا شەھەرلىك ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ نەشر ئەپكارى «شىنجاڭ بازار بېتەكچىسى» گېزىتىگە يۆتكىلىپ كەلدىم . باش مۇھەررىرىمىز ھەبىبۇللا ئېلى كىتابخۇمار ، چوڭلارنىڭ شېئىرلىرىغا ئالاھىدە ئىخلاس قىلىدىغان كىشى ئىدى . شۇڭا مۇھەممەد رەھىم ، جاپپار ئەمەت ، شۈكۈر يالقىن ، بوغدا ئابدۇللا ، روزى سايىت قاتارلىق ئەدىبلەر گېزىتىمىزنىڭ ئاكتىپ ئاپتورلىرىغا ئايلانغانىدى . مۇھەممەد رەھىم ئاكا مېنىڭ نەزىرىمدە قىلنى قىرىق يارىدىغان ، گىجىك ، قاتتىق قول ، تەلەپچان ، يېقىنلاشقىلى بولمايدىغان ئادەمدەك كۆرۈنەتتى.

ئۇ تەھرىر بۆلۈمىمىزگە پات ـ پات ئەسەر ئېلىپ كەلگەچ ، قايسى ماقالىدە مەنتىقىلىق خاتالىق كۆرۈلگەنلىكىنى ، قايسى شېئىرنىڭ ماۋزۇسىنىڭ تازا مۇۋاپىق بولمىغانلىقى ، قايسى بىر شېئىرنىڭ ئىملا ، پەش ـ چېكىتىنىڭ توغرا قويۇلمىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ قوياتتى . ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ ، ئېلىپ كەلگەن شېئىرىنىڭ قايسى مىسراسىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغانلىقى ، شۇڭا باشقا بىر مىسراغا ئالماشتۇرغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ ، كونا شېئىرىنىڭ تۈزىتىلگەن يېڭى نۇسخىسىنى ئېلىپ كىرەتتى . بەزىدە ھەتتا گېزىتنىڭ زاۋۇتقا يوللاشتىن بۇرۇنقى ئاخىرقى نۇسخىسىنى ئۆزى بىر كۆرۈشنى تەلەپ قىلاتتى . نەچچە ئادەمنىڭ قولىدىن ئۆتكەن ئاخىرقى گېزىت نۇسخىسىنى مۇھەممەت رەھىم ئاكىنىڭ قولى بىلەن خېلى كۆپ يەرلىرى بويىلىپ ، تۈزىتىلگەن ھالەتتە قولىمىزغا كېلەتتى . شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ خالىس ، تەلەپچان ، مەسئۇلىيەتچانلىق روھى ياشلارغا ئانچە ياقمايتتى . چۈنكى ئۇ كۆرسىتىپ بەرگەن بەزى نۇقسانلار بىرقىسىم «بىلەرمەن» كىشىلەرنىڭ باشقىلارنى چۆكۈرۈشنىڭ ۋاستىسى بولۇپ قالغانىدى . شۇنداقتىمۇ ئۇ تەھرىر بۆلۈمىدىكى يولداشلارغا ئۇن ـ تىنسىز تەسىر كۆرسىتىپ ئەسەرلەرنى ئەستايىدىل كۆرىدىغان ، نەچچە قېتىملاپ لۇغەت ئاختۇرۇشقا تۈرتكە بولغانىدى . بەزىدە ئۇ ئارىلاپ ـ ئارىلاپ مۇھەببەت تېمىسىدىكى ئەسەرلەرنى ئېلىپ كىرەتتى ، مۇنداق چاغلاردا تەھرىر بۆلۈمىدىكى ياشلار بىر ماڭا ، بىر مۇھەممەد رەھىم ئاكىغا مەنىلىك قاراپ ، ئاچچىق كۈلۈپ قوياتتى . ئۇ-

www.uyghurkitap.com




لارنىڭ نەزىرىدە مۇھەببەت شېئىرلىرىنى يېزىش مۇھەببەت رەھىمدەك يېشى 70 تىن ھالقىپ كەتكەن بوۋاي ئۈچۈن «قېرىغاندا قېرى تاتۇق ، قىلىقلىرى ئۈنىڭدىن ئارتۇق» بولۇپ ، مۇھەببەت پەقەت ياشلارغىلا خاس مۇقەددەس تۇيغۇ ئىدى.

بەزىدە ئىنسان ھاياتىدىكى تاسادىپىيلىق ، ئاددىي ئىشلارمۇ سىنى بىراۋ توغرۇلۇق ئەتراپلىق چۈشەنچىگە ئىگە قىلىپ ، ئۇنىڭ مەنىۋىيىتىگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ ، ئىلگىرىكى تەسىراتلىرىڭىنىڭ ئورنىغا يېڭى بىر چۈشەنچىنىڭ ئۇلىنى تىكلەيدىكەن.

1995 ـ يىلى 10 ـ ئايدا يېتۈك ئالىم ۋە ئەدىب ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى بىز بىلەن ۋىدالاشتى . ئۈرۈمچىدىكى بەيتۇلمەمۇر مەسچىتى (ياڭخاڭ) ، يەنئەن يولى تارىختا كۆرۈلمىگەن ھازا قوشۇنى بىلەن تولۇپ ، بۇ ئۇلۇغ ئىنسانىنىڭ ئۆلۈم سەلتەنىتىنى تارىخنىڭ ئالتۇن بەتلىرىگە يېزىشقا ئۈلگۈرگەندى . ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مەرىكە زالى شائىر ئۈچۈن يېزىلغان مەرسىيىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن ، گېزىت ـ ژۇرناللارمۇ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ۋاپاتىغا مەخسۇس سەھىپىلەرنى ئاجرىتىپ ، ئۇنىڭغا ئاتالغان مەرسىيە ، ئەسلىمە ، ئوبزورلار بىرقانچە كىتابقا يەتكەنىدى . شۇڭا بىرقىسىم خالىس نىيەت كىشىلەر تەرىپىدىن بۇ ئەسەرلەر توپلىنىپ ، ئۇنىڭ يىل نەزىرىگە ئۈلگۈرتۈپ چىقىرىش پىلانلانغانىدى . ئۈرۈمچى شەھەرلىك 20 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ سابىق مۇدىرى ، مەرھۇم شائىر غوپۇر ئۆمەر ، مەتبەئە ، باسما سودىگىرى ئابلىمىت مۇھەممىدى (ئەمىن) قاتارلىق يولداشلار بۇ ئەسەرلەرنى يىغىپ نەشر قىلىشقا خېلى زورۇققان بولسىمۇ ، چوپلىغا چىقمايدىغان تالاش ـ تارتىش تۈپەيلى ئۇلارنىڭ ھالال ئەمگىكى ھوسۇلسىز قالدى . ئاخىر ئۇلار كىتابنىڭ نەشر ھوقۇقىنى سېتىۋېلىپ ، ئۆزلىرى نەشرگە تەييارلىماقچى بولۇشتى . بۇ چاغدا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ يىل نەزىرىمۇ ئۆتۈپ بولغانىدى .

1998 ـ يىلى 5 ـ ئايلار بولسا كېرەك ، بىر كۈنى ئىشخانىدا ماقالە تەھرىرلەپ ئولتۇرسام ئابلىمىت مۇھەممىدى (ئەمىن) لىق ماتېرىيال قاچىلانغان بىرقانچە كونۋېرت كۆتۈرگىنىچە كىرىپ كەلدى ـ دە ، كونۋېرتتىكى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ۋاپاتىغا بېغىشلانغان ئەسەرلەرنى قايتا كۆرۈپ بېرىشىمنى ئېيتتى . شۇ كۈندىن باشلاپ ئىككى ھەپتىدەك ۋاقتىم شۇ ئەسەرلەرنى كۆرۈش ، تەھرىرلەش بىلەن ئۆتتى . ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە ، تەھرىرلەنگەن ئەسەرلەرنى كۆتۈرۈپ ئابلىمىت بىلەن غوپۇر ئۆمەرنىڭ ئۆيىگە باردۇق . يىغىلغان ئەسەرلەرنى بىر توپلام قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ھەققىدە يېزىلغان شېئىرلار ، نەسرلەر ، ئەسلىمىلەر بىرلەشكەن بىر توپلام چىقىرىلسا ئەبجەش بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالاتتى . شۇڭا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ ، شېئىرلارنى بىر توپلام ، نەسرىي ئەسەرلەرنى بىر توپلام قىلماقچى بولدۇق . مەن ئاخىردا بۇنى تېخىمۇ مۇكەممەل كىتاب قىلىش ئۈچۈن بىرەر قەلىمى پىشقان ، ئەستايىدىل مۇھەررىر كۆرۈپ تەھرىرلەپ چىقسا دېگەن تەكلىپنى بەردىم . ئۇلارمۇ پىكرىمگە قوشۇلدى . ئاخىر دىققىتىمىز مۇھەممەد رەھىمگە مەركەزلەشتى.



شۇ كۈنى ئۈچىمىز مۇھەممەد رەھىم ئاكىنىڭ ھۇزۇرىغا باردۇق . ئۇ گەپ ـ سۆزىمىزنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن «ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئۈچۈن ئىشلەشكە قولۇم كۆكسۈمدە ، ماڭا ئىشەنگەنلىكىڭلارغا رەھمەت» دەپ ئەسەر ئورىگىنالىنى ئېلىپ قالدى . شۇ كۈندىن باشلاپ بوش ۋاقىت تاپسام ئۇنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىدىغان ، ئۇنىڭ ئەسەر تەھرىرلەش ھەققىدىكى ئۈگۈتلىرىنى ئاڭلايدىغان ، بىۋاسىتە كۆرەلەيدىغان بولدۇم . ئۇ بەزىدە بىرەر ئەسەر ئۈستىدە سائەت ـ سائەتلەپ باش قاتۇراتتى . قايسى سۆزنىڭ جايىغا چۈشكەن ـ چۈشمىگەنلىكى ، قايسى سۆزنىڭ مەنتىقىگە سىغمايدىغانلىقى ، قايسى شېئىرنىڭ زورۇقۇپ يېزىلغانلىقى ، قايسى شېئىرنىڭ ماۋزۇسى بىلەن ئەسەر مەزمۇنىنىڭ ماس كەلمىگەنلىكى توغرىسىدا ئويلىناتتى ، باش قاتۇراتتى . مەسئۇلىيەتچان ، تەلەپچان پىشقەدەم مۇھەررىر بىلەن بولغان بۇ كۈنلەر تەھرىرلىك ھاياتىمدىكى ئەڭ جانلىق دەرس بولغانىدى .

«خۇددى خېمىرنى قانچە چەيلىسە ، ئۇنىڭ نېنى شۇنچە ياخشى بولغىنىدەك ، قايتا ـ قايتا كۆرۈپ تۈزىتىش ياخشى شېئىر يېزىشنىڭ مۇھىم جەريانى . ئۇنىڭدىن باشقا ھەر تەرەپلىمە بىلىم ، مول تۇرمۇش تەجرىبىسى ، شېئىرىي پىكىر ، ئوبرازلىق تەپەككۇر ، شېئىرىي ماھارەت... مانا بۇلار ياخشى شېئىر يېزىشنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرى . بۇ ئامىللار ئۆزىڭىزنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ۋە دەسلەپكى ئۇستازلارنىڭ مېھنەت ئەجرى بەدىلىگە كېلىدۇ» دېگەن سۆزنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەيتتى . ئارىدىن ئۈچ ھەپتە ئۆتكەندە ئەسەرلەرمۇ تۈزىتىلىپ ، غوپۇر ئۆمەر بىلەن ئابلىمىت مۇھەممىدىگە تاپشۇرۇلدى .

بىر كۈنى مەن مۇھەممەد رەھىم ئاكا بىلەن ئەسەر كوررېكتورلۇقىنى كۆرۈپ بېقىش مەقسىتىدە ئابلىمىت مۇھەممىدىنىڭ ئىشخانىسىغا باردۇق . چاققانغىنە ئۈچ ئېغىزلىق ئۆينىڭ بىر ئېغىزى خاس ئىشخانا ، يەنە بىر ئېغىزى كومپيۇتېرخانا بولۇپ ، ئىشلەۋاتقان ئىككى قىزنى ھېسابقا ئالمىغاندا يەنە بىر قانچە قىز كومپيۇتېر ئۆگەنگۈچىلەر ئىكەن . ھەر قېتىم كەلگەندە قىزلار يېڭىلىنىپ تۇراتتى . شۇڭا بىز ئابلىمىتقا چاقچاق قىلدۇق:

ـــ بۇ ئىشخانىلار قۇشلار ئارىلىغا ئوخشاپ قالغانمۇ قانداق ، ھەر قېتىم كەلگەندە ئۆزگىچە مەنزىرە ، ئۆزگىچە ھالەت . ئۇچقانلار ئۇچۇپ كېتىپ تۇرغان ، يېڭىلىرى ئۇچۇپ كېلىپ تۇرغان.

ـــ قانداق قىلىسەن ئاداش ، بۇ كەمنىڭ باللىرىغا نېمە دېگۈلۈك ، تونۇش ـ بىلىش ، يېقىن ـ يورۇقلار ساڭا دەرد ئېيتىپ كېلىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن چامىمىنىڭ يېتىشىچە پۇل بېرىپ ئىشلىتىمەن . ئۇلار كومپيۇتېرنى ئۆگىنىۋالدىمۇ ، بولدى ، قانات ـ قۇيرۇقى يېتىلگەن قۇشتەك ئۇچۇپ كېتىدۇ . شۇنىڭ بىلەن يەنە يېڭى قۇشلار ئۇچۇپ كېلىدۇ . ھەرھالدا ئىشخانامدىن قۇشلار ئۆكسۈپ قالمايدۇ، ـــ دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

بىز كومپيۇتېرخانىغا كىردۇق . ئاستىغا گىلەم سېلىنغان بۇ ئۆيدە تۆت قىز كومپيۇتېرغا خەت كىرگۈزۈۋاتقانىكەن . ئابلىمىت بىزگە تۈزىتىلگەن نۇسخىلارنىڭ ئاساسەن چىقىپ بولغانلىقىنى ، بىرقىسىم ئەسەرنىڭ كوررېكتور نۇسخىسىنى تەييارلاپ قويغانلىقىنى ئېيتىپ ، بىزنى پۇزۇر كىيىنگەن ، ناھايىتى تولغان ، چىرايلىق بىر قىزنىڭ قېشىغا باشلاپ كەلدى ـ دە ، بىزنى ئۇنىڭغا بىرقۇر تونۇشتۇرغاندىن كېيىن ئىشخانىسىغا چىقىپ كەتتى . بىز دىلبەر ئىسىملىك بۇ قىز بىلەن چىقىرىلغان بەت نۇسخىسىنى كۆرگەچ خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشقاندىن كېيىن بۇ يەردىن ئايرىلدۇق . مۇھەممەد ئاكا سىرتقا چىققاندىن كېيىن:

ـــ دىققەت قىلدىڭىزمىكىن ، دىلبەر ئىسىملىك بۇ قىز يېتىلگەن شەمشاتتەك چىرايلىق قىز ئىكەن ، ئۇنىڭ ئۇستىگە مىجەز ـ خۇلقىنىڭ ئوچۇقلۇقى ، گەپ ـ سۆزىنىڭ ئورۇنلۇقلۇقى گۈزەللىكىگە تېخىمۇ ھۆسن قوشۇپتۇ، ـــ دېدى.

گەرچە مەن مۇھەممەد ئاكىغا چاندۇرمىغان بولساممۇ ، كومپيۇتېرخانىدا بىرنەرسەم قالغاندەك كۆڭلۈمدە تاتلىق بىر تۇيغۇ ئويغاناقتا ئىدى . شۇ كېچە ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدىم . ئۇزۇندىن بېرى توختام سۇدەك تىنجىپ قالغان ھېسلىرىمغا جان كىرىپ ، يېڭى بىر شېئىرنىڭ ئۇندۇرمىسى بىخلاناقتا ئىدى.

ئەتىسى ئىشخانىغا كىرىپ تۇرۇشۇمغا مۇھەممەد ئاكىدىن تېلېفون كەلدى . گەپ ـ سۆزىدىن بىر خىل ھاياجان ، خۇشاللىق بالقىپ تۇراتتى . «بىر شېئىر يازغاندىم ، دەرھال كىرگەن بولسىڭىز» دېدى ئۇ.

مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە ، ئورىگىنالغا دانە ـ دانە يېزىلغان تۆۋەندىكى شېئىر شىرە ئۈستىدە تۇراتتى.

## كۆڭلۈم دېگەن گەپلەر

بىر گۈزەلنى كۆردى كۆڭلۈم ، ئادىمىي گۆھەر ، دېدى،
ئاي دېسەڭ ئايدىن گۈزەل ، چولپانغا دوست ئەختەر ، دېدى.

ھۆسنىگە تەڭداش تاپالماي ، قالدى كۆڭلۈم تەمتىرەپ،
گۈل دېسەڭ گۈلدىن چىرايلىق ، خۇش پۇراق ئەنبەر ، دېدى.

قامىتى زەپ ۋايىغا يەتكەن زىبا شەمشاد ئىكەن،
غۇنچە بويلۇق نازىنىنلار ئالدىدا سەرۋەر ، دېدى.

لالە رەڭلىك يۈزلىرىدە خالمۇ يوق ، نۇقسانمۇ يوق،
لەۋلىرىدە يالتىراپ تۇرغان قىزىل شەلپەر ، دېدى.

ئىسمىنى بىلمەك بولۇپ كۆڭلۈم ئىما قىلدى ماڭا،
سورىسام قىز ئىسمىنى ، ئىسمىم مېنىڭ دىلبەر، دېدى.

بۇ غەزەلنىڭ ئاخىرقى كۇپلېتى مۇنداق چۈشكەنىدى:

www.uyghurkitap.com



بىر غەزەل يازدىمغۇ دەپ ماختانما دىلبەر شەنىگە،
يازغىنىڭنىڭ ھەممىسى مەن ئۆيلىغان گەپلەر ، دېدى.

1998 ـ يىل 7 ـ ئىيۇل . ئۈرۈمچى

شېئىر ھەقىقەتەن راۋان ، پاساھەتلىك چىققاندى . بۇ شېئىرنىڭ ئىلھامىمۇ ياكى ئاخشامقى ئىلھامىنىڭ ئۆيغىنىشىمۇ ، ئىشقىلىپ مەنمۇ مۇنداق بىر شېئىر يازدىم:

## دېدى

(شائىر مۇھەممەد رەھىمنىڭ «**كۆڭلۈم دېگەن گەپلەر**» ناملىق شېئىرىنى ئوقۇپ)

«بىر گۈزەلنى كۆردى كۆڭلۈم» ھۆر سۈپەت غىلمان، دېدى ،
بار ئۇنىڭ شوخ نازلىرىدا جىلۋىلىك جەۋلان ، دېدى.

كۆزلىرىنىڭ نەۋكىرى يەڭلىغ قېشى جۈپ زۇلپىقار،
كىرپىكى سەپ ـ سەپ بولۇپ بىز ئاڭا قورغان ، دېدى.

ئىزلىرىنى ھىدلىدىم ھەر ئىزغا مىڭ ـ مىڭ جان پىدا ،
دەپ كۆڭۈل بەرسەم ، سىرىڭنى تۇت ھامان پىنھان ، دېدى.

كۆزلىرىدە ئاي تۇنەپ يەتسە مازارغا شولىسى،
گۆردە ياتقان مۇردىلارمۇ ھەقرۇسۇل سۇبھان ، دېدى.

خۇددى مەھبۇس ئاسمىنىدەك قاپقارا ساچىڭ دېسەم،
ساچلىرىم ھەر ئۆرۈمى ئاشىققا دار ئارقان ، دېدى.

كۆن بىلەن ئايدىن تۇغۇلغان ھۆرمىكىن دەپ ئۆيلىسام،
ھەر نىگاھىم بىرلە ئاي ـ كۈن كۆتۈرەر غەليان ، دېدى.

لەۋلىرىنى غۇنچىگە ئەيلەپ قىياس ، بۇلبۇل يەنە،
ھەر كېچە مىڭ بىر ئۆلۈپ ۋەسلىمگە جان قۇربان ، دېدى.

1998 ـ يىل 8 ـ ئىيۇل . ئۈرۈمچى

بۇ ئىشتىن كېيىن باشقىلارنىڭ نەزىرىدىكى كاتتا سىنچى ، تىنىمسىز ، تەلەپچان بۇ ئادەم مېنىڭ نەزىرىمدە تەسەۋۋۇر دائىرىسى كەڭ ، ھېسسىياتى جۇشقۇن ، روھىي دۇنياسى يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلانغاندى.

بەزىدە خالىس نىيەت ، مىننەتسىز ئەمگەك بەدىلىگە كەلگەن مەنىۋى ھاسىلاتلارمۇ كىشىلەردە خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپ ، قىلغان ئەجرىڭ كۆپۈككە ئايلانغانىڭ ئۈستىگە ، ئادەمگە بىرمۇنچە دىل ئازارلىق ئېلىپ كېلىدىكەن . ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندى توغرىسىدىكى ھېلىقى ئىككى كىتاب كورېكتورلۇق ئۆتكىلىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، زاۋۇتقا يوللىنىدىغان چاغدا بۇ كىتابنىڭ ئىگىسى كۆپ چىقىپ كەتتى . تالاش ـ تارتىش ھەل بولمىدى . كىتاب تۈزگۈچىگە كىمنىڭ ئىسمىنى يېزىش مەسىلىسى كىتاب چىقىرىشتىكى ھالقىلىق مەسىلە ئىدى . مەرھۇم غوپۇر ئۆمەر ، ئابلىمىت مۇھەممەدى (ئەمىن) نىڭ بۇ ئەسەرلەرنى يىغىش ، توپلاش ، كومپيۇتېردا خەت تىزىش ، مۇقاۋا لايىھىلەش ئۈچۈن خەجلىگەن خېلى كۆپ ئىقتىسادى ئۇچۇپ كەتتى . مۇھەممەد رەھىم ئاكىنىڭ بىر ئايغا يېقىن ئەسەر تەھرىرلەش ، كورېكتورلۇق قىلىش جەريانىدا ئۆتكۈزگەن ئۇيقۇسىز تۈنلىرى بىكار بولدى . كېيىنكى چاغلاردا بۇ ئىش تىلغا ئېلىنىپ قالسا ئۇ ئېغىر خۇرسىنغان ھالدا: «ھەي ، غوپۇر ئۆمەر بىلەن ئابلىمىتنىڭ ئەجرى بىكارغا كەتتى ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرگە بولغان ھۆرمەت مېنىمۇ بۇ ئىشقا سۆرەپ كىرگەن . كىتابنى كىم چىقىرىش ، نەشرگە تەييارلىغۇچىنىڭ كىم بولۇشى مۇھىم ئەمەس ئىدى . كىتاب نەشر قىلىنغان بولسا ناھايىتى كاتتا ئىش بولاتتى . ھەي ،



بىزدىكى شۆھرەتپەرەسلىك» دېدى .

## مۇھەررىر ۋە ئەستايىدىللىق

ـــ كىشىلەر ئارىسىدا «مۇھەممەد رەھىم بىر پەش

چوشۇپ قالسا قەشقەرگىمۇ بارىدۇ» دېگەن گەپ بار ئىكەن. بۇ گەپ راستمۇ؟

— بۇ گەپ سەل مۇبالىغە بولۇپ كېتىپتۇ . مەن «تارىم» ژۇرنىلىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن چاغلىرىمدا ، بىر سان ژۇرنالنى تەييارلاپ ، ئۆزۈم زاۋۇتقا ئاپىرىپ بېرەتتىم . كوررېكتورلۇقىنىمۇ ئۆزۈم كۆرەتتىم . بىرەر خاتالىق سېزىلسە ، ئۆزۈم زاۋۇتقا بېرىپ تۈزىتىپ قويۇپ خاتىرجەم بولاتتىم . مەيلى ئۆزۈمنىڭ بولسۇن ياكى باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرى بولسۇن ، بىرەر خاتالىقنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىنى خالىمايمەن . ئەقلىمنىڭ ، كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ياخشى تەھرىرلەش ئۈچۈن تىرىشىمەن . مۇشۇنداق ئىشلەش مۇھەررىرنىڭ مەسئۇلىيىتى . ھازىر مۇنداق تەھرىرلىك ئىستىلى كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان بولۇپ قالدى . شۇڭا قولدىن چىقىپ كەتسە ھېساپ دېيدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپىيىپ كەتتى . مۇھەررىر دېگەن قىزىل قەلەمنى قولغا ئېلىۋېلىپ ، ئەسەرنىڭ خالىغان يېرىنى ئۆزىنىڭ ئوي ـ پىكرى بويىچە تۈزىتىش دېگەنلىك ئەمەس . يېزىلغان ئەسەرنىڭ كەمچىلىكىنى توغرا تېپىپ تۈزىتىش كېرەك . تەھرىرلىك ھەر تەرەپلىمە بىلىم تەلەپ قىلىدىغان ناھايىتى مۇشكۇل ، جاۋابكارلىقى يۇقىرى خىزمەت . مەسىلەن ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەلۇم بىر مۇھەررىرى ئالجىرىيىدە بىر ئائىلىنى زىيارەت قىلىپ ، نېگىرلارنىڭ تۇرمۇشىنى كۆرۈپ كەپتۇ . كېيىن يازغان ماقالىسىدە «مەن نېگىرلارنىڭ شورپىسىنى ئىچتىم ، بىراق شورپىسىدا گۆش يوق ئىكەن» دەپ يازغانكەن . يەنە بىر ئادەم ئۇنىڭغا قارىتا ماقالە يېزىپ «نېگىرلارنىڭ ئادىتىدە ئاۋۋال گۆشنى يەپ ، ئاندىن شورپىسىنى ئىچىدۇ ، بۇ مۇخبىر نېگىرلارنىڭ گۆشنى يېگىنىنى كۆرمەي ، شورپىسىنى ئىچكىنىنى كۆرگەن ئوخشايدۇ» دەپ تەنقىد قىلغان . مۇنداق ئىشلار بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدىمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ . قەشقەر تۇرمۇشى يېزىلغان بىر ھېكايىدە «ئۇ ھېيتگاھدىن ئۆتۈپ ، ئۆستەڭبويىغا قاراپ كەتتى» دېگەن جۈملىنى شىماللىق بىر مۇھەررىر «ئۇ ھېيتگاھدىن ئۆتۈپ ، ئۆستەڭ ياقىلاپ كەتتى» دەپ تۈزەپ قويغان . شۇنىڭ بىلەن بۇ جۈملىنىڭ مەزمۇنى تامامەن ئۆزگىرىپ كەتكەن . مانا بۇ سەۋەنلىك شىماللىق مۇھەررىرنىڭ قەشقەردە «ئۆستەڭبويى» دېگەن مەھەللىنىڭ بارلىقىنى بىلمىگەنلىكىدىن بولغان . ئەسەرلەردىكى كەمچىلىكنى دەل ، توغرا تېپىپ ، مۇۋاپىق تۈزەتكەن مۇھەررىر ھەقىقىي مۇھەررىر بولىدۇ.

## مۇھەممەد رەھىمنىڭ ئۈچ خىل دەپتىرى

ئېھتىمال ئوقۇرمەنلەر يۇقىرىقى كىچىك ماۋزۇنى كۆرگىنىدە «بۇ ئادەمنىڭ بۇ ئۈچ خىل دەپتىرىگە نېمىلەر يېزىلىدىغاندۇ» دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن . بۇ سوئالغا ئەڭ ياخشىسى مۇھەممەد رەھىم ئاكىنىڭ ئۆزى جاۋاب بەرسۇن: «مېنىڭ ئۈچ خىل شېئىر دەپتىرىم بار . بىرىنچىسى ، پۈتمىگەن ۋە خام شېئىرلار . مەن بىر شېئىرنى يېزىپ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالمىسام 1 ـ دەپتەرگە يېزىپ قويىمەن . بەزىدە بىر شېئىرنى يېزىپ قويۇپ ، كۆڭلۈمگە ياقمىغان يەرلىرى كۆپرەك بولسا مۇشۇ دەپتەرگە يېزىپ قويىمەن . بىكار بولۇپ قالغان چاغلىرىمدا ئۇلارنى ئوقۇپ قويىمەن . بەزىدە بۇ دەپتەرگە يېزىپ قويۇلغان بىر كۇپلېت ، ياكى بىرقانچە مىسرا پۈتمىگەن خام نەرسىلەردىن يېڭى بىر شېئىر يېزىلىپ قالىدىغان ، ياكى بولمىسا باشقا بىر شېئىرنىڭ كەم يەرلىرىگە تولۇقلىما بولالايدىغان مىسرالار ئۇچراپ قالىدۇ.

ئىككىنچىسى بەڭۋاش ئىلھاملار . بۇ دەپتەر سىياسىي قاتماللىق ھۆكۈم سۈرگەن دەۋردە يېزىلغان ، مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلغىلى بولمايدىغان شېئىرلار بىلەن تولغان . بۇلارنىڭ كۆپى مۇھەببەت شېئىرلىرى . 3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ يېڭى باھارى باشلانغان دەۋردە بۇ شېئىرلار قايتا پىششىقلىنىپ ، مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىندى.

ئۈچىنچىسى رەسمىي يېزىلغان شېئىرلار . بۇ دەپتەرگە ئۆزۈم ۋايىغا يەتتى دەپ قاراپ ئېلان قىلىنىغان شېئىرلار كۆچۈرۈلىدۇ . شۇنداقتىمۇ بەزى شېئىرلار قايتا ـ قايتا تۈزىتىلىپ ، توقۇم بولۇپ كېتىدۇ . 20 يىلنىڭ ئالدىدا مەن قايسىبىر شائىرنىڭ «مەن شېئىرنى بىرلا قېتىم يازىمەن ، قايتا تۈزەتمەيمەن» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ ھەيران قالغانىدىم . مېنىڭ ئۆمرۈمدە قايتا قولغا ئالمىغان ، بىرلا قېتىم يېزىلغان ، قايتا تۈزىتىلمىگەن بىرمۇ شېئىرىم يوق . چاقچاق ئورنىدا يېزىلغان شېئىرلىرىم بولسۇن ، غەمكىنلىك ، مەيۈسلۈك يۇراپ تۇرىدىغان شېئىرلار بولسۇن ، قايتا ـ قايتا تۈزىتىلىدۇ.

مۇھەممەد رەھىم ئاكا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ ، يازغان ئەسەرلىرىمنى كۆر-

TANGRITAG LITERATURE

ستىدىغان ، تەھرىرلىك ھەققىدە ئۈگۈت ئالىدىغان بولدۇم . ئۇنىڭ ئەسەرلەرگە بولغان سەممىي باھاسى ، ئوچۇق ـ يورۇق خاراكتېرى ماڭا ياقاتتى . شۇڭا ئەسەرلىرىمدە كۆرۈلگەن نۇقسانلار توغرىسىدا سۆزلىگەندە ئادەمـ



نى ئاياپ قويمايتتى . بەزىدە گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرىمنى ئوقۇغان چاغلاردا: «سىزمۇ بارغانسېرى گۇڭگا شېئىر يازىدىغان بولۇپ قالدىڭىز . سىز شېئىرنى كىم ئۈچۈن يازىسىز؟ باشقىلار بەھرىلەنسۇن ، مەنىۋى ئوزۇق ئالسۇن دەپ يازىدىغانسىز؟ يازغانلىرىڭىزنى ھېچكىم چۈشەنمىسە ، ئۇنىڭدىن مەنىۋى زوق ئالغىلى بولامدۇ؟» دەپ قايناپ كېتەتتى . گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياققۇدەك شېئىرلىرىم چىقىپ قالغۇدەك بولسا كەچ سائەت 9 ـ 10دا تېلېفون ئارقىلىق ماڭا ئىلھام ، مەدەتمۇ بېرىپ قوياتتى . مۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ بىلەن شېئىرىيەت توغرىسىدا كۆزقاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، مۇنازىرىلىشىشنى قانچە قېتىملاپ ئويلىغان بولساممۇ ، شېئىرىيەت ھەققىدىكى قارىشىمىزنىڭ قىسمەن ئوخشىماسلىقى تۈپەيلى ، ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرىدىغان بۇ بوۋاينى رەنجىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ كۈلۈپلا قوياتتىم . كۆڭلۈمدىكى گەپنى ئېيتسام ، ئوسمانجان ساۋۇت ، بوغدا ئابدۇللا ، قۇربان بارات قاتارلىق شائىرلار نېمىشقىدۇر ماڭا تېيىپجان ئېلىيوپتىن ئۈتە يېقىن مەنىۋى ئۇستازلىرىم سۈپىتىدە كۆرۈنەتتى . مېنىڭ نەزىرىمدە ئوسمانجان ساۋۇت شېئىر سەنئىتىدە ئۆز پەللىسىنى ياراتقان ، ئاسانلىقچە ئۆز تەسرىنى باشقىلارغا يۇقتۇرمايدىغان ، دوراپ ـ دوراپ ئۆگەنگىلى بولمايدىغان ، ھوسۇلى بارغانسېرى بەرىكەت خامىنىغا ئايلانغان شائىر ، كاتتا تىل ئۇستىسى ئىدى . مۇھەممەد رەھىم ئاكا يىرىم ئەسىردىن كۆپرەك ئىجادىي ھاياتىدا تېيىپجان ئېلىيوپقا ئىخلاس قىلغان ، چوقۇنغان ، مەنىۋى ئۇستازى ئورنىدا كۆرۈپ كەلگەنىدى . شۇڭا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنىدى: «تېيىپجان ئېلىيوپ ھەقىقەتەن يېتىلگەن تىل ئۇستىسى ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بايراقدارى ئىدى . ئۆز شېئىرلىرىدا خەلق تىلىدىن ئۇنىڭدەك ئۇنۇملۇك پايدىلانغان ، ۋايىغا يەتكۈزگەن شائىر كەم ئۇچرايدۇ . 80 ـ يىللاردىن كېيىن ئابدۇرېھىم ئۆتكۈرمۇ دىققىتىمنى تارتتى . ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئۆتكۈرلۈك ، تېرەنلىك ، پەلسەپۋىلىك ، مول تارىخىي جۇغلانما ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ھەر تەرەپلىمە يېتىلگەن ، يېتۈك ئالىم ، كاتتا شائىر ، ئەدىب ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.»

مۇھەممەد رەھىم ئاكىنىڭ ئۇزۇن يىللىق سەپدىشى ، بۇرادىرى ، يېقىن سىردىشى بولغان بۇ ئۇلۇغ شائىر ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، ئۇ بارلىق شېئىرلىرىنى قايتا رەتلەپ ، تولۇق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدۇردى ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا بولغان دوستلۇقىنى يەتكۈزۈپ ، روھىنى ئەمىن تاپقۇزدى . ئاتاقلىق تەرجىمان ، شائىر ئابدۇكېرىم خوجىمۇ ئۆمرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە ئۆزىنىڭ تولۇق شېئىرلار توپلىمىنى ئىشلىيەلمىگەنلىكىدىن ئەپسۇسلانغان ۋە بۇ ئىشنى مۇھەممەد رەھىمگە تاپشۇرغان . شائىر ئا . خوجا 1988 ـ يىلى 7 ـ مارت كۈنى ۋاپات بولدى . مۇھەممەد رەھىم بۇ ۋەسىيەتنى 1989 ـ يىلى ئورۇنداپ «باھار يامغۇرى» ناملىق توپلامنى نەشر قىلدۇردى .

شۇنداق ، ھەقىقىي دوستلۇق شۇنداق بولىدۇ . ئۇ دوستلىرى ، يېقىنلىرى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغان ، ئارمان ئەتكەن ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ھېسابىغا بەخت ھوزۇرىغا چۆمدى . مۇھەممەد رەھىمنىڭ تېيىپجان ئېلىيوپ بىلەن بولغان ئاخىرقى سۆھبىتى بۇ نۇقتىنى دەلىللەپ تۇرۇپتۇ:

«بوۋايلارنىڭ ۋاقتىنى غەنىيمەت بىل ، ئۆمرۈڭگە ئىشەنمە» دېگەن سۆزىنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىپ يېتەلمەپتىمەن . مېنىڭمۇ نى ـ نى ئىشلارنى قىلىۋالغىلى بولىدىغان نۇرغۇن ۋاقتىم زايە بولۇپ كەتتى... ئادەملەر بۇ سەۋەنلىكىنى جان ھەلقۇمغا كەلمىگۈچە بىلمەيدىكەن» دەپ چوڭقۇر ئۇھ تارتقانىدى.

بۇ سۆز مەندىمۇ ھەسرەت تۇيغۇسىنى ئويغاتقانلىقى ئۈچۈن تەسەللىگە تىلىم بارمىغانىدى . ئۇ ئۆزىنى بىرئاز ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن ، يەنە سۆز باشلىدى:

ـــ سەن ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ تولۇق توپلىمىنى ئىشلەپ ياخشى قىلدىڭ ، ئەمدى مېنىڭكىنى ئىشلىشىپ

بەر . يالغۇزلۇق تارتىپ قالغۇدەك بولساڭ ئابلىمىت سادىقنى قوشۇۋال ، قانداق؟ ئىشلەپ بېرەلەمسەن؟ سالامەتلىكىڭ يار بېرەمدۇ؟

ــــ هازىرچە يار بېرىدۇ . مۇمكىن بولمىغۇدەك ئەھۋالغا دۇچ كەلسەم ئۇنىڭ چارىسىنى قىلارمەن،ــــ دېدىم مەن.

ــــ ئۇنداق بولسا ، تولۇق توپلىمىمنى قانداق ئىشلەش توغرىسىدا ئويلاپ قويغانلىرىمنى كېيىنرەك دەپ بېرەي . بۇگۈن مۇشۇنچىلىك سۆزلىشەيلى . دوختۇر «ئاز سۆزلە» دېگەن، دېدى شائىر.

ئۇنىڭدىن كېيىن تۆت ـ بەش كۈندە بىر قېتىم دوختۇرخانىغا بېرىپ ئەھۋال سوراپ تۇردۇم . شۇ كۈنلەردە ئۇ ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى دەپ بەردى . مەن خاتىرىلىۋالدىم.

1 . «تۆھمەت قۇربانى» دېگەن داستانلار توپلىمىمدا مەسئۇل مۇھەررىرنىڭ خېلى كۆپ تۈزىتىشلىرى بار ئىكەن . بۇنىڭ بىرمۇنچىسىنى قوبۇل قىلالمىدىم . بۇ تۈزىتىشلەرنىڭ مۇۋاپىقلىرىنى ساقلاپ قېلىپ ، نامۇۋاپىقلىرىنى سەن ياخشىراق تۈزەپ قوي . بەزىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قويساڭمۇ بولىدۇ.

2 . شېئىرلىرىم ئىچىدىكى ماڭا ۋەكىللىك قىلالمايدىغان ، ھېچقانداق بەدىئىي قىممىتى قالمىغان نەرسىلەرنى چىقىرىۋەت.

3 . نەسرىي ئەسەرلىرىمنى ئايرىم توپلام قىلىپ ئىشلە ياكى ئۇنى ياخشى ئىشلەيدىغان بىر كىمگە تاپشۇر.

4 . «ئەينەك» دېگەن نەسرنى ۋايىغا يەتكۈزەلمەپتىمەن ، بەك ئاجىز يەرلىرىنى سەن بىرئاز يۇقىرى كۆتۈرۈپ باق ، ياخشىراق بولسۇن.

5 . ئۆيدىكى ئۈستەلنىڭ تارتمىسىدا يوغان كونۋېرتتا تولۇق توپلامغا كۆچۈرۈلگەن جىق شېئىرلىرىم بار ، سەن شۇلاردىن پايدىلان.

6 . مىللەتلەر نەشرىياتى مېنىڭ ئەسەرلىرىمنى بىرقانچە كىتاب قىلىپ نەشر قىلماقچى بولدى . كىتابلارغا قانداق ئايرىشنى ئۆزۈڭ بەلگىلە.

مەرھۇم شائىرىمىزنىڭ تولۇق ئەسەرلىرى توپلىمى توغرىسىدا ئېيتقان ۋەسىيەت سۆزلىرى شۇ بولدى . بۇ ، ئۈچ قېتىملىق ۋەسىيەتنىڭ يىغىندىسى ئىدى.

1989 ـ يىلى 20 ـ فېۋرال كۈنى سەھەردە بىرى ئىشىكنى چەكتى . ئاچسام تونۇش بىر كىشى: «بۈگۈن كېچە تېيىپجان ئېلىيوپ ۋاپات بوپتۇ» دېگەن شۇم خەۋەرنى يەتكۈزدى . مىڭلىغان كۆڭۈلنى تەشۋىشكە سالغان مۇدھىش قارا كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى...

تېيىپجان ئېلىيوپ ۋاپاتىدىن كېيىن «ئادەم ھايات چېغىدا ئۆزى قىلالىغان ئىشلارنى قىلىپ تۈگىتىشى كېرەك» دېگەن ئويغا كېلىپ قالدىم . شۇڭا بارلىق شېئىرلىرىمنى تاللاپ ، رەتلەپ ، تولۇق توپلىمىمنى نەشرگە بەرگۈدەك قىلىپ تەييارلاپ قويدۇم».

## باللىقتا تۇتاشقان ئوت

باللىق چاغلىرىدىلا شېئىر ۋە فولكلورغا بولغان ئىشتىياق ، يۈرىكىگە تۇتاشقان ئىلاھىي ئوت ئۇنىڭ روھىدا ، ئەتراپىدا ، ئۇ بېسىپ ئۆتكەن ھايات مۇساپىسى بىلەن بىرلىكتە چۆرگىلەپ يۈردى . بۇ ئوت ئۇنى ئۆزى سۆيگەن ، ۋىسالىغا ئېرىشمەكچى بولغان جانانىنىڭ ئىشقىدا تىنىم تاپماس ، ھارماس تۇلپارغا ، ساداقەتمەن ئاشىققا ئايلاندۇرغانىدى . ئۇنىڭ باللىق دەۋرى بىلەن يانداشىپ ، تاتلىق چۈشلىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن ئاشۇ ئۆچمەس دەملەر دائىم كۆز ئالدىدا زاھىر بولاتتى.

«باشلانغۇچنىڭ يۇقىرىقى يىللىقلىرىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى . ئەينى چاغدا تۇرسۇن تۇردى دېگەن ئوقۇتقۇچىمىز بىزگە ئەدەبىيات دەرسى بېرەتتى . ئۇ دەرس تېكىستلىرىنى شۇنداق جانلىق ، قىزىقارلىق سۆزلەيتتىكى ، ھەممىمىز ئۇ سۆزلىگەن دەرس ئىچىگە كىرىپ كېتەتتۇق . بەزىدە سوۋېت ئۇيغۇر شائىرلىرىدىن نۇر ئىسرايىلوف ، ھېزىم ئىسكەندەر ، ئابلەي مۇھەممىدى ، تۇردى ھەسەن (گۈلىستان) ، ئۆمەر مۇھەممىدىلەرنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ بېرەتتى . مەن كۆڭلۈمگە ياققان شېئىرلارنى كۆچۈرۈۋالاتتىم . ماڭا ئەدەبىيات ئاجايىپ گۈزەل دۇنيادەك بىلىنەتتى . مەن ئاشۇ دۇنيا بىلەن خىيالەن مۇڭدىشاتتىم . خىياللىرىم ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەر بىلەن قاناتلىناتتى . دادام ۋە ئۈچ بىر تۇغقان ياغاچچى قىش كۈنلىرى ئۆزلىرى ئىشلىسە ، ياز كۈنلىرى ئىش كۆپەيگەندە بىرقانچە ئىمكارچىلارنى ياللايتتى . ئۇلار ئىش قىلىش جەريانىدا ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا مۇڭلۇق ناخشىلارنى ئېيتىشاتتى . بۇ ناخشىلار ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتامدۇ ياكى يۈرىكىدىنمۇ ، ئەيتاۋۇر تۇرسۇن تۇردى ئوقۇتقۇچىمىز ئوقۇپ بەرگەن شېئىرلاردىنمۇ چىرايلىق ،

مۇڭلۇق ئاڭلىناتتى.

ئەجەبمۇ كەلمىدىڭ يارىم ،
يولۇڭغا بارغۇدەك بولدۇم .
قولۇمغا قوش پىچاق ئېلىپ ،
يۈرەكنى يارغۇدەك بولدۇم .

گۈلۈم غۇنچە ، گۈلۈم غۇنچە ،
نېمە قايرىلىسەن مۇنچە؟
قېشىمدا تۇرمىدىڭ بىردەم ،
مېنىڭ كۆڭلۈم ئېچىلغۇنچە .

پەيزاۋاتنى چۆل دەيدۇ ،
چۆل ئەمەسكەن ، ئاۋات ئىكەن .
بىزنىڭ يارنى قەن دەيدۇ ،
قەن ئەمەسكەن ، ناۋات ئىكەن .

مەن بۇ قوشاقلارنى رەندىلەپ قويۇلغان تاختايلارغا يېزىپ قوياتتىم ، ئىشتىن چۈشكەندە دەپتىرىمگە كۆچۈرۈۋالاتتىم . كەچتە تاماقتا ئولتۇرۇش بىلەن گەپ باشلىناتتى . ئۇلار گەپ ـ سۆزلىرىنىڭ ئىچىگە شۇنداق چوڭقۇر مەنىلىك ، ئوبرازلىق سۆزلەرنى ، ماقال ـ تەمسىللەرنى ئىشلىتەتتىكى ، ئاڭلىغان ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلاتتى.

ــــ پۇل دېگەن شۇنداق بىر نەرسىكەن ، هازىر مەن 27 ياشقا كىردىم . ئەمما پۇلنىڭ كەينىدىن قوغلاۋاتقىلى نەچچە يىللار بولۇپ كەتتى . پۇل بىر قىز بولۇپ قېچىپ كېتىۋاتىدۇ ، مەن بىر بوۋاي بولۇپ قوغلاپ كېتىۋاتىمەن، ــــ دېدى بىر نىمكار.

بۇ دەل مېنىڭ 6 ـ سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى . يازلىق تەتىل كۈنلىرىم دادام ۋە ئاشۇ خۇش چاقچاق ، غەزەلخان نىمكارچىلار بىلەن ئۆتەتتى .

**مۇھەممەد رەھىم ۋە ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى**

كىشىلەر ئىچىدە: «مۇھەممەد رەھىم ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنى زۇنۇن قادىر بىلەن بىرلىكتە نەشر قىلدۇرغان» دېگەن گەپ ـ سۆز بار ئىكەن ، بۇ گەپ راستمۇ ــــ دېگەن سوئالىمغا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: «مەن ئۆزۈن يىللاردىن بېرى توپلىغان مىڭدىن ئارتۇق ماقال ـ تەمسىلنى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە رەتلەپ ، 1955 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا سۇندۇم . نەشرىياتتىكى يولداشلار «زۇنۇن قادىرمۇ ئېلىپ كەلگەنىكەن ، بىز ئىككىڭلار توپلىغان ماقال ـ تەمسىللەرنى بىرلەشتۈرۈپ بىر كىتاب قىلىشنى ئويلاشتۇق . توپلانغان بارلىق ماقال ـ تەمسىللەرنى زۇنۇن قادىر ئېلىپ كەتتى . سىز زۇنۇن قادىر بىلەن كۆرۈشۈپ بىللە ئىشلەڭ» دېدى.

1956 ـ يىلى 9 ـ ئايدا بېيجىڭدىن ئۇيغۇر تىلى شېۋىسىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت گۇرۇپپىسى كەلگەنىدى . مەنمۇ بۇ خىزمەتكە ئىشتىراك قىلىپ ، ئىلى گۇرۇپپىسىغا تەۋە يولداشلار بىلەن غۇلجىغا باردىم . ئەلىدىكى خىزمەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ، مەن زۇنۇن قادىرنىڭ ئۆيىگە باردىم . ئۇ ماقال ـ تەمسىللەرنى تېمىلارغا ئايرىپ ئىشلەۋاتقانىكەن . قارىسام ، كارتوات ، ئۈستەل ، كىگىز ئۈستىگە ماقال ـ تەمسىللەر يېيىۋېتىلگەن . زۇنۇن قادىر ئاشۇ ماقال ـ تەمسىللەرنى رەتلەش بىلەن ئالدىراش ئىكەن . 18 دەپتەرگە «ئەل ـ ۋەتەن توغرىسىدا» ، «ئەمگەك توغرىسىدا» ، «ساداقەت ، مېھىر ـ شەپقەت توغرىسىدا» دەپ يېزىلىپ ، قايسى ماقال ـ تەمسىل قايسى مەزمۇنغا ماس كەلسە ، شۇ دەپتەرگە يازىدىكەن . مەن زۇنۇن قادىرغا نەشرىياتتىكى يولداشلارنىڭ پىكرىنى يەتكۈزدۈم . ئۇ بىردەم تۇرۇپ كېتىپ:

ــــ شۇنداق دېدىمۇ؟ ــــ دېدى.

ــــ شۇنداق، ــــ دېدىم مەنمۇ.


بولدى ، بولدى . بۇ ئىش بىر جاڭگال ئىكەن . مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەن ، بىر ماقالنى تاپسام 18 دەپتەرنىڭ قايسىسىغا كىرىدىغانلىقىنى تاپالماي بېشىم قېتىپ ، 19 ـ دەپتەرگە يازسام ، كېيىن يەنە بىر ماقال ـ تەمسىل چىقىدۇ . «بىرنىڭ كاساپىتى مىڭغا» دېگەن ماقالنى قايسى مەزمۇنغا كىرگۈزۈش كېرەك؟ بۇ ۋەتەن ـ خەلق ، ئەمگەككە كىرمەيدۇ . ساداقەت ، مېھىر ـ مۇھەببەتكە تېخىمۇ كىرمەيدۇ . بىر ئايدىن بېرى ئاران 100 نەچچىنى رەتلەپ چىقىپتىمەن . بۇ ئىشنى سەن قىل ، مەن ھېكايەمنى يازاي ، مۇنداق گىجىڭ ئىشقا سېنىڭ پەمىڭ بار، ــــ دەپ ماڭا دەپتەر ـ پەپتەرلىرى بىلەن قوشۇپ ماقال ـ تەمسىللەرنى كۆتۈرتۈپ قويدى.

مەن غۇلجىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، تۆت مىڭدىن ئارتۇق ماقال ـ تەمسىلنى كارتىغا كۆچۈرۈپ چىقتىم . يوغان تاختىغا 46 دانە مىخ قېقىپ ، كارتىدىكى ماقال ـ تەمسىللەرنى تۈرلەر بويىچە مىخقا ئاستىم . تۆت

مىڭدىن ئارتۇق ماقال ـ تەمسىلنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى تەكرار چىقىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىشنى 1957 ـ يىلى 3 ـ ئايدا قولۇمغا ئېلىپ، 5 ـ ئايدا مىڭ بىر مۇشەققەتتە پۈتتۈردۈم. شۇ يىلى 5 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە يازغۇچىلار جەمئىيىتىنى تەسىس قىلىش قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. غۇلجىدىن زۇنۇن قادىر باشلىق بىرقانچە كىشى كەلگەنىدى. زۇنۇن قادىر مەن بىلەن كۆرۈشكەن تۇنجى كۈنىلا: «ھېلىقى ماقال ـ تەمسىل دېگەن بىرنېمىنى قانداق قىلدىڭ، بىرنېمە چىقتىمۇ ئۇنىڭدىن؟» دەپ سورىدى. مەن ماقال ـ تەمسىللەر توپلىمىنى قانداق ئىشلەپ پۈتكۈزگەنلىكىمنى سۆزلەپ بەردىم. ئۇ كۆرۈپ بېقىشنى ئېيتتى. بىز ماقال ـ تەمسىللەر توپلىمىنىڭ ئورىگىنالىنى 4 ـ 5 كۈن كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۆزى يازغان كىرىش سۆز بىلەن مەن يازغان كىرىش سۆزنى بىرلەشتۈرۈپ، مۇكەممەل بىر كىرىش سۆز يېزىپ چىقىشنى تاپىلىدى. كىرىش سۆز بىرقانچە قېتىم تۈزىتىپ يېزىلغاندىن كېيىن، ماقال ـ تەمسىللەرنى نەشرىياتقا سۇندۇم. ئارىدىن بىر ئاي ئۆتكەندە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن مەسلىھەتچى تۇرسۇن رەھىموف مېنى چاقىرىپتۇ. ئۇ كىشىنىڭ زىيالىيلار ئارىسىدا تەسىرى ناھايىتى چوڭ بولغاچقىمىكىن، نەشرىياتقا بارىدىغان چاغدا تېپىپچان: «ھەي، سەن بىر سەھرالىق داڭگال، مەنمۇ بىر سەھرالىق، لېكىن سەن ئاشۇ ئادەمنىڭ نېمىلەرنى سورايدىغانلىقىنى، سېنىڭ قانداق جاۋاب بېرىدىغانلىقىڭنى ئويلاپ قويدۇڭمۇ؟ تولۇمدىن توقماق چىققاندەك گەپ قىلىپ يۈرمە، ئۇ ئۇلۇغ ئادەم. موسكۋا پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىن كەلگەن» دەپ تەرىپىنى قىلىپ بېرىشتى. بېشىم ناھايىتى قاتتى. ئۇلار مېنى ئۆز رايىم، ئۆز ئەركىم بىلەن بېرىشتىن ئەيمىنىدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانىدى. مەن ئۇلارنىڭ دەپ بەرگەن گەپ ـ سۆزلىرى، ياساندۇرۇشى بىلەن ئاخىر خەلق نەشرىياتىغا باردىم. تۇرسۇن رەھىموف ئورىگىناللارنى ئالدىغا قويۇپ، مېنىڭ كېلىشىمنى كۈتۈپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇ: «مەن سىزنىڭ ماۋۇ ‹ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى› دېگەن كىتابىڭىزنى كۆرۈپ چىقتىم. ئۇلۇغ ئىش قىلىپسىز. ئۇيغۇر ماقال ـ تەمسىللىرىنى توپلاش، رەتلەش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى ئىدى. بۇنى سىز قىلىپسىز، بۇنى بىزنىڭكىلەر بولسا ناھايىتى چوڭ باھالايدۇ، بۇ يەردە

قانچىلىك باھالايدۇ، بىلمەيمەن. لېكىن مەن بۇ ئەمگىكىڭىزنى ناھايىتى يۇقىرى باھالايمەن» دېدى. بۇ كىتاب زۇنۇن قادىر بىلەن ئىككىمىزنىڭ نامىدا 1958 ـ يىلى نەشردىن چىقتى. ئالدىن بېرىلگەن پۇلنى قوشقاندا 780 يۈەن قەلەم ھەققى بېرىلدى. مەن قەلەم ھەققىنىڭ بىر قىسمىنى زۇنۇن قادىرغا بەرمەكچى بولدۇم، بىراق زۇنۇن قادىر: «بۇ پۇل ساڭا ھالال، بۇ كىتابنىڭ چىققىنى كاتتا ئىش بولدى. مەن بىر تىيىنىمۇ ئالمايمەن» دەپ قەتئىي رەت قىلدى. مەن شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنى توپلاشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇپ، چوڭ ـ كىچىك بەش توپلام نەشر قىلدۇردۇم.

بۇ يىل خەلق نەشرىياتى 1991 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلق ـ ماقال تەمسىللىرى» كىتابىم ئاساسىدا ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىنى قايتا ئىشلىشىمنى تاپشۇرغانىدى. مەن پۇرسەت تاپالمىدىم. ئەگەر بۇ ئىشنى تۈتسام، ئىككى يىلدا خېلى چوڭ ئىش بولاتتى. ئېغىز



ئەدەبىياتى دېگەن يىلدىن ـ يىلغا بېيىپ، رەڭدارلىشىپ، مۇكەممەللىشىپ بارىدىغان، قازسا تۈگىمەيدىغان، ئىچسە سۈيى تۈگىمەيدىغان بۇلاققا ئوخشايدۇ.

مۇھەممەد رەھىمنىڭ ئىجادىي مەھسۇلاتىدىكى يەنە بىر يىرىك نامايەندە، يېرىم ئەسىرلىك بوران ـ چاپقۇن، تاۋلىنىشلاردىن كېيىن رويابقا چىققان ئەسەر «قاپىيە لۇغىتى» ئىدى.

## قاپىيە لۇغىتىنىڭ تەرجىمھالى

«مەن شېئىرىيەتكە تازا مەپتۇن بولۇپ يۈرگەن

يىللاردا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىدى . 1944 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئىنقىلاب مېنىمۇ ئۆز قوينىغا ئېلىپ كىردى . ئوڭ قولۇمدىن مىلتىق ، سول قولۇمدىن دەپتەر ـ قەلەم چۈشمىدى . شىخو ئۇرۇشى داۋاملاشقان دەھشەتلىك كۈنلەردە ماڭا تەگمىگەن ئوقلار ئىشتىياقىمغىمۇ تەگمەپتۇ . بوش ۋاقىتلىرىمدا مەن يەنە شېئىر بىلەن ھەپىلەشتىم . مەن قاپىيىنى شېئىرنىڭ ئەڭ چىرايلىق زىننىتى دەپ چۈشەنگەچكە ، قاپىيىداش سۆزلەرنى يىغىپ ـ توپلاپ ، رەتلەپ كۆچۈرۈپ ماڭدىم . ئەرەبچە ، پارسچە سۆزلەرگە ئىزاھ ئىزلىدىم . ئۇلۇغ شائىر نىمشېھىت ئارمىيە دامولىغا(بۇ كىشى شۇ چاغدا پولكىمىزنىڭ ئىمامى ئىدى) قاپىيە دەپتىرىمنى كۆرسەتسەم ، نۇرغۇن سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئۆز قولى بىلەن يېزىپ بەردى . ئۇ يىللاردا قاپىيە لۇغىتى ئىشلەش ھېچكىمنىڭ خىيالىدا يوق ئىدى . شۇ چاغلاردا مەن ئۆزۈمگە بەك يۇقىرى تەلەپ قويۇپ كەتكەنىكەنمەن . شۇ قاپىيە دەپتىرىم ھازىر نەشردىن چىقىش ئالدىدىكى لۇغەتكە خېمىرتۇرۇچ بولدى.

يىللار ئۆتكەنسېرى قاپىيە دەپتىرىمدىكى قاپىيىداش سۆزلەر كۆپەيدى . شۇنىڭ بىلەن مېنىڭدە قاپىيە لۇغىتى ئىشلەش ئىشتىياقى تۇغۇلدى . 1972 ـ يىلى قاپىيە دەپتىرىمنى 3 ـ قېتىم رەتلەپ كۆچۈرۈپ چىقىش جەريانىدا نۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ئىزاھلانمىغانلىقىنى ، بىر قىسىم ئىزاھلارنىڭ چولتىلىقىنى كۆرۈپ ، قاپىيە لۇغىتى ئىشلەشكە تەييارلىقىمنىڭ يېتىمگەنلىكىنى چۈشەندىم . 1974 ـ يىلى قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كەلگەن چېغىمدا ، تېيىپجان ئېلىيوپ مەن بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن:

— قاپىيە لۇغىتى پۈتتىمۇ؟— دەپ سورىدى.

—پۈتمىدى، —دېدىم خىجىللىق بىلەن.

— قاچان پۈتىدۇ؟

— بىلمەيمەن . بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇكەممەل ئىزاھلىق لۇغىتى بولمىسا بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ، —دەپ جاۋاب بەرگىنىم يادىمدا.

1982 ـ يىلىنىڭ بېشىدا مەن «غەزەل ۋە مۇخەممەسلەر» توپلىمىنى ئىشلەۋاتقان ۋاقتىمدا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر مېنىڭ قاپىيە دەپتىرىمنى كۆرۈپ: «بىزنىڭ ئىچىمىزدە قاپىيە دەپتىرى تۇتقانلار خېلى بار . لېكىن قاپىيە لۇغىتىنى ئىشلەيدىغان ئادەم چىقمىدى» دېگەنىدى . بۇ سۆز ماڭا نىسبەتەن تەنقىد ، ئەدىبلەرگە نىسبەتەن ئارزۇ ـ ئارمان ئىدى.

1988 ـ يىلى ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە تېيىپجان ئېلىيوپ ماڭا: «سەن قاپىيە لۇغىتىنى ئىشلەپ قولدىن چىقىرىۋەتسەڭ ياخشى بولاتتى . يېشىڭمۇ بىريەرگە بېرىپ قالدى ، مەن سېنىڭ ئىش قىلىشىڭنى ياقتۇرىمەن ، ئەزمىلىكىڭنى ياقتۇرمايمەن» دېگەنىدى . 1990 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» نەشردىن چىقىشقا باشلىدى . 1998 ـ يىلى بۇ لۇغەتنىڭ 6 ـ تومى نەشردىن چىققاندىن كېيىن بۇ لۇغەتنى ئىشلەشكە باياشات مەنبە ، مۇكەممەل ئاساس ھازىرلاندى.»

ئۇستاز ، شائىر مۇھەممەد رەھىم ئاكا ئۇزۇن يىللىق ئەمگىكى ۋە مول ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن ئەستايىدىل ئىشلەنگەن بۇ «قاپىيە لۇغىتى» ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ساھەسىدىكى بىر تارىخىي بوشلۇقنى تولدۇرغان قىممەتلىك مەنىۋى قامۇستۇر.

بۇ لۇغەتكە ئۇيغۇر ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە رەتلەپ كىرگۈزۈلگەن 7500 دىن ئارتۇق سۆزلەر قاپىيە تۈرلىرى بويىچە گۇرۇپپىلارغا ئايرىلىپ ، ھەر بىر گۇرۇپپا پەئۇل ۋە مەپئۇل تەپئىللىرىگە ئاساسەن رەتلەنگەن؛ ھەر بىر سۆزگە ئىخچام ئىزاھات بېرىلگەن بولۇپ ، پايدىلىنىش قىممىتى يۇقىرى . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئاپتور يازغان «كىرىش سۆز» دە ، مەزكۇر قاپىيە لۇغىتىدىكى سۆزلەر ، بولۇپمۇ قاپىيىداش سۆزلەردىن قانداق پايدىلىنىش توغرىسىدا ئېنىق چۈشەنچە بېرىلگەن . بۇ لۇغەت يازغۇچى ـ شائىرلار ، جەمئىيەتتىكى ئوقۇمۇشلۇق زاتلار ، شۇنداقلا كەڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەۋەسكارلىرى ۋە ئىلىم خۇمارلىرىنىڭ ئىجادىي ئىزدىنىشىگە ھەر تەرەپلىمە پايدىلىق قوللانما ھېسابلىنىدۇ.

ھەقىقى شائىر جاھان سەلتەنىتىنى تەرك ئەتكەن ، قەلبىدىكى ئۆزىلا ئاڭلىيالايدىغان سىرلىق ۋەھىيلەر بىلەن كىشىلەرگە روھى بەركامالىلىقنىڭ دەرۋازىسىنى كۆرسىتىپ بەرگۈچى كىشىلەردۇر . ئۇنىڭ قەلبىدە ئالەم ۋە كائىنات بىر گەۋدىگە ، ئامراق ئاچا ـ سىڭىللارغا ئايلىنىپ ، ئىنسانلارغا مۇھەببەتنىڭ شېرىن شەربەتلىرىنى سۇنىدۇ . ھاياتقا بولغان قىزغىنلىقى ، مۇھەببىتىنى يوقاتمىغان شائىرلا ئۆز ئابىدىسىنى تىكلەشكە مۇۋەپپەق بولالايدۇ . ئۆزى قېرىغان بولسىمۇ قەلەم ۋە قەلبىنىڭ ياشلىقى ، قىرانلىقى كەتمىگەن ، ئىلھامى ئۆكسۈمەي ، قەلىمى چارچاپ قالمىغان بۇ شائىر يۇقىرىقى بايانلىرىمىزنى

ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ .

«ھاياتىمنىڭ تەڭدىن تولىسى تەھرىرلىك ، ئىجادىيەت بىلەن ئۆتتۈپتۇ . ئۆمرۈمدە 450 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ، 40 پارچىغا يېقىن ھەر خىل مەزمۇندىكى ماقالە ئېلان قىپتىمەن . شېئىرلىرىمدىن بەش توپلام نەشىر قىلىندى . بەزىدە ئويلاپ قالىمەن ، قانچىلىك شېئىرنى خەلق ياقتۇرۇپ ئوقۇيدۇ ، قانچىلىك شېئىرىم تارىخنىڭ ئەلگىكىدىن ئۆتەلەيدۇ ، بۇنىسى ماڭا نامەلۇم . ئۆزۈمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، بارلىق شېئىرلىرىم ئىچىدە بىرقانچىسى كۆڭلۈمگە ياقىدۇ» دەيدۇ مۇھەممەد رەھىم ئاكا . ئۆزىگە لىللا ، ئادىل باھا بىرەلىگەن ئادەمنى خەلقمۇ ئادىل ، لىللا باھالايدۇ.

# پەخرىم دادامغا

## كامىل رەھىم

(دادام مۇھەممەد رەھىمنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىدىكى سۈرىتىگە قاراپ)

«تارىم»نى ئېلىپلا يۈرەك تىپچەكلەپ ،
سۆيۈندۈم دىدارىڭ ئەكس سۈرەتتىن .
پەرزەنتلىك تۇيغۇمدا پەخرىم سۇلتانچە ،
ئېرىدى ۋۇجۇدۇم مەمنۇنىيەتتىن .

خىزىرمۇ شۇ بۇ دەم خۇنۇك مەن ئۈچۈن ،
سەمىمىي كۈلكەڭدە قۇياش ئۇخلىغان .
نۇرانە قارچۇغۇڭ شاھىد قەلبىڭگە ،
پاك ھايات مۇساپەڭ ئۇندا پارلىغان .

كىرپىكىڭ پىچىرلار ، ئاڭلاپ تۇرىمەن ،
قان كەچكەن ئۇرۇشنى ، شانلىق ھاياتنى .
خۇشامەت ، سۇخەندىن ، قىلتاقتىن يىراق—
ئىنسانىي خىسلەتكە چۆمگەن ساۋاتنى .

يۈزۈڭدە ئاز ـ تولا قورۇق ، نە قورۇق ،
يېشىمىز ، غەلۋىمىز تارتۇقى ئۇ دەل .
(ئاسانمۇ ئانا ھەم دادا بولماقلىق) ،
بىز ئۈچۈن تۆلىدىڭ ئالەمچە بەدەل .

تۆلىدىڭ كۆپ بەدەل شېخىڭنى ئۆستۈپ ،
ئىچمىدىڭ بىزنى دەپ ئىسسىق بىر ئۇماچ .
شىللەڭدە مەن ھاپاش ، قوينۇڭدا ئىنىم ،
بۆشۈكمۇ تەۋرەتتىڭ ، بولدۇڭ گاھ ۋراچ①

ئېسىمدە بورانلىق قاتتىق يىللىرى
كۈنلەرنى ئۆتكۈزدۇق ئاچ ـ توق ، تاماقسىز

مۈكچىيىپ ئوچاقتا ، تونۇر بېشىدا
كۆزۈڭدىن تۆكۈلگەن ياشلار ساناقسىز .

ئېسىمدە ئۇ كۈنلەر...
چەكتىڭ كۆپ جاپا ،
ئەجرىسىز راھەتنى قىلمىدىڭ تەمە .
دادام سەن!
بىز ئۈچۈن ئۇلۇغ ئىنسان سەن ،
كەچۈردۈڭ ، كۆتۈردۈڭ بارىنى يەنە .

ئۆمرۈڭنىڭ تولىسى ئۆتسىمۇ گەر تاق ،
چاچلىرىڭ شالاڭلاپ بولسىمۇ ھەم ئاق .
ئۇيقۇغا قۇل ئەمەس قەلىمىڭ ئەسلا ،
يىگىتتەك ھېسلاردا مىسرالار قايناق .

«سەپەر»دىن ، «يۆتەل»دىن ،
«ئىككى خەت»②... لەردىن
تارالدى ئەل ئارا ئۇنتۇلماس چاقچاق .
ئاپىرىن! روھىڭغا ئاشىقدۇر باھار ،
شائىرسەن چېچەكلەر پەسلىدە ھەر چاغ .

ئۆتسىمۇ يىل يەتمىش سەككىزنى ئاتلاپ ،
جىسمىڭدا كۈچ ـ قۇۋۋەت تۇرىدۇ چاقناپ .
ساقلىقىڭ بەختىمىز ، (تەگمىسۇن كۆزلەر) ،
ياشىغىن لوقماننىڭ يېشىنى قاتلاپ .

* *

تەھرىرلىگۈچى پولات ھېۋزۇللا

① ئاغرىپ قالغان چېغىمىزدا ئوكۇللارنى دادام ئۆزى سېلىپ قوياتتى.
② شۇ ناملىق شېئىرلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ .

www.uyghurkitap.com



# شاگخەيدىكى ستۇدېنتلار

بېلقىز تاھىر

**تەھرىردىن:** مەزكۇر ماقالىنىڭ ئاپتورى بېلقىز تاھىر 1992 ـ يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ خەنزۇ تىلى كەسپىنى پۈتكۈزگەن . ئۇ خىزمەت جەريانىدا ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ شىنجاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە داشۆسىنىڭ خەنزۇ تىلى مەخسۇس كۇرسىنى تۈگىتىپ ئارقىدىنلا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ خەنزۇ تىلى تولۇق كۇرسىنى تاماملاپ ، 1997 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1999 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مائارىپى تولۇق كۇرسىدا بىلىم ئاشۇرغان . 2000 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 2003 ـ يىل 2 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ئاسپىرانتلىق ئوقۇشىنى تۈگىتىپ ، 2003 ـ يىل 3 ـ ئايدىن 2004 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ چەت ئەل تىلى فاكۇلتېتىدا ئىنگلىز تىلى دەرسلىكىدىن بىلىم ئاشۇرغان . شاڭخەيدە بىلىم ئاشۇرۇش جەريانىدا ھازىرقى زاماندىكى ياشلارنىڭ قانداق ئۆگىنىش ۋە قانداق يېتىلىش جەھەتتىكى ئويلىغانلىرىغا ئاساسەن بۇ ئەسەرنى يېزىپ چىققان.

## ساۋاقداش ، سىزگە ياردىمىم كېرەكمۇ؟

2003 ـ يىل 11 ـ مارتتا ئايروپىلان ئارقىلىق شاڭخەيگە يېتىپ باردىم . ئايروپىلاندىن چۈشۈپ قارىسام ، يولۇچى ھەمراھلىرىمنىڭ كۆپىنچىسىنى كىشىلەر ئالغىلى چىقىپتۇ . ئارقىدا ئولتۇرغان ئىككى ئۇيغۇر يىگىتلەرنىمۇ ئىككى ـ ئۈچ ئۇيغۇرلار باشلاپ چىقىپ كېتىشتى . مەن توردا ئېنىقلىغىنىمغا ئاساسەن 806 ـ يولنىڭ ئاپتوبۇسىنى ئىزدەپ ئايرودرومدىن چىقىشىمغىلا ، تەلىيىمگە ئۇدۇلۇمدىكى ئاسفالت يولدا كېتىۋاتقان 806 ـ يولنىڭ كوچا ئاپتوبۇسىنى كۆرۈپ ، تېزلا بېكەتكە بېرىۋالدىم . بېكەت تاختىسىغا يېزىلغان بىر قۇر بېكەت ئادرېسىنى كۆرۈپ بۇ ئاپتوبۇسنىڭ راستىنلا شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىغا بارىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ بولۇپ ئاندىن چامادىنىمنى ئېلىپ ئاپتوبۇسقا چىقتىم . بالىلىق چاغلىرىمدىن تارتىپ مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىپ كۆنۈپ قالغانلىقىمدىنمىكىن ، قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىغا تۇيۇقسىز بېرىپ ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن مەندىن بىرقانچە كۈن بۇرۇن بىلىم ئاشۇرۇشقا ماڭغان بىرقانچە دوستۇمنى ھەيران قالدۇرۇش خىيالىغا كەلدىم . ئاپتوبۇس بېكەتلەردە توختاپ ، بىرقانچە بېكەت ئۆتكەندىن كېيىن شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتى بېكىتىدە چۈشۈپ قالدىم. بېيجىڭ ۋاقتى سائەت بىر يېرىم بولغان چاغلار . مەن ناھايىتى تېزلا بېكەتتىن خۇاشەن يولى 1954 ـ نومۇرلۇق قورۇنى تېپىۋالدىم . مەن رەتلىك كىيىنگەن خەنزۇ ستۇدېنتلارغا ئەگىشىپ ، چامادىنىمنى سۆرىگىنىمچە مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىپ ، مەكتەپ ئىچىدىكى چىرايلىق سېلىنغان ئىمارەتلەر ، ياپيېشىل قارىغايلىق ئارىسىدىكى چىملىق ئارىسىدا بىمالال پاراڭلىشىپ توپ ـ توپ ئولتۇرۇشقان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىن شۇنچە قاراپمۇ مېنىڭدىن بالدۇر ماڭغان ساۋاقداشلىرىمنى ئۇچرىتالمىدىم . شۇنداقتىمۇ مەن بۇ تاش ئىمارەتلەر ئارىسىدىن ناھايىتى تېزلا ئاسپىرانتلار ئىش بېجىرىش بىناسىنى تېپىۋالدىم.

بىراق ، قولۇمدىكى ئېغىر سەپەر چامادىنىنى قانداق قىلىش ئۈستىدە بىر قارارغا كېلەلمەي بىنا ئالدىدا تۇرۇپ قالدىم . چامادانى ئۈچىنچى قەۋەتتىكى ئىشخانىغا ئاچىقىپ رەسمىيەت ئۆتەش راستىنلا تەسكەن . مەن بىنا ئىشكى ئالدىدا بىرەر ئىشكباقارنىڭ بولمىغانلىقىدىن

ئەپسۇسلاندىم . شۇ چاغدا يېنىمدا كۆزەينەك تاقىۋالغان بىر خەنزۇ يىگىت بىلەن قىز پەيدا بولۇپ قالدى . ئۇلار ماڭا بىر هازا قارىغاندىن كېيىن بىر ـ بىرىگە: «بىزنىڭ شىنجاڭدىن كەپتۇ» دېيىشتى ، ئاندىن ناهايىتى قىزغىنلىق بىلەن:

ــ ساۋاقداش ، سىزگە ياردىمىمىز كېرەكمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.

مەنمۇ ئۇلارنىڭ مۇشۇ سۆزىگە تەشنا بولۇپ تۇرغاندەكلا ئۇلارغا: «چامدىنىمغا بەش مىنۇت قاراپ تۇرساڭلار ، رەسمىيەت ئۆتەپ چىقىۋالاي» دېدىم . ئۇلار بىر ـ بىرىگە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ «تېزراق چىقىڭ» دېيىشىپ چامدىنىمنى تۇتۇپ بىنا ئالدىدا قالدى . مەن ئاسپىرانتلار بۆلۈمىگە كىرىشىمگىلا بىزگە مەسئۇل مۇدىر جالالبىك مېنىڭ رەسمىيەتلىرىمنى پۈتكۈزۈپ ، قولۇمغا مەكتەپ ماشىنىسىغا ئولتۇرىدىغان بىرنەچچە تال ھەقسىز بېلەتنى تۇتقۇزۇپ «تېزراق بولۇڭ ، يېرىم سائەتتىن كېيىن ئاپتوبۇس قوزغىلىدۇ» دېدى . مەن ناهايىتى تېزلا بىنا ئالدىدىن چامدىنىمنى ئالدىم ـ دە ، مەكتەپ ئىچىدىكى بېكەتكە قاراپ ماڭدىم . بېكەتكە ماڭغىچە چامدىنىمغا قاراپ تۇرغان خەنزۇ قىز ماڭا ئۆزىنىڭ شىنجاڭنىڭ شىخەنزە شەھىرىدە تۇغۇلۇپ ، كېيىن شاڭخەيگە كېلىپ قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقانلىقىنى ، شىنجاڭلىقلارنى كۆرسە تولىمۇ خۇشال بولۇپ قالىدىغانلىقىنى سۆزلىگەچ ، تېلېفون نومۇرىنى يېزىپ بەردى . ئۇ ماڭا شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىكى ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بىر جۈملە سۆز: «ساۋاقداش ، سىزگە ياردىمىم كېرەكمۇ؟» دېگەن سۆزلۈكنى ئىشلىتىشتە بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى پۈتۈن شاڭخەيدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى . ئۇلار ئىككىسى مېنى مىنخاڭدىكى تارماق مەكتەپكە بارىدىغان ئاپتوبۇسقا سېلىپ قويدى.

ئاپتوبۇس ھەيۋەتلىك بىنالار ئالدىدىكى ئاسفالت يولدا ساق بىر سائەت مېڭىپ ئاران دېگەندە تارماق مەكتەپكە ئېلىپ كەلدى . رەڭگارەڭ ئەترگۈللەر ئارىسىدا دانلاپ يۈرگەن ئاپئاق كەپتەرلەر ، رەت ـ رەت بىنالار ئارىسىدىكى يېشىل قارىغايلار ۋە چىملىقلارنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى خۇددى باغچىلارغا كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلىپ قالدىم . ئوقۇغۇچىلار چۈشتىن كېيىنلىك دەرسنى ئوقۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن ، مەكتەپ ئىچى تولىمۇ جىمجىت ئىدى . مەن چامدىنىمنى ئاپتوبۇستىن چۈشۈرۈپ تۇرۇشۇمغا يېنىمدا ئېگىز بويلۇق بىر خەنزۇ يىگىت كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

ــ ساۋاقداش ، ياردىمىم كېرەكمۇ؟ مېنىڭ يەنە ئون مىنۇت ۋاقتىم بار . سىزنى ياتاق بۆلۈمىگە ئاپىرىپ قوياي، ــ دېدى.

مەن بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ياردىمىدە ناهايىتى تېزلا ياتاق رەسمىيىتىنى پۈتكۈزۈپ ، 26 ـ نومۇرلۇق ئاسپىرانتلار بىناسىنىڭ 610 ـ ياتىقىغا ئورۇنلىشىۋالدىم.

## مەن ئانا ـ ئانامدىن تۇرمۇش راسخودى ئالمايمەن

شاڭخەيدە ئوقۇش جەريانىدا شاڭخەيدىكى ياشلارنىڭ مۇستەقىل ياشاشقا بولغان ئىنتىلىشى ۋە مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشى ماڭا بەك تەسىر قىلدى . مەن بۇ يەردە كىتابىي بىلىملەردىن سىرت يەنە كىتابتىن ، دەرسخانىدىن ئۆگىنىپ بولغىلى بولمايدىغان نۇرغۇن بىلىملەرنى ، بازار ئىگىلىكىنىڭ رەھىمسىز دولقۇنلىرىدا غۇلاچ تاشلاپ ئۈزەلەيدىغان ياشلاردىن بولۇپ چىقىشقا زۆرۈر ياشاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۇسۇللىرىنى ئۆگەندىم.

شۇ ئاي ـ شۇ كۈنلەردە ، پۈتۈن شاڭخەيدە SAR S تىن مۇداپىئەلىنىش بولۇۋاتقاچقا ، مەكتەپ ماي ئېيىدىن باشلاپ ئالاھىدە ئىشلار بولمىسا سىرتقا چىقماسلىقىمىزنى تاپىلىغانىدى ، كۆپىنچە پائالىيىتىمىز مەكتەپ ئىچىدە بولاتتى.

مەكتەپ قىرائەتخانىسى ھەر كۈنى ئەتىگەندىن كەچكىچە ئوچۇق بولۇپ ، ئوقۇغۇچىلار قىرائەتخانىغا پاتماي قالاتتى . كۈندە دېگۈدەك بالدۇرراق چىقىپ ئۆگىنىشكە ئورۇن ئېلىپ قويمىسا ، ئورۇنلار يېتىشمەيتتى . ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش مەركىزىدە ھەقسىز تورغا چىقىپ ، خالىغان ۋاقىتىدا كومپيۇتېر ئىشلىتەلەيدىكەن . مەكتەپ قورۇسى ئىچىدە ئۆگىنىش قىلىدىغان ھەرقانداق زال ، قىرائەتخانا ، دەرسخانا ، ھەتتا كۆكۈل ئاچىدىغان سورۇنلىرىغىچە چەكلىنىدىكەن ئىسسىق ـ سوغۇق مىنېرال سۇ يىگىرمە تۆت سائەت ئوقۇغۇچىلارغا ھەقسىز بېرىلىدىكەن . بۇ جەھەتتە مەكتەپ تولىمۇ ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرغاچقا ئوقۇغۇچىلارمۇ بۇ سۇنى ھەرگىز ئىسراپ قىلمايدىكەن.

مەن ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە ، كۆل بويىدىكى مەجنۇنتاللار ئارىسىدا ئىنگلىزچە تېكىست ئوقۇغاچ ، مەكتەپنىڭ شەرقىگە جايلاشقان پۇتبول ، ۋاسكېتبول ، ۋالېبول مەيدانىدا توپ ئويناۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنى كۆرەتتىم . كېيىن بىلسەم ئۇلار ھەرقايسى فاكۇلتېتلاردىن ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ چىققان توپ مەستانىلىرى ئىكەن . مەكتەپتە ئۆزلۈكىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا خېلى كەڭ ئومۇملاشقانىكەن.

بەزىدە مەكتەپ قورۇسى ئىچىدىكى بامبۇكزارلىقتا ئولتۇرۇپ شىنجاڭ سىنىپىدىكى قىزلار بىلەن پاراڭلىشاتتىم . ئۇلاردىن ئۇقسام ، شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىدا ساۋاقداشلار ئارىسىدا A. A تۈزۈمى ئومۇملاشقانىكەن (دوستلار بىللە تاماقلانغاندا ھەركىم ئۆزىنىڭ تاماق پۇلىنى ئۆزى كۆتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ) . ھەرقانداق جايدا ھەركىم ئۆز راسخوتىنى ئۆزى كۆتۈرىدىكەن . مەن پا-



TANGRITAG LITERATURE

راۋلىنىش جەريانىدا يۇرتۇمدىن كەلگەن قىز ئالىيەنىڭ «مەن ئاتا ـ ئانامدىن تۇرمۇش راسخوتى ئالمايمەن» دېگەن سۆزىگە تولىمۇ ھەيران قالدىم . «مۇشۇنداق چوڭ شەھەردە ، چوڭ مەكتەپتە ئاتا ـ ئانىسىدىن پۇل ئالمىسا ، كىمدىن پۇل ئالىدۇ؟» بۇ قىز مېنىڭ ھەيرانلىقىمغا قاراپ ماڭا سومكىسىدىن ئۆزىنىڭ بىر سۈگلۈق رەسمى چاپلانغان ئۈچ پارچە ئىسىم كارتوشكىسى چوڭلۇقىدىكى چىرايلىق بېزەلگەن كارتىنى كۆرسەتتى . ئۇنىڭ بىرسى ۋېلسىپىت ساقلاش خادىمى ، ھەر ھەپتىنىڭ ئالتىسى چۈشتىن بۇرۇن ئىشلەيدىغان كىنىشكا ، بىرسى ھەر ھەپتىنىڭ ئالتىسى كەچقۇرۇنلۇقىدىكى كىنو بېلەتتى يىغىش خادىمىنىڭ خىزمەت كىنىشكىسى ، يەنە بىرسى ھەر ھەپتىنىڭ يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن بۇرۇنقى ۋاقىتتا دىسكو مەيدانىنى تازىلاش كىنىشكىسى . بۇ قىزنىڭ بۇ ئۈچ خىل خىزمەتكە تايىنىپ ئايدا تاپقان 300 سومدىن كۆپرەك ئىشتىن سىرتقى ئىش ھەققىگە تايىنىپ ئوقۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ، كېيىنچە ئىش ئورنىنىڭ تېخىمۇ ياخشىراق ئورۇنلارغا ، مەسىلەن ، قىرائەتخانا ، يىغىن زالى ، شىركەت قاتارلىقلارغا ئالمىشىپ قالسا تېخىمۇ ياخشى كىرىم قىلىپ ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ غېمىنى يەڭگىللىتىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى . ئوقۇشتىن سىرت ئىشلەپ پۇل تېپىش نوقۇل ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشلا بولۇپ قالماستىن ، بەلكى يەنە دەۋرنىڭ ھازىرقى ياشلارغا قويۇۋاتقان مۇستەقىل ئۆزىگە تايىنىپ ياشاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ۋە دەرسخانىدا ئۆگەنگەن نەزەرىيىۋى بىلىملىرىگىلا قانائەت قىلماي ، جەمئىيەتكە ساغلام روھ بىلەن يۈزلىنىپ ئەمەلىي ئىقتىدار يېتىلدۈرۈش ئىكەن.

ئالىيەنىڭ دېيىشىچە ، جەنۇبىي شىنجاڭدىن كەلگەن كۆپىنچە ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشتىن سىرت ئىشلەپ تاپقان پۇلىغا ياكى ئوقۇش مۇكاپاتى ۋە غەربىي شىمالغا ياردەم بېرىش راسخوتىغا تايىنىپ ئوقۇۋېدىكەن . شاڭخەيدە مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزى ئوقۇشتىن سىرت پۇل تېپىپ ئوقۇشىنى قوللايدىكەن . مەكتەپ ئىچىدىكى تازىلىق ، قوغداش خادىمى قاتارلىق ئىشلارنى قىلىشقا سىرتتىن ئادەم تەكلىپ قىلماي ئوقۇغۇچىلارغا ھەقلىق قىلغۇزۇپ ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىقتىسادىي يۈكىنى يەڭگىللىتىدىكەن.

## شاڭخەي ياشلىرىنىڭ كومپيۇتېر ۋە ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىش دولقۇنى

شاڭخەيلىكلەر كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ، ئۆزىنىڭ نورمال خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇشتىن سىرت ، ئۆزىنى كومپيۇتېر ۋە چەت ئەل تىلى بىلەن قوراللاندۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ . بۈگۈنكى دەۋردىكى ھەرقانداق بىر شاڭخەيلىك ياشلار چەت ئەللىكلەر بىلەن ئىنگلىز تىلىدا نورمال ئالاقە قىلالايدۇ . شۇڭا ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر شاڭخەيگە كېلىپ «شەرقتىكى مەرۋايىت» دەپ نام ئالغان شاڭخەينىڭ دېڭىز ساھىلىدىكى كۆركەم مەنزىرىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلسە تىل توسالغۇسىغا ئۇچرىمايدۇ . بۇ خىل ئالاھىدىلىك شاڭخەينىڭ ساياھەتچىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم شارائىت بىلەن تەمىن ئەتكەن دېيىشكە بولىدۇ . شاڭخەي ساھىلىدا ساياھەت قىلىپ يۈرگەن نۇرغۇن چەت ئەللىكلەر ئاساسەن ساياھەت يېتەكچىسىگە تايانمايدۇ . ئادەتتىكى تاللا بازارلىرىدىن تارتىپ تاكى چوڭ سودا سارايىنىڭ مۇلازىمەتچى خادىملىرىغىچە ئاساسەن كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئادەتتىكى ئىنگلىز تىلىنى بىلىشىدۇ.

بىر كۈنى ، شاڭخەي ئۇنىۋېرسىتېتى چەت ئەل تىلى ئىنستىتۇتىنىڭ ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى ، تىلشۇناس لۇيى بىلەن بىرلىكتە تۆركچە تاماقخانىدا بىر ۋاقلىق كەچلىك تاماققا داخىل بولدۇم . لۇيى مۇئەللىم ئامېرىكىنىڭ نيۇ ـ يورك شەھىرىدە تۇغۇلغان بولۇپ ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا شەرقنىڭ مەدەنىيىتىگە قىزىقىشى يۇقىرى بولغاچقا ، تەيۋەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا تۆت يىل خەنزۇ تىلى ئوقۇپتۇ . تەيۋەندە بىر يىل خىزمەت قىلىپ ، كېيىن شاڭخەيگە كېلىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقىنىغا ھازىر ئۈچ يىل بولۇپتۇ . ئۇ خەنزۇ تىلىنى تولىمۇ راۋان ۋە ئوچۇق سۆزلەيدىكەن . ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە بېرىپ كۆرۈپ كەلگەنلىكىنى ، شاڭخەينىڭ نەنجىڭ ياكى شاڭخەي ساھىلى ، چىن خۇاڭپاۋ قاتارلىق ئورۇنلىرىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنىڭ دۇنيادىكى باشقا چوڭ شەھەرلەردىن پەرقلىنىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ، شاڭخەينىڭ ئامېرىكىنىڭ نيۇ ـ يورك شەھىرىدەكلا ئاۋات ، چوڭ شەھەر بولغاچقا ، ئۆزىنىڭ شاڭخەيدە ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ قېلىش ئويى بارلىقىنى ئېيتتى . دېمىسىمۇ ، شاڭخەينىڭ نەنجىڭ يولىدىكى قەد كۆتۈرگەن كۆركەم بىنالىرى ، ئاۋات مەنزىرىلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن تەرەققىياتى ئەمەلىيەتتە ئالدىراش يۈرگەن شاڭخەيلىكلەرنىڭ ساپاسى ۋە ئىقتىدارىدىن كەلگەن . بۇ يەردە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى يوق مەشغۇلاتلار ئېلىپ بېرىلمايدىكەن . ئىدارە ـ جەمئىيەتلەردىكى تۈگىمەس يىغىنلارنى ، پۇقرالار ئارىسىدىكى ئايىغى چىقمايدىغان ، ئادەم يېتىشىپ بولغىلى بولمايدىغان قائىدە ـ يوسۇنلارنى بۇ يەردە ئۇچراتقىلى بولمايدىكەن . سىز كېچە ـ كۈندۈز ئاۋات شاڭخەي كوچىلىرىدا دائىم ئالدىراش يۈرگەن ئادەملەرنى كۆرىدىكەنسىز.

شاڭخەي خەلقئارالىق چوڭ شەھەرلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىدە ، شاڭخەيدە ئولتۇراقلاشقان ھەربىر شاڭخەي پۇقراسىدىن سىرت ، شاڭخەيگە جۇڭگونىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدىن ئىشلىگىلى كەلگەن ئىختىساس ئىگىلىرى يىغىلغاچقا بۇ يەردە ياشىغان ھەر بىر كىشى

ھەر كۈنى خىزمەت ۋە تىرىكچىلىك ھەلەكچىلىكىدە توختىماي تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ رىقابەتكە بەرداشلىق بېرىشى ، تىرىشىپ ئۆگىنىشى كېرەك بولىدۇ.

ياتاقداشىم يۈرۈك شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ تەيبۈەن ئۇنىۋېرسىتېتىدا بوغالتىرلىق كەسپىدە ماگىستىرلىقنى تاماملاپ ، شاڭخەي قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارمىقىدىكى شىركەتتە بوغالتىرلىق كەسپى بويىچە پراكتىكا قىلىۋاتاتتى . ئۇ ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە تۇرۇپ ، دوكتورلۇق ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلاتتى . بىر كۈنلۈك ئىشنى تۈگىتىپ ياتاققا قايتىپ كېلىپلا ، قول كومپيۇتېرنى ئېچىپ بوغالتىرلىققا ئائىت ئىنگلىز تىلى ماتېرىياللىرىنى تەرجىمە قىلىپ ، ئاندىن ئۇخلايتتى . چارچاپ قالغان ۋاقىتلاردا بولسا مېنىڭ بىلەن مەكتەپ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلاتتى.

بۈلتۈر 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بېيجىڭ دوڭگاڭ مەكتىپىنىڭ شاڭخەيدىكى تارماق مەكتىپىگە دەرس ئاڭلىغىلى باردىم . ئوقۇش ھەققىنىڭ قىممەت بولۇشىغا قارىماي يۈز كىشىلىك زال لىق تولۇپ كېتىپتۇ . ئۇلارنىڭ ھەممىسى GRP ئىمتىھانىغا تەييارلىق قىلىۋاتقانلار بولۇپ ، ئاساسلىقى شاڭخەيلىكلەر ۋە ھەرقايسى ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ ، شەنبە ، يەكشەنبە كۈنلۈك كۇرسقا قاتناشقىلى كەلگەنلەر ئىدى . ئوقۇتقۇچىمىز ئۆزىنىڭ ياش بولۇشىغا قارىماي ، دەرسنى تولىمۇ ئەترابلىق سۆزلەپ چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈپ بېرىۋاتاتتى.

26 ياشلار چامىسىدىكى بۇ ئوتتۇرا بوي ياش خەنزۇ مۇئەللىم دەرسنى خۇددى مول تەجرىبىگە ئىگە پېشقەدەم



ئوقۇتقۇچىلاردەك ئەستايىدىل سۆزلىگەچكە ئۇنىڭ ئىنگلىز تىلى ئۇقتىغا ھەيران قالدىم . مۇئەللىم بىزگە GRP ئىمتىھانىنىڭ ھەربىر سۆزلۈكنى ئايرىم ـ ئايرىم چۈشەندۈرگەندىن سىرت ، جۈملىلەرنى ئەستايىدىل يېشىپ بەردى . مەن بۇ مۇئەللىمنىڭ سۆزلۈكلەرنى مەنىداش ، قارىمۇقارشى مەنىلىرى بويىچە خۇددى لۇغەتكە ئوخشاش ئىنچىكە بىلىدىغانلىقىغا قايىل بولدۇم . دەرس ئاخىرىدا ئۇ بىزگە ئۆزى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى . ئۇ GRP نىڭ 2400 نومۇرلۇق ئىمتىھانىدا 2200 نومۇر ئاپتۇ . ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى.

شاڭخەيدە يېڭى دۇڭفاڭ ئىنگلىز تىلى تەربىيىلەش مەركىزى، ئاڭلى ئىنگلىز تىلى تەربىيىلەش مەركىزى ، دېگەندەك نۇرغۇنلىغان داڭلىق تىل تەربىيىلەش مەركىزى بولغاندىن سىرت ، كومپيۇتېر تەربىيىلەش مەركىزىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ . ھەرقانداق بىر ساھەدە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ، ئالدى بىلەن چوقۇم كومپيۇتېر ۋە ئىنگلىز تىلى سەۋىيىسىگە قارايدۇ . شۇڭا ، شاڭخەي ياشلىرى ئايلىق ئىش ھەققىنىڭ 30 ـــ 40 پىرسەنتىنى كومپيۇتېر ۋە ئىنگلىز تىلى ئۆگىنىشكە سەرپ قىلىدۇ.

## ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان شاڭخەي ۋە شاڭخەيلىكلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئېڭى

شاڭخەي شەھىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى پۈتكۈل جۇڭگودىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان چوڭ شەھەرلەر ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ . شاڭخەيدە پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئىشلىتىلىۋاتقان ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى ، يەنى Sony, panasonic, Hitachi, TCL, Hair قاتارلىق چوڭ شىركەتلەرنىڭ باش شىركەتلىرى بىناسى شاڭخەي ساھىلىدا كۆزنى چاقناتقاندىن سىرت ، كىشىلەر كۈندىلىك تۇرمۇشقا ئىشلىتىدىغان «ئاق توشقان» سوپۇنى ، شاڭخەي ھەممىباپ ماشىنىسى ، Amway ئوزۇقلۇقى قاتارلىق ئادەتتىكى كۈندىلىك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ مەركىزىي بازار بىنالىرى جايلاشقان . شاڭخەي قاتناش تەرەققىياتى جەھەتتىمۇ مەملىكىتىمىزنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىدۇ . رايونلار ئۆزئارا 3 ـ 4 لىنىيە بويىچە يەر ئاستى تۆمۈريولى ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلۇپ ، نوپۇسى كۆپ شاڭخەيلىكلەرنىڭ قاتناش قولايلىقى يارىتىلغان بولۇپ ، يەر ئاستى پويىزى ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 6 دىن كەچ سائەت 11 گىچە مۇلازىمەت ئېلىپ بارىدۇ . يەر ئاستى قاتنىشى يەر ئۈستى قاتنىشىنىڭ قولايلىقىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ.

كۈندىن ـ كۈنگە تەرەققىي قىلىپ ئۆزگىرىۋاتقان شاڭخەي ساھىلىدىكى كىشىلەر خىزمەتكە بېرىلگەن ، يېڭى ـ يېڭى رىقابەتكە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنى ھەرقايسى جەھەتلەردىن تولۇقلاپ


TANGRITAG LITERATURE

مۇكەممەللەشتۈرۈپ تۇرىدۇ . شاگخەيلىكلەر ھەرقانچە باي بولسىمۇ بۇزۇپ ـ چېچىپ ، يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتىن ھەرگىز ئىسراپچىلىق قىلمايدۇ . يېمەك ـ ئىچمەكنى تېجەش جەھەتتە شاگخەيلىكلەر ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ دېيىشمۇ بولىدۇ.

بۈلتۈر ئۆكتەبىردە ياتاقدىشىم چېيۇۋېن مېنى ۋە ياتىقىمدىكى زاگزۇ قىز ئەيفاگنى ئۆزىنىڭ پۇدۇڭ يېڭى رايونىدىكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە چاقىردى . ئۇلار مېنىڭ ئالدىمغا غەربچە تاماق ئېلىپ كەلدى . بۇ غەربچە تاماق مەخسۇس تۈركلەرنىڭ شاگخەيدىكى ئىستانبول رېستورانىدىن ئالاھىدە كەلتۈرۈلگەنىدى . بۇ تاماق ئۆيگە مېھمان بولۇپ بارغان ئۈچىمىز ۋە ساھىبخانلار بىلەن قوشۇلۇپ ھەممىمىز تاماقلىنىپ ئېشىپ قالمىدى . بىز تېزلا يەپ تۈگەتكەن بۇ تاماققا قاراپ شىنجاڭدىكى مېھماندارچىلىقتا ئۈستەلگە لىققىدە تىزىلغان نازۇ نېمەتلەر كۆز ئالدىمغا كەلدى.

ياشاش رىتىمى تېز بولغان شاگخەيلىكلەر يەنە ئادىدىي ھالدىكى ئاممىۋى كۆگۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا ماھىر ئىكەن . ياتاقدىشىمنىڭ دادىسى ياشىنىپ قالغان كىشى بولسىمۇ تانسا ئويناشقا ھېرىسمەن ۋە ماھىر كىشى ئىكەن . ئۇ بىزنى ئۆيىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى تانسىخانىغا تەكلىپ قىلدى . ئالتىمىز ئاران ئاتمىش يۈەن پۇل خەجلىگەن بولساقمۇ ، شۇنداق كۆگۈللۈك ئويناپ چىقتۇق . شاگخەيدىكى ياشانغانلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار تانسا ئويناشقا شۇنداق ئۇستا كېلىدىكەن . تانسا ئويناشنى بىلمەيدىغانلارغا ھەرخىل گۈللۈكلەر ، مەيدانلار ۋە ئەرزان باھالىق تانسىخانىلاردا تانسا ئويناشنى ئۆگىتىدىغانلار بار ئىكەن.

شاگخەيدە ئۆي ، يەر ـ مۈلۈك باھاسىنىڭ ئۆرە بولۇشى ، ئائىلىلەرنىڭ شەخسىي ماشىنا ئىشلىتىش ، چەت ئەلگە چىقىپ ساياھەت قىلىش ، داڭلىق ماركىلىق كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيىشنى قوغلىشىش ، يۇقىرى مەلۇماتقا ئېنتىلىش قاتارلىق يۇقىرى ئىستېمال ئېھتىياجى ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىقتىسادچىل بولۇپ پۇل يىغىش ئېڭىنى كۈچەيتىۋەتكەن بولۇپ ، خېلى يۇقىرى مائاشلىق ياشلارمۇ ۋېلسىپىت بىلەن يول يۈرۈشنى ، ئەرزان باھالىق تاماق يېيىشنى ، ئىشتىن سىرت ئىشلەپ پۇل تېپىپ پۇل يىغىشنى ئويلىشىدىكەن . ئۇلارنىڭ پۇل تېپىش ۋە ئىقتىساد قىلىشىدىكى مەقسىتى ئېنىق ـ تېزراق ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش . بۇ يەردە ئۇزۇنغىچە نامرات پېتى ياشايدىغانلار ئاز . ھەممەيلەن چوقۇم بېيىشنىڭ كېرەك دېگەن ئىرادە ، ئۈمىد بىلەن تىرىشىپ ياشايدۇ . ئىقتىسادچانلىق جەھەتتە شاگخەيلىكلەر باشقا جايلاردىكى كىشىلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ . بىراق ، ئۇلار مۇھىم ۋاقىتلاردا مەسىلەن ، دوستلارنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ، تويى قاتارلىقلىرىغا خېلى كۆپ پۇل خەجلەيدۇ ياكى يېقىن ياردەمدە بولۇشىدۇ . چۈنكى ، ئۇلار دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ سانىنى كۆپەيتىۋەتمەيدۇ ، ئۇلارنىڭ توي مۇراسىملىرىمۇ ئازغىنە كىشىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدۇ . شۇڭا ، دوستلار ئارا ئەھمىيەتلىك ياردەملەردە بولالايدۇ . ئۇلار ئۆزىنىڭ بېخىللىقىنى ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن يوشۇرۇۋالالايدۇ . چۈنكى ، ئۇلار گېزى كەلسە چوڭ پۇل خەجلەپ ئادەمنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرالايدۇ . داڭلىق ماركىلىق كىيىم ـ كېچەكلەرنى سېتىۋېلىشتا پۇلنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرمايدۇ ، ئۇلار باياشات تۇرمۇشقا ئىنتىلگەچكە پۇل يىغىش مەقسىتى ئۈچۈن قاتتىق تىرىشىدۇ . «باي بولسىمۇ تېجەشلىك بولۇش» شاگخەيلىكلەرنىڭ زېرەكلىكلىكىنىڭ ئاساسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ . شاگخەي ياشلىرىنىڭ ئىچىدە چەت ئەلدە ئوقۇپ كەلگەنلەر كۆپ بولغاچقا ، بۇ شەھەردىكى ياشلارنىڭ قىممەت قارىشى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىدا غەربنىڭ تەسىرى قويۇق .

## شاگخەي ساھىلىدىكى ئۇيغۇر ستۇدېنتلار

بۇ يىل قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن شاگخەيدىكى كورىيە شىركىتىدە ئىشلەۋاتقان بىر قەشقەرلىك ئۇيغۇر قىز دوستۇمنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن ، شاگخەيدە ئوقۇپ شاگخەيدە ئىشلەۋاتقان ئۇيغۇر قىز ـ يىگىتلەرنىڭ ھېيتلىق سورۇنىغا داخىل بولدۇم . ئۇلار ئاساسەن ، تەگرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى قەشقەر ، ئاقسۇ ، غۇلجا ، قاراماي ، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىن شاگخەي ئۇنىۋېرسىتېتى ، شاگخەي تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى ، قاتناش ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كېلىپ كېيىن شاگخەيدە خىزمەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر قىز ـ يىگىتلەر بولۇپ ، بىز جەمئىي 13 ـ 14 كە يېقىن ئۇيغۇرلار بىرلىكتە ھېيتنى تەبرىكلىشىپ ، ئۆزىمىز پولۇ ، شورپا ، لەغمەن قاتارلىق ھەرخىل تاماقلارنى ئېتىپ يېيىشىپ پاراڭلاشتۇق . ئۇلارنىڭ ھەممىسى VCD پلاستىنكىسىدىن ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرىنى ئاڭلىغاچ كۆزلىرىگە ياش ئېلىشتى.

شۇ كۈنى ھېيت بولسىمۇ ، ھەممىمىز كۆزلىرىمىزگە ياش ئالغان ھالدا 7000 كىلومېتىر يىراقتىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىزنى ياد ئېتىشتۇق.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىككى ـ ئۈچىسى تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتكۈزگەنلەر بولۇپ ، ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى دوختۇرخانىلاردا خىزمەت قىلىدىكەن . بەش ـ ئالتىسى شاگخەي توقۇمىچىلىق ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ ، ئوقۇشتىن سىرت توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى شىركەتلىرىدە ئىشلەيدىكەن . قالغان تۆت ـ بەشى بولسا ئاساسەن خۇاشىدانىڭ ئوقۇغۇچىلىرى . ئۇلار ھەرقايسىسى ئوقۇشتىن سىرت مەكتەپ ۋە باللار يەسلىسى ،

تەربىيىلەش مەركىزىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىكەن . شۇ كۈنى ئۇلارنىڭ رىقابەت شۇنچە كۈچلۈك شاڭخەي ساھىلىدا پۈت تىرەپ بىر كىشىلىك خىزمەت قىلىپ تۇرۇۋاتقىنىغا ھەم ھەۋەس قىلدىم ، ھەم ئۇلارنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن ئانا يۇرتقا بولغان چوڭقۇر سېغىنىشلىرىنى كۆرگەندەك بولدۇم.

مەن ئۇلارنىڭ خەنزۇ تىلىنى راۋان سۆزلىگەندىن سىرت ئىنگلىز تىلىدىمۇ راۋان سۆزلىشەلەيدىغانلىقىنى بىلىپ كومپيۇتېر جەھەتتىنمۇ شىنجاڭدىكى زىيالىيلاردىن كۆپ ياخشىلىقىنى بايقىۋالدىم . ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ رىقابەتكە تولغان شاڭخەي ساھىلى ئۇلاردا توختىماي ئۆگىنىپ ئىزدىنىدىغان روھنى پەيدا قىلغانىكەن.

## بۆگۈن تىرىشىپ ئىشلىمىسىڭىز ، ئەتە تىرىشىپ ئىش ئىزدەيسىز!

پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىيېتىشنىڭ تەرەققىياتىغا ماس قەدەمدە ، 21 – ئەسىردىكى گۈزەل شاڭخەي ساھىلى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى چوڭ شەھەرلىرىدىكى ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە ھەرقايسى ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتقان بولغاچقا ، شاڭخەي ھەر كۈنى نەچچە مىڭلىغان ياقا يۇرتلۇق ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە ئەمگەك كۈچلىرىنى ئۆزىگە تارتىپ ئەكېلىدۇ . بۇ شەھەرگە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن سودا – سېتىق ، ئۆگىنىش ، خىزمەتكە كېلىپ – كېتىپ تۇرىدىغانلار سان – ساناقسىز بولۇپ ، بۇ شاڭخەينىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا زور ئەمگەك كۈچى ۋە مەبلەغنىڭ كىرىش مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ.

ستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا ، شاڭخەيدە ئىش ئىزدىگۈچىلەر سانى 3 مىليون ، بىكار ئىش ئورنى 1 مىليون بولۇپ ، ئۈچ ئادەمنىڭ بىرى بۇ شەھەردە ياشاش شارائىتىغا ئىگە بولىدىكەن . مۇلازىمەت يوللىرىنىڭ ئېچىلىشى ، ئىقتىسادىي كىرىم ئەۋزەللىكى يۇقىرى كارخانىلارنىڭ كۆپلەپ قۇرۇلۇشى ئىش ئورنى مۇمكىنچىلىكىنى كېڭەيتكەن . شاڭخەيلىكلەردە پۇل تېپىشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان ، بىكار تۇرۇشنى خالىمايدىغان ئادەت ئومۇملاشقان . شاڭخەيلىكلەر مەيلى ھۆكۈمەت ئورنى ياكى كان – كارخانا ، سودا شىركەتلىرى ، مۇلازىمەت ئورۇنلىرىدا بولسۇن ، شۇنداق تەرتىپلىك ، ئەستايىدىل ، ئەتراپلىق مۇلازىمەت قىلىدۇ . ئۇلارنىڭ خىزمەت ئىستىلى ، پوزىتسىيىسى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ . بۇ ئاساسەن شاڭخەينىڭ ئومۇمىي خىزمەت ئىستىلىگە ئايلانغان بولۇپ ، چوڭ شىركەتلەرنىڭ ھەممىسىدە مۇنتىزىم تۈزۈم ۋە قائىدە ئورنىتىلغان.

شاڭخەيدىكى نۇرغۇن ئورۇنلاردا توختام بويىچە كېلىشىپ تەكلىپ بىلەن ئىشلىتىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولغاچقا ، خىزمەتچىلەر ئۆزىنىڭ بۆگۈن تىرىشمىسا ، ئەتە ئىشسىز قالىدىغانلىقىنى بەش قولدەك بىلىدۇ . بۇ خىل ئىش تۈزۈمى ئۇلارنىڭ خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاپلا قالماستىن ، خىزمەت ئۈنۈمى ۋە ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىش ئۈنۈمىنىمۇ ھەسسىلەپ ئاشۇرىدۇ.

شاڭخەيلىكلەر ئومۇمىي ۋاقىتقا ئىنتايىن رىئايە قىلىدۇ . مۇھىم ئىش بولمىسا ئاپتوبۇسلاردا ، يەر ئاستى پويىزلاردا ياكى دوقمۇشلاردا ، ئاممىۋى سورۇنلاردا تولىمۇ ئەدەپلىك ، جىمجىت يۈرۈيدۇ . ئاساسەن جامائەت ئەخلاقىغا رىئايە قىلىپ ، ئارتۇق پاراڭ قىلىشمايدۇ . ئۇلار ئۆز ئىشىغا تولىمۇ پۇختا بولۇپ ، خىزمەت ئورنىدا ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيىتىنى تولۇق ئادا قىلغاندىن سىرت ، ئۆزىنىڭ بۆگۈن تىرىشمىسا ، ئەتە ئىشسىز قالىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق بىلىدۇ.

ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدا قوشۇمچە ئىشلەپ پۇل تېپىشقا تولىمۇ ئېتىبار بېرىدۇ . شاڭخەي ساھىلى ياشانغانلارنىڭ سەيلە – ساياھەت ئارامگاھى ، ھەقسىز دەم ئېلىش باغچىسى ، ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ ئويۇن – تاماشا ، تانسا سورۇنى ، ياشلارنىڭ ئۆگىنىش ۋە خىزمەت ، مۇھەببەت جەڭگاھى ، ياش – ئۆسمۈرلەرنىڭ مەرىپەت بۆشۈكى ، بالىلارنىڭ جەننىتى دېيىشكە بولىدۇ . چۈنكى ، شاڭخەيدە نۇرغۇنلىغان باغچىلار ھەقسىز ئېچىلىدۇ . ياشانغانلار بۇ باغچىلاردا ئارام ئېلىپ ، خىلمۇخىل بېلىقلار ، قۇشلار ۋە گۈللەردىن ھۇزۇرلىنىپ ، ئۆز ئارا پاراڭلىشىپ ئولتۇرىدۇ . ئوتتۇرا ياشلىقلار بولسا ، لەرزان مۇزىكىلارغا تولىمۇ رىتىملىق ۋە ئۆلچەملىك تانسىلارنى ئويناپ ، ھەمراھى ۋە بالىلىرى بىلەن ساياھەت قىلىپ ھايات پەيزىنى سۈرىدۇ . پەقەت ياشلارلا كۈچلۈك رىقابەت ئىچىدە توختىماي ئىزدىنىدۇ . ياش – ئۆسمۈرلەر بولسا ئۆزىنىڭ شاڭخەيدە تۇغۇلۇپ ، شاڭخەيلىك بولغىنىدىن پەخىرلىنىپ مەكتەپ ۋە ھەر خىل تەربىيىلەش مەركىزىدە كەلگۈسى ھاياتى ئۈچۈن ئاساس سالىدۇ . شاڭخەيلىك بالىلارنى باشقا رايوندىكى بالىلارغا قارىغاندا بەختلىك دېيىشمۇ بولىدۇ . چۈنكى ، ئۇلار تۇغۇلغان شۇ دەقىقىدىن باشلاپ ياش ئاتا – ئانىلار بالىنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە كۆڭۈل بۆلۈپلا قالماي ، ئۇلارنىڭ ئەقلىي جەھەتتىن ، جۈملىدىن تىل جەھەتتىن تەربىيىلىنىشىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ ، ھەتتا بىر – ئىككى ياشلىق بالىلىرىغىمۇ ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلىپ بېرىدۇ . شاڭخەينىڭ تېز تۇرمۇش رىتىمى ، كەسكىن رىقابەت مۇھىتىدا ئۆزۈمنى چېنىقتۇرغىنىمدىن خۇشال بولدۇم . مەن بۇ يەردە نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىۋاستە ھېس قىلدىم ، ئۆگەندىم.

تەھرىرلىگۈچى: **پولات ھېۋزۇللا**




TANGRITAG LITERATURE

# شېئىرىيەت ۋە جەمئىيەت

ـــ شائىر ئوسمانجان ساۋۇت بىلەن سۆھبەت

خۇدابەردى ئابدۇللا



**سوئال:** زامانىۋى شېئىر ئەنئەنىۋى شېئىرىيىتىمىزدىن قانداق پەرقلىنىدۇ ؟ جەمئىيەت تەرەققىياتى بىلەن شېئىرىيەتنىڭ تەرەققىياتى راستىنلا تەتۈر تاناسىپ بولامدۇ؟

**جاۋاب:** زامانىۋى شېئىرىيەت ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتتىن شەكىل ۋە ئىپادىلەش جەھەتلەردە روشەن پەرقلىنىدۇ . ئەنئەنىۋى شېئىرىيەت، يەنى قەدىمقى شېئىرىيەت ۋەزىن ، تۇراق ، رىتىم ، قاپىيە قاتارلىق شېئىرىي ئۆلچەملەرگە تولىمۇ قاتتىق رىئايە قىلىدۇ . بۇ ئۆلچەملەرنى سەل ـ پەل بوشىتىشقىمۇ يول قويۇلمايدۇ . زامانىۋى شېئىرلار بولسا بۇ جەھەتلەردە ئەركىن ، بەزى شېئىرلاردا قاپىيىمۇ يوق . يەنە بەزى شېئىرلاردا ھەتتا ئۇقۇملار ئارىسىدىكى گراماتىكىلىق باغلىنىشمۇ بولمايدۇ . پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتى بىلەن ئەخلاق تەرەققىياتى ئۆزئارا تەتۈر تاناسىپ بولىدۇ ، دېگەن گەپنى چىڭغىز ئايتماتوۋ ئەسىرىدىن ئوقۇغانىدىم . ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: پەن ـ تېخنىكا تەرەققىي قىلىپ شۇنچىلىك ئالغا كەتتى ، ھەتتا ئىنسانلار ئايغا چىقتى . لېكىن ، ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىلگىرىكىدەك قويۇق بولمايۋاتىدۇ . شەھەرلىشىش ئىنسانلار ئارىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەتنى سۇيۇلدۇرۇۋەتتى . ئىلگىرىكى چاغلاردا ئاۋۇلدا بىرەر ئادەم ئۆلۈپ ـ تارتىپ قالسا ، ئۆلۈمگە تونۇغان ـ تونۇمىغاننىڭ ھەممىسى ئۆزلۈكىدىن كېلىشەتتى . ھازىر بولسا ئۇنداق ئەمەس . پەقەت ئالاقىدار بىرنەچچە ئادەملا يىغىلىدۇ...

شېئىرىيەت داۋاملىق تەرەققىي قىلىدۇ . بۇ شېئىرىيەتنىڭ ئىچكى قانۇنىيىتى . لېكىن، ئۇنىڭ تەرەققىياتى تەكشى ، داۋالغۇشسىز بولمايدۇ . بۇ تەرەققىيات بەزىدە پەسىيىپ قالسا ، بەزىدە ئۆرلەپ كېتىشى مۇمكىن . پەن تەرەققىياتى بىلەن سەنئەتنىڭ (جۈملىدىن شېئىرىيەتنىڭ) تەرەققىياتى ئۆزئارا تەتۈر تاناسىپ دېيىلسە خاتا بولىدۇ . تېخى پەن ۋە زامان تەرەققىي قىلغانسېرى ئوقۇرمەنلەرنىڭ مەنىۋى ساپاسىمۇ ئاشىدۇ . زوقلىنىش قاتلىمى مۇرەككەپلىشىپ شېئىرىيەتكە قويۇلىدىغان گۈزەللىك تەلپىمۇ يۇقىرىلايدۇ.

**سوئال:** سىز تەرجىمە بىلەنمۇ شۇغۇللىنىسىز ، بۇنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتىڭىزگە تەسىرى بولامدۇ؟

**جاۋاب:** مەن ئەدەبىي تەرجىمىنى خۇددى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ئوخشاش مۆتىۋەر بىلىمەن . ئەدەبىي تەرجىمىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تارىخى باشقا مىللەتلەرنىڭكىگە ئوخشاشلا ئۇزاق . كوماراجىۋادىن باشلاپ ھېسابلىغاندىمۇ خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە . ھەرقانداق يازغۇچى تاشقى دۇنيادىن تەسىرلىنىدۇ . ئۇنىڭ تاشقى دۇنيادىكى شەيئىلەرنىڭ نازۇك مۇناسىۋەتلىرى بىلەن سىرلىرىنى كۆزىتەلەيدىغان ۋە كۆرەلەيدىغان ئۈچىنچى كۆزى بار . قەلەمكەش تۆتىنچى كۆزگىمۇ ئىگە بولۇش ئۈچۈن چەت ئەل تىلى ۋە باشقا تىللارنى بىلىشى كېرەك . ئالايلۇق ، لېۋ . تولستوي يەتتە تىلدا ئەركىن ئوقۇيالايدىغان ، يازالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە ئىدى . لۇشۈن ، گومورو ، ماۋدۇن ، يۈگۇاڭجۇڭ ، لياڭ شىچۇ ، خۇشى قاتارلىق جۇڭگو يازغۇچىلىرىمۇ بۈيۈك ئەدەبىي تەرجىمانلار ئىدى . «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ، «سۇ بويىدا» ، «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» ، «غەربكە ساياھەت» قاتارلىق كلاسسىك رومانلارنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك تەرجىمە قىلىنىشى ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بىر بۈيۈك غەلىبىسى . گۈزەل مەنىۋى دۇنيانىڭ كەڭلىكى بىلەن تىل ئىمكانىيەتلىرىنىڭ كاماللىقى قەلەمكەشنى ھامان يېڭى مەنزىل ۋە يېڭى ئىلھامغا ھەمراھ قىلىدۇ . مەن شېئىرىيەت تەرجىمىچىلىكى ئارقىلىق

نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندىم . بولۇپمۇ يېزىش قىزغىنلىقى ، سۆز سەنئىتى ، كېيىن سۆزلەرنى تاللاش جاسارىتى جەھەتتە كۆپ نەپكە ئېرىشتىم.

**سوئال:** سىز شېئىرنى قانداق يازىسىز؟ ئىلھام دېگەن نېمە؟ سىزنىڭ ئىلھامىڭىز قانداق ۋاقىتتا جۇش ئۇرىدۇ؟

**جاۋاب:** مەن شېئىرنى شادلىنىپمۇ ، قايغۇرۇپمۇ ، ئىلھاملىنىپمۇ ، مەجبۇرلىنىپمۇ ، خالاپمۇ ، خالىمايمۇ ، قاخشاپ تۇرۇپمۇ ، سۆيۈنۈپ تۇرۇپمۇ يازىمەن . شادلىنىپ ، خۇشاللىنىپ ، ئىلھاملىنىپ تۇرۇپ يازغانلىرىم ياخشى چىقىدۇ . بۇنداق چاغلار مېنىڭ ھەقىقىي بايرىمىم ، قۇربان ھېيتىم ، روزى ھېيتىم ، نەۋرۇز ئايىمىم ، تۇغۇلغان كۈنۈم ، نىكاھ تويۇم بولىدۇ . نۇرغۇن چاغلاردا يول مېڭىپ يۈرۈپ كاللامدا يازىمەن. بۇنداق شېئىرلار مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان شېئىرلاردىن دەپ كېيىن قىلىمەن ، ئەمما بۇنى ئاخىرقى ھېسابتا ۋاقىت بەلگىلەيدۇ . ئىلھام توغرىسىدا نۇرغۇن كىشىلەر نۇرغۇن ئېنىقلىمىلارنى بېرىشتى . ھەممىسى ئۆز مۇھىتىدا توغرا . مەن ئۆز تەجرىبەمگە ئاساسەن ئېيتسام ، ئىلھام روھىي دۇنيانىڭ راۋانلىقى ، ھېس ـ تۇيغۇلار بىلەن ئوي ـ پىكىرلەرنىڭ يۇرۇشۇپ كېتىشى ، قىلىۋاتقان ئىشقا رىغبەت ھېس قىلىش ، يۈرەكتىكى ئىشتىياقنىڭ پارتىلىشىدىن ئىبارەت . تەجرىبەمگە كۆرە ، ھەرقانداق قەلەمكەش مۇشۇ تەقلىدتىكى پەيتنى قولدىن بەرمىسە ، ئۆزىمۇ ھەممىشەم مۇشۇنداق مۇھىت ئىچىدە تۇرۇشنى يېتىلدۈرسە ، قەلەمنى قولىغا ئېلىپلا توختىماي يېزىپ كېتىدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولىدۇ . بىرمۇنچە كىشىلەر قارىغۇلارچە «كەلدى ، كەتتى» دەپ يۈرىدىغان ئىلھام دېگەن مانا شۇ . شېئىر شائىرنىڭ يۈرىكىنى يېرىپ چىققان ، سۆڭىكى ، قېنى ، ئىلىكىدىن تامغان پەرزەنتى . ئۇلار بىر ـ بىرىگە سىڭىشتۇرما بولغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . بىر ـ بىرىگە ئوخشىغان بىلەن بىر ـ بىرىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ . پەرزەنتنىڭ ھەممىسىلا ئاتىسى ئۈچۈن چىرايلىق . بۇ سىڭىشتۇرمىلىق مەۋجۇدىيەت.

**سوئال:** سىز ئېپىك شېئىرلارنىڭ ۋاقتى ئۆتتى ، دېگەندىڭىز ، ھازىرمۇ شۇ گېپىڭىزدە تۇرامسىز؟

**جاۋاب:** مەن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «مەن ئوقۇغان كىتابلار» دېگەن ماقالەمدە: «لىرىكا باغرىغا ئېپىكا كىرسە لىرىكا ئۆلىدۇ» دەپ يازغانىدىم . بۇ گەپ بىلەن «ئېپىك شېئىرلارنىڭ ۋاقتى ئۆتتى» دېگەن گېپىمنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەزمۇنىدىكى پەرق ئاسمان بىلەن زېمىندەك . مەن يۇقىرىقى گېپىمدە ھېلىمۇ چىڭ تۇرىمەن . چۈنكى ، لىرىكا دېگەنمۇ قەلبىنىڭ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئارىلىقتىكى زىلزىلىسى ، چېقىندەك چېقىپ ئۆتىدىغان ھېكمەت ۋە شېئىرىي پىكىر . شۇنداق ئىكەن ، بۇنداق روھىي ھالەتكە شەيئىلەر تارىخىنى تىقىشتۇرۇش ، يېلىنجاۋاتقان ئوتنى ئۆچۈرۈشتىن ئىبارەت.

**سوئال:** سىزنىڭ شېئىرلىرىڭىزنىڭ تىلى ئېغىر ، چۈشەنمەك تەس . بۇنداق بولغاندا ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئېھتىمالى بارمۇ ـ قانداق؟

**جاۋاب:** بۇ سوئالنى قويغىنىڭىز تولىمۇ ياخشى بولدى . ئۆزۈمنىڭمۇ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىمنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلىشىش ئويۇم بار ئىدى . مەلۇمكى ، ئەدەبىيات ، جۈملىدىن شېئىرىيەت تىل سەنئىتى . چوڭ يازغۇچىلار يەنى كلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىشلەتكەن سۆز ئاشۇ يازغۇچى ۋەكىللىك قىلىدىغان مىللەت تىلىنىڭ لۇغەت فوندىدىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسى بولۇپ چىقىدۇ . بۈيۈك شائىرىمىز نەۋائىي ئۆز ئەسەرلىرىدە جەمئىي 1 مىليون 387 مىڭ 67 سۆز ئىشلەتكەن . تىل نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ، يازغۇچى ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان مىللەت تىلىدىكى يوقالغان سۆزلەرنى تېپىپ بېرەلەيدىغان ، چاڭ باسقانلىرىنى ئېرتىپ ، پاكىزلاپ بېرىدىغان ، يوقلىرىنى خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇپ كەشىپ قىلىپ بېرىدىغان ، ئۇنىڭ ھەربىر سۆزىنى جان تىكىپ قوغدايدىغان كىشى . تىل ئۆگىنىش بىر قەلەمكەشنىڭ مەڭگۈلۈك ۋەزىپىسى . مەن تىلنى كلاسسىكلاردىن ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ، خەلقتىن ئۆگىنىمەن . يېقىندا مەلۇم ئوقۇرمەندىن خەت تاپشۇرۇپ ئالدىم . ئۇ خېتىدە مېنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 2002 ـ يىللى 12 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «گۈللەر سۆزلەيدۇ» دېگەن شېئىرىمدىكى تۆت سۆزلەم توغرىسىدا مۇنداق يېزىپتۇ:

«... ئەسلىدە تىلىمىزدا ئىستېمال قىلىنىۋاتقان سۆزلەر يېڭىلاش ئىستىكى بىلەن بۇزۇۋېتىلمىسە . مەسىلەن ، ئىمەنلەر كۆكىرىپ ، كۆۋەرەپ ، ئالقىدۇق... ئەۋۋىلەم... دېگەندەك سۆزلەرنىڭ ھازىر ئىشلىنىۋاتقان شەكلى (چىمەنلەر كۆكىرىپ ، كۆۋەجەپ...) بۇزۇۋېتىلمىسە . قەدىمكى تۈركىي سۆزلەردىن قېزىپ يېڭى سۆزلەر ياسالسا ياخشى بولغىنى ، ئەرەبچە ، پارسچە سۆزلەرنى ئازايتىشنىڭ ئورنىغا يەنىمۇ كۆپەيتىش ياخشى بولمىغىنى...» كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى ، ئوقۇرمەن ئەپەندىنىڭ تىل سەۋىيىسى مانا مۇشۇنداق بىچارە ھالەتتە.

ئىمەن —— بىر خىل گۈزەل دەرەخ . كۆۋەرەپ——دەۋرەپ ، دولقۇنلاپ ئاقماق ، كۆۋەجەپ——كۆپۈك چاچرىتىپ ئاقماق دېگەن مەنىدە . ئالقىدۇق —— ئالقاش ، ئالقىشلىماق دېگەن مەنىدە . ئەۋدىلەم —— ئاۋۋال دېگەن سۆزنىڭ

ئاغزاكى ئىپتىلىشى . بۇ تۆت سۆزلەم ئىستېمالدىن قالغانمۇ ، يېڭىدىن ياسالغانمۇ ئەمەس ، ئەرەبچە ، پارسچىمۇ ئەمەس ، بەلكى ئۇيغۇر تىلىدا بار سۆز . كىشىنى ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى ، ئوقۇرمەن ئىمەن دېگەن سۆزنى چىمەن دېگەن سۆزنىڭ خاتا ئىپتىلىشى ، «كۆۋەرەپ»نى «كۆۋەجەپ»نىڭ خاتا ئىپتىلىشى دەپ چۈشەنگەن . ئەستايىدىللىق بىلەن كەمتەرلىك نۇرى ئۆچكەندە مانا شۇنداق مەسخىرىلىك ھالەت پەيدا بولىدۇ . مەن بۇ سۆيۈملۈك ئوقۇرمەننىڭ ئەكسىچە ئۆگىنىشكە قارىغاندا ئۆگىنىشنى ياخشى كۆرىمەن . مەن ھازىرغىچە 700 پارچىدىن ئارتۇقراق شېئىر يازدىم ، 200 پارچىدىن ئارتۇق ھەر خىل شېئىرلارنى ، تۆت رومان ، سەككىز پوۋېست ، 30 پارچىدەك ھېكايە ، 10 پارچىدەك ئەدەبىي ئوبزور ، ئىككى سىياسى ـ تارىخىي كىتابنى خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدىم . قازاق ، ئۆزبېك ، قىرغىز تىللىرىدىن تەرجىمە قىلغانلىرىممۇ بىر تالاي.

مەن مۇشۇ يەرگە كەلگەندە سۆيۈملۈك ئوقۇرمەنلىرىمگە شۇنى بىلدۈرۈپ ئۆتۈمەنكى ، مەن مەيلى ئىجادىيەتتە ، مەيلى ئەدەبىي تەرجىمىچىلىكتە بولسۇن بىرمۇ ئىستېمالدىن قالغان سۆز ، بىرمۇ ژارگون ، بىرمۇ مەھەللىۋى لەھجە ئىشلەتكىنىم يوق ، يەنى ئانا تىلىمغا ئاسىيلىق قىلغىنىم يوق . بىزنىڭ ئەقىللىق ئەجدادلىرىمىز بىزگە ئىپادىلەش ئىقتىدارى ئاجايىپ يۇقىرى ، سۆز ياساش ئۇسۇلى ئىنتايىن ئەپچىل بولغان بىر ئەدەبىي تىلنى يارىتىپ بەرگەن . بىزنىڭ ۋەزىپىمىز — ئۆزىمىزنىڭ مۇشۇ كارامەتلىك تىلىمىزنى تونۇپ يېتىپ ئۇنى ئۆز جايىدا ئىشلىتىشنى بىلىش.

رەسمىي ئەدەبىياتتا مۇتلەق چۈشىنىپ كېتىشمۇ ، مۇتلەق چۈشەنمەسلىكمۇ مەۋجۇت ئەمەس . مەن تالاي قېتىم تەكىتلىگەن ئىدىمكى ، شائىر غايىۋى ئىدىيىسى بىلەن قايناق ھېسسىياتنى تەپسىلاتلار باغرىغا ئەكىرىپ ئېزىپ ، ماجغۇپ چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرمايدۇ . بۇنداق ھەرىكەت ئىزاھشۇناسلارنىڭ ئىشى . شائىر دېمەكچى بولغانلىرىنى ئوبراز ، ئوخشىتىش ، ئىماگ ، تەمسىللەرنىڭ ياردىمىدە ئەقىل ۋە تۇيغۇڭىزغا ئىشارە قىلىدۇ . ئىمكان بار شەكىلسىز شېئىرىي مۇھىت يارىتىپ بېشارەت بېرىدۇ . شائىر بىر ئىزىدا توختاپ قالمايدۇ . ئۆزلۈكسىز ئالغا باسىدۇ . تىل ئىشلىتىش ، ئوخشىتىش ، جۈملە تۈزۈش جەھەتلەردە يېڭى ، ئىجادىي قەدەملەر تاشلايدۇ . شائىرنىڭ ھەربىر ئىجادىيەت جەريانى بىر نىسپىي ۋاز كېچىشتىن ئىبارەت بولىدۇ . يەنى ، ئىجادىيەتكە كىرىشكەندە ئۆلۈشكۈن بىلەن تونۇگۈندىن قەتئىي ۋاز كېچىپ بۈگۈن ۋە ئەتىگە يۈزلىنىدۇ . مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ، ئادەتلەنگەن نەرسىلەر چۈشىنىشلىك ، ئادەتلەنمىگەن ، يېڭى نەرسىلەر ھامان چۈشىنىكسىز . ئېغىر تۇيۇلىدۇ.

نازىم ھېكمەت ، پابلونېرودا ، پاستېرناكتەك زامانىۋى شېئىرىيەت پىرلىرىمۇ ئۆز ۋاقتىدا مۇشۇنداق ۋايساشلارغا دۇچ كەلگەنىدى . لېكىن ، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشتىياقمەن ئوقۇرمەنلىرىنى يەر شارىنىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىۋالالىدى.

دەۋر توختىماي تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ . دەۋرگە ئەگىشىپ ئوقۇرمەنلەرمۇ تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ . شائىردا تەرەققىي قىلىدىغىنى ئىپادىلەش ماھارىتى ، ئوقۇرمەندە تەرەققىي قىلىدىغىنى چۈشىنىش ئىقتىدارى . بىلىم ، تەجرىبە ، تەسەۋۋۇر ئامىللىرى شائىر ئۈچۈن قانچە مۇھىم بولسا ، ئوقۇرمەن ئۈچۈنمۇ شۇنچىلىك مۇھىم . شائىر بىلەن شېئىرغا قويۇلىدىغان تەلەپنى تۆۋەنلىتىش — مەدەنىيىتىمىزنى ، شۇ مەدەنىيەت بەدىلىگە كېلىدىغان مەۋجۇدىيەت ھوقۇقىمىزنى تۆۋەنلىتىش دېگەنلىكتۇر . ھەددىدىن زىيادە ئاددىي ـ ساددىلىق چاكىنىلىققا ئېلىپ بارىدۇ . ھەقىقىي شائىر ھەربىر سۆز ، ھەربىر مىسرانىڭ دۇر ـ جاۋاھىر بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ . ھەرقانداق سەنئەتنىڭ ئىپادىلەش ۋاسىتىسى بەربىر شېئىر بولىدۇ . يۈكسەك شېئىرىي مۇھىتقا ئىنتىلمىگەن سەنئەت ئىچكى قوزغىتىش كۈچى يوق قونچاق ئويۇنىغا ئايلىنىپ قالىدۇ . سىز «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ بۇ يىللىق 31 ـ يانۋار سانىدا ئېلان قىلغان «شېئىر چۈشىنىشلىك يېزىلغىنى ياخشى» دېگەن ماقالىڭىزدا مېنىڭ «تاڭلار بىلەن سۆزلىشىش» دېگەن ئۆزۈم ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىتابىم ھەققىدە بىرمۇنچە تىكەنلىك گەپلەرنى قىلغان ئىكەنسىز . سىز بۇ كىتابنى ئوقۇپ جاڭگالغا كىرىپ قالغاندەك بولدۇم . چۈنكى ، ئۇنىڭدا ئىستېمالدىن قالغان سۆزلەر ، ئەبجەش تىل بىلەن يېزىلغان تېپىشماقلار ، ھېچكىم چۈشەنمەيدىغان شىۋىلەر بار ، دەپسىز . بۇ گەپلەرنى ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلساق ، مەنتىقىغە زادىلا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ . چۈنكى ، «ئەبجەش» دېگەن ئېنىقلىغۇچى نۇقتىسىدىن ئالغاندا ھەرقانداق تىل ساپ بولمايدۇ . ئەمەلىيەتتە ، بۇ كىتابتىكى شېئىرلاردا ئىشلىتىلگەن سۆزلەر سىز دېگەندەك ئۇنداق چۈشەنگىلى بولمايدىغان تىلسىمات ئەمەس ، ئىستېمالدىن قالغان سۆزلەر تېخىمۇ مەۋجۇت ئەمەس . بۇ ماقالىڭىزنىڭ مەن ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك يېرى روھىيىتىڭىزدە پەيدا بولغان قاراشلىرىڭىزنى يوشۇرماي ئېيتقانلىقىڭىز . دەرۋەقە ، بەزى شېئىرلار چوڭقۇرلۇق ، كەڭلىك ، تەسەۋۋۇر ، مەنتىقە ، سۆز ئىشلىتىش جەھەتلەردە ئۆزگىچە يېزىلغان . بۇ سىزنىڭ

ئوقۇش ئادىتىڭىز ، ئوقۇش ئىشتىياقىڭىز ۋە ئىستېتىك ھۇزۇرلىنىش ھەۋىسىڭىزگە ھازىرچە ئۇيغۇن كەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن . بۇنى چۈشىنىمەن ، مېنى تەنقىد قىلدى دەپ رەنجىپمۇ كەتمەيمەن . شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى ، بىر شېئىر ياكى بىرمۇنچە شېئىرنىڭ تەستە چۈشىنىلىشى بۇ شېئىرلارنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ . نۇرغۇن ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرلىنىش ئادىتى ، چۈشىنىش سەۋىيىسى بۇ شېئىرلار بىلەن ئۆزئارا ماس كەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن . ئىجادىيەت شائىر ۋە ئوقۇرمەننىڭ ئەقلى ۋە ھېسسىيات جەھەتتىكى بىرلىكىدىن ئىبارەت بولىدۇ . شېئىرىي مۇھىتقا قاتناشقان شېئىرىي تەسۋىرلەر ئىلگىرى ئىزچىل ۋە ئۇدۇل لىنىيىلىك بولغان بولسا ، ئەمدىلىكتە سەكرەتمىلىك ۋە تۇيۇقسىز ئۆزگىرىدىغان مونتاژلىق قۇرۇلمىغا ئىگە بولىدۇ . سۆز زىننىتى ۋاسىتىلىرىنىڭ يېڭى ۋە مۇرەككەپ بولۇشىمۇ شېئىرنىڭ مۇرەككەپلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بىر ئامىل.

**سوئال:** «گۈلزار مۇكاپاتى» ئەدەبىياتىمىزنى ، شېئىرىيەتنى يەنە بىر بالداق يەكسەلدۈرىدۇ دەپ قارامسىز؟ ئىككى قېتىملىق تارقىتىلىشى مۇۋاپىقمۇ؟

**جاۋاب:** ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بويىچە «گۈلزار مۇكاپاتى»نىڭ يولغا قويۇلغانلىقى تولىمۇ ساۋابلىق ئىش بولدى . مۇشۇ ھادىسىنىڭ ئۆزىلا ئەدەبىياتىمىز تەسىرىنىڭ زور ، كۆلىمىنىڭ چوڭ ، يىلتىزىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . ھۆرمەتلىك مامۇتجان داۋۇت مىللەت ۋە خەلقنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى ئىكەنلىكىنى تارىختا ئالتۇن ھەرپلەر بىلەن يازدى . پېلىخانوۋ: «ئادەملەرنىڭ ھەممىسىلا ئۇلۇغ ، ئۇ پەقەت دوستلىرى ئۇچۇن جېنىنى پىدا قىلالايدىغانلا بولسا» دېگەنىدى . مامۇتجاننى تامامەن مۇشۇ ئۆلچەمدە ئۆلچەش كېرەك . «گۈلزار مۇكاپاتى» ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىلگىرىلىشى ئۇچۇن غايەت زور ئىلھام ، غايەت زور تۈرتكە ، غايەت زور قوزغاتقۇچ كۈچ . مامۇتجاننىڭ تاسادىپىي قازاسىغا چوڭقۇر ئېچىنىمەن . بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۇچۇن زور يوقىتىش . مەنىۋى مەھسۇلاتنىڭ قىممىتىنى باھالاش ، ماددىي مەھسۇلاتنىڭ قىممىتىنى باھالاشقا قارىغاندا تولىمۇ مۈشكۈل ، تولىمۇ مۇرەككەپ ، تولىمۇ قۇلايسىز ، كېيىنكىسى تۆمۈردەك رەھىمسىز ، ئۇنىڭغا خاھىش قوشقىلى بولمايدۇ . ئالدىنقىسى بولسا ئۇنداق ئەمەس . ئۇ ھېسسىيات قوبۇل قىلىدۇ . مۇشۇ نۇقتىنى چۈشەنگەندە باھالاش ھەيئەتلىكلەرنىڭ قىلنى قىرىق يېرىپ ، سەنئەت ئادالىتىنىڭ يۈزىنى ئاچىدىغانلىقىغا ئىشەنمەك ئوڭاي ئەمەس.

**سوئال:** كلاسسىكلاردىن يەنە ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟

**جاۋاب:** ماكان ۋە زامان چېگرىسىدىن ھالقىپ ، شەكىل ۋە مەزمۇن ، تىل ۋە ئىپادىلەش جەھەتلەردە ئىنسانىيەتنىڭ تەلتۆكۈس ، مۇكەممەل ئۆلگىسىگە ئايلانغان ئەسەرلەر كلاسسىك ئەسەرلەردۇر . كلاسسىكلىك مەقامىغا يەتكەن ئەسەرلەر ئەقىل ۋە ھېكمەت ، گۈزەللىك ۋە مۇكەممەللىك ، ئەخلاق ۋە جاسارەت ئاتا قىلىشتا تەڭداشسىز سېھرىي قۇدرەتكە ئىگە . كلاسسىك ئەسەرلەر كۆزلەرنى قاماشتۇرۇپ ، قەلبلەرنى لەرزىگە سالىدىغان دۇردانىلەر بولغاچقا ، ئۇ ئۆزى ياراتقان گۈزەللىك قىممىتىنى مەڭگۈ يوقاتمايدۇ . بىز بۇ ئەسەرلەردىن زوق ، ئىلھام ، ئىشتىياق ، مۇھەببەت ئالىمىز . ئۇلار بىزنى ئۆز باغرىغا چىللايدۇ ، باغرىمىزدا يارىتىش قىزغىنلىقى ، ئىجاد ھەۋىسى قوزغايدۇ.

**سوئال:** شېئىرلىرىڭىزغا ۋە باشقىلارنىڭ شېئىرلىرىغا يېزىلغان باھا ، ئوبزورلارغا قانداق قارايسىز؟

**جاۋاب:** مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ يەتكەن پەللىسى ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىيات پەللىسىنى بەلگىلەيدۇ . بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا ئەدەبىي تەنقىد ئەدەبىياتتىكى مۇھىم ئامىل . 50 يىل مابەينىدە ئەدەبىي تەنقىد جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى . ئىلمىي نەزەرىيىۋى سەۋىيىسى يۇقىرى ، يۈكسەك سەنئەت ئادالىتىگە ئىگە ، مەدەنىيەتلىك تەنقىدچىلەر قوشۇنى بارلىققا كەلدى . بىرمۇنچە ياخشى ئىلمىي تەنقىد ئەسەرلىرى يېزىلىپ شائىر ، يازغۇچىلىرىمىزنىڭ پارلاق نەتىجىلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى ۋە ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئورنى بېكىتىلدى . ۋەھالەنكى ، بۇ جەھەتتە يۇقىرىقى ئارتۇقچىلىقلار بىلەن بىللە كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان يېتەرسىزلىكلەرمۇ ساقلاندى . بۇ يېتەرسىزلىك ئىلمىيلىك ۋە ئادالەتنىڭ كەم بولۇشىدا گەۋدىلىك كۆرۈندى . بەزى كىشىلەر غەرەزلىك ھالدا ، جاپالىق ئەمگەك قىلىپ مول ھوسۇل بەرگەن قەلەمكەشلەرگە ھۇجۇم قىلدى . تارىخىي ئورنى بەلگىلەنگەن ، تارىخ ۋە رېئاللىق تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىپ ، قوبۇل قىلىنغان ھەرخىل ژانىردىكى نادىر ئەسەرلەرنى ئىنكار قىلدى . بىزنىڭ بەزى مۇھەررىرلىرىمىزمۇ ئۇلارغا ماسلىشىپ ، بۇنداق قىزىتقا جۆيلۈشلىرىنى مەتبۇئاتلاردا ئاشكارا ئېلان قىلدى . ئەدەبىياتتا تاۋىدا بولغان ئىلمىي مۇھاكىمىگە ھەرقاچان يول بار . بۇ ھەيران قېلىپ كەتكۈدەك ئىش ئەمەس . لېكىن ، بۇ خىل دېموكراتىيىدىن پايدىلىنىپ ، مۇئەييەن ئارقا كۆرۈنۈش بار ھەسەتخورلۇق ۋە دۈشمەنلىككە تولغان نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئەدەبىياتىمىز ئۇچۇن زور ھاقارەت . يەنە بىر يېتەرسىزلىك شۇكى ، بىرمۇنچە تەنقىدچىلەردە بىلىم

TANGRITAG LITERATURE

www.uyghurkitap.com

يېتىشمەيدۇ . شۇڭا ، ئۇلار ھەرقانداق بىر ئەسەرنى تەلتۆكۈس ئوپېراتسىيە قىلالمايدۇ ، پەقەت ئەسەرنى قەلەمكەشنىڭ بايان قىلىش يولى بويىچە قايتىدىن بايان قىلىپ قۇرۇق دەبدەبىلىك گەپلەر بىلەن خۇلاسە چىقىرىدۇ . ئەسەرنى مەزمۇن ، شەكىل ، قۇرۇلما ، تىل گۈزەللىكى جەھەتلەردىن ئەمەلىي ، ئىنچىكە ھەتتا سۆز ، جۈملىگىچە تەھلىل قىلالمايدۇ . بۇنداق تەنقىدچىلىكنىڭ ھېچكىمگە كېرىكى بولمىسا كېرەك.

ئۆز قارىشىمنى ئېيتسام ، مېنىڭ ئەسەرلىرىم توغرىسىدا مۇھەممەت پولات ، ئازات سۇلتان ، قۇربان بارات ، ئابدۇللا مەتقۇربان ، ئادىل تۇنىياز ، ئېزىزجان ھوشۇر قاتارلىق قەلەمداش دوستلار ئىنتايىن ياخشى ئەدەبىي ئوبزورلارنى يازدى . بۇ ئوبزورلار مېنى داۋاملىق ئىلگىرىلەش ، داۋاملىق ئىجاد قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ . سەل ـ پەل پەرىشانلىق بېسىپ روھىم چۈشەي دېسىلا ، زوغۇيلۇق ۋە ئاللاشلاردىن زەربە يېسەم ئاشۇ ياخشى كۆڭۈل قەلەمداشلار كۆز ئالدىمدا پەيدا بولىدۇ ـ دە ، قەددىمنى ئېگىۋاشتىن رۇسلاپ يېڭى مەنزىلگە قاراپ قەدەم تاشلايمەن . مېنىڭچە ، ئەدەبىي تەنقىدنىڭ باش ۋەزىپىسى گۈزەللىك قىدىرىش ، بۇنداق قىدىرىش يۈكسەك ئىلمىيلىك بىلەن يۈكسەك ئادالەتكە موھتاج.

**سوئال:** شېئىرىيەت تۈيغۇنىڭ مېۋىسى ، ئەمما ياشنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ ھەرقانداق ئادەمدە تۈيغۇ سۇسلىشىدۇ . شېئىرىيەت ئامىللىرى كېمىيىدۇ ، سىزدە شۇنداق ئۆزگىرىش بارمۇ؟ «ئالىمدەك يۈرەكتە ئالەمچە سۆيگۈ» دەك شېئىرلارنى يەنە ئىجاد قىلالامسىز؟

**جاۋاب:** «ئەقىل ـ پاراسەت ئالەمدىكى مەۋجۇداتلارنىڭ ئۆزئارا پەرقىگە ئېتىبار بەرسە ، ھېسسىيات ئالەمدىكى مەۋجۇداتلارنىڭ ئوخشاشلىقىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ» (يۈگۈۋاگجۇڭ) ، بۇ مەزمۇن بىلەن شەكىلنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ . ئىجادىيەت جەريانى بۇ مۇناسىۋەتلەرنىڭ نەختەنلىشىش جەريانىدۇر . ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ھېسسىياتنىڭ ئاجىزلىشىشى دېگەن بۇ گەپ ئومۇمىيلىقىقا قارىتا ئېيتىلغان . بۇ نىسپىي ئەھۋال ، ھەقىقىي شائىر ، ناۋادا ئۇ تۆرەلگەندىلا شائىر بولۇپ تۆرەلگەن بولسا ، مەڭگۈ شائىر پېتىچە قالىدۇ . يىللار ئۇنىڭ شائىرلىق يۈرىكىگە قورۇق چۈشۈرەلمەيدۇ . فارابى 95 يىل ، نەۋائى 60 يىل ، لېۋ . تولستوي 83 يىل ياشىسىمۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىجادىيەتتىن قالمىغان . ئەقىل ـ پاراسەت ، ھېسسىيات تۈيغۇسىنى يوقاتمىغان . بۇ قانداقتۇر روھىي تەسەللى بولماستىن ، بەلكى مۇنازىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئەمەلىيەت . تېبىبىي ئىلىمنىڭ ئوقۇش ، يېزىش بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىشىنىڭ مېڭە بىلەن سالامەتلىكنى قوغداشتىكى تەڭداشسىز رولى توغرىسىدا ئەمەلىي دەلىل ـ ئىسپاتلارغا ئېرىشكەنلىكى ھېچكىمگە سىر ئەمەس . مەن بۇ جەھەتتە تولىمۇ ئۈمىدۋارمەن . ئىلگىرىكىدىنمۇ ئېسىل شېئىرلارنى ئىجاد قىلىش ئىشەنچىم بار . مېنىڭ روھىي ھالىتىمدە تېخى جۇشقۇن ھېسسىيات ۋە شېئىرىي تۈيغۇدىن مەھرۇم بولۇشتەك ئەھۋاللار كۆرۈلمىدى . ئىلاھىم ، بۇنداق بەختسىزلىكنىڭ ئىشىكى ماڭا قاراپ ئېچىلمىغاي!

**سوئال:** ھازىر پۇل بولمىسا توپلام چىقارغىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتتى . بۇنىڭ شېئىرىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىسى بارمۇ ياكى زىيىنى؟

**جاۋاب:** ھازىر كىتابچىلىق بازار ئىگىلىكىنىڭ خىرىسىغا دۇچ كەلدى . تارقىلىش سانى كىتابلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان بولۇپ قالدى . بۇ قارىماققا قورقۇنچلۇقتەك كۆرۈنگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە ئانچە قورقۇنچلۇقمۇ ئەمەس . ھەممە قەلەمكەش ، ھەممە كىتاب بۇ سىناقتىن ئۆتىدىغان گەپ . ئاخىرى ئىش يەنىلا ساپاغا بېرىپ تاقىلىدۇ . ئوقۇرمەنمۇ تەدرىجىي ئۆزىنىڭ ئوقۇشى ، ھۇزۇرلىنىش ساپاسىنى ئۆستۈرىدۇ . ساپالىق ۋە نەمۇنىلىك كىتابلار يەنىلا بىر مەزگىل باس ـ باس بولۇپ كېتىدىغان كىتابلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىشى مۇمكىن . ھازىر ئازراق زىيان تارتىپ كىتابلىرىمىزنى نەشر قىلدۇرالمىغىنىمىز بىلەن ئۇزاققا قالماي بۇ ھالەت ئوڭشىلىپ كىتاب سىستېمىسى راۋانلىشىپ كېتىدۇ ، دەپ ئويلايمەن . كىتاب نەشر قىلغىلى بولمىسا ۋاقىتلىق مەتبۇئات ، يەنى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىپ تۇرساقمۇ بولۇۋېرىدىغۇ.

**سوئال:** شېئىرىيەتنىڭ ۋەزىپىسى زادى نېمە؟ زوقلاندۇرۇشمۇ ، كۆڭۈل ئېچىشمۇ ياكى تەربىيە بېرىشمۇ؟

**جاۋاب:** شېئىرىيەتنىڭ ۋەزىپىسى ئىنسانلار قەلبىگە مۇھەببەت چېچىش . زوقلىنىشمۇ ، كۆڭۈل ئېچىشمۇ ، ئەخلاقمۇ ئۆز نۆۋىتىدە مۇھەببەتتىن ئىبارەت . بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ، ھايات ۋە دۇنيا مۇھەببەت ئۈچۈن يارىتىلغان . ھايات بىلەن دۇنيا ئاخىرلاشسا ، مۇھەببەتمۇ ئاخىرلىشىدۇ . مۇھەببەت ئاخىرلاشسا شېئىرىيەت ئاخىرلىشىدۇ . بىر ياخشى شېئىر ئالەم بىلەن ئادەمگە مەڭگۈ چاقناپ تۇرىدىغان ئاپتاپ ، تەڭداشسىز گۈزەللىكلەر كۆرسەتكۈچى يارقىن تاڭ . سەزگۈلەر سۈزۈكلۈكىگە تەقاس سۈزۈك ئاسمان ، ئەڭ قىممەتلىك چاغلىرىڭىزنى ئەسلەتكۈچى ناۋا ئاتا قىلىدۇ . سىز مۇشۇ تەركىبلەر ئارقىلىق شېئىردىن زوقلىنالايسىز ، كۆڭۈل ئاچالايسىز ، تەربىيىلىنەلەيسىز.

تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن نۇر**



«ئاقىل» نامىدىكى مۇكاپاتلىق ئەسەر

# ئىككى شېئىر

مۇختەر داۋۇت

## شېرىن خىيال

### 1

جىمجىت ، ئاپئاق ناتىۋان چۈشتەك ،
قانلىرىمغا سىڭسەن ئۈنسىز .
تۈن تارايدۇ ، يۈيۈلىدۇ قان
ئاراچلاردىن قىسىلىپ ئۆتۈپ ،
كىرىپ كەلدىڭ
ۋۇجۇدۇمغا نام ۋە نىشانسىز .

تونۇش ئەمەس ئاۋازىڭ سېنىڭ ،
مۇڭلىرىمنى سۇمۇرمەكتە مەي .
ئۇنتۇلدى بۇندا
مېنى قوينىغا ئالغان ،
جىمجىت دەرەخ ، جىمجىت تاش ئورمان .
كېلەڭسىز ساي سوزۇلۇپ ياتقان
يىڭناغۇچلار پىرىلداپ قاچقان .
سوۋۇپ قالغان تەمسىز تاماقتەك
ئۇنتۇلماقتا ھەممە ھەممىسى .

ئالقىنىڭدا تۈن دەرەخلىرى ،
ئىزدەپ يۈرەر يىلتىزلىرىنى .
سېغىنماقتا باھار ئۆزىنىڭ
رەڭدار ، يەڭگىل ياپراقلىرىنى .

### 2

كۆيگىن جىمجىت ، ناخۇش يۈرىكىم
كۆيسۇن بۇندا كائىنات ، ئاسمان .
پايانسىزدۇر بۇ كۆيۈش دېگەن ،
كۆيۈش قىيىن ، كۆيۈش ئاسان .

نېمە بەردىڭ؟
ۋۇجۇدۇمدا ئەسەبىيلىك قوترايدۇ تىنماي ،
تىنىقلارنىڭ ئۆرۈلۈشىدىن ،
قارىچۇقلارنىڭ سويۇلۇشىدىن ،
بىر لەزىز كۈي قەلبىمگە سىغماي
تاشىدۇ
نىگاھلارنى يالماپ يۇتىدۇ .
سېنىڭ ئاشۇ سوغۇق قانلىرىڭ ،
جاندىن ئۆتۈپ ، جاندىن پۈتىدۇ .

مەۋجۇتلۇقنىڭ ئايان ۋە لېكىن
كۆتەلمەيمەن سېنى زارىقىپ .
سېنى كىشەن دېسەممۇ ، ئەمما
قاچالمايمەن نېچۈندۇر چېقىپ .

كۆلىسەن ،
تۈن دەرەخلىرى
قاراڭغۇ تۈن قوينىغا كەتكەندەك سىڭىپ .
ئۇ ۋە مەن ، ھەم يەنە سەنمۇ بار
شۇ ناتىۋان دەرەخ ۋە كۆلكە
پەشلىرىمگە
كەلمەكتىمىز بىراق ئېسىلىپ .

### 3

ئوخشىمايسەن بۇندا ھېچكىمگە
سۇغا ، تاشقا ياكى دەرەخكە .
يۇمشاق يوتقان ياكى بىر ئۆيگە .
مەڭگۈ تىنچ تۇرغان سۈكۈتكە .
ئوخشاپ قالدىڭ ئەمما مېنىڭلا ،
قەلبىمدىكى مۇڭلۇق بىر كۈيگە .

كىچىككىنە بۇ تاش شەھەردە ،
پەرىزىمچە
سېنى تونۇش چۈشمەس ئاسانغا .
ئوخشاپ قالساڭ نېمە دېگۈلۈك ،
گاھىدا

uyghurkitap.com


قىرغاندا تايىنىدىغان ئاشۇ ھاسامغا .
مىليون يىللار يېزىپ پۈتمىگەن ،
ئاياغلاشماس ئۇزۇن داستانغا .

قەلبىمدىكى مۇڭلىرىم
ئايلانماقتا ماركىغا .
ئۇ ۋە مەن ، ھەم يەنە سەنمۇ بار
خەت يازايلى ھەدە سىڭىل ، ئاكا ئۇكىغا .
تاغ تاشلارغا ، ھەتتا بانكىغا
دەريا كۆللەر ، ئۇلۇغ ئوكيانغا .
كائىناتقا ھەمدە ئاسمانغا .
سوغۇق قانلار ناتونۇش ،
ماركىلارغا ئايلىنىپ
تومۇرىغا سىڭسۇن ھەممىنىڭ .

سېغىنماقتا باھار ئۆزىنىڭ
ئەڭ سۆيۈملۈك يىلتىزلىرىنى .

## ناتونۇش ئايال

سەندىكى لىغىرلاپ تۇرغان شۇ بەدەن ،
ئېرىمەكتە
يۈرىكىمگە شام بولۇپ .
ناتونۇش بۇ تىلسىم ئاراچلىرىدا
كۆيمەكتە يىلنجاپ خىيال ۋە خىيال .
تېنىمدە ئۆمىلەر ئەنە سەكسەن پۈت ،
ئەڭ دەھشەت سادالار ئېلىپ قوينىغا .
بالقىپ كېلەر تىلسىملاردىن يېرتىق ئارالار
پارتلاشقا ئازلا قالغان بىر ماگما گويا .

يۇيۇنۇپ چىقىدۇ سۈكۈنات بۇندا ،
تونۇش ئەسلىمىلەر ھور مۇنچىسىدا .
ئىشىك ، تۆت تام ، پول ۋە دېرىزە ،
كىنايىلىك قارايدۇ كۈلۈپ .
ۋاقىت كۆيەر ۋاقىت ئىچىدە .
تورۇس گويا ئازابلىق بىر تاغ ،
چېچەكلەيدۇ تولغان كۆكسۈڭ توپچىسى
گۈلدەك غۇچچىدە .

ئاي نۇرىدا
يالترايدۇ جىمىكى سۈكۈت .
يالىڭاچلىنار سۈيۈق ئەسلىمە .
ناتونۇش ، ناتونۇش ، مەڭگۈ ناتونۇش.. .
شەھۋەت بوسۇغىسىدا
ھەممە نەرسە ساڭا ئەسلىمە .

قەلبىمدە يېقىنلاپ كەلمەكتە ساڭا ،
گۈل تۇتۇپ تىنىمسىز نۇرانە ئارال .
پەقەت شۇ مەۋجۇتلۇق ، شور باسقان ۋۇجۇد ،
ياشلىق جۇشقۇنلۇقىنى قىلىدۇ قامال!

# شېئىرلار

**قۇربان ئابلىمىت**

## ۋاقىت سىماسى

گۈل بولۇپ ئېچىلدى باھارنىڭ ھۆسنى ،
رېئاللىق ئالدىمدا تۇرار دۈمبىلەپ .
ياغماقتا سىم ـ سىم باھار يامغۇرى ،
يامغۇر قەلبىمنىڭ ئەينەن تەسۋىرى .

ۋاقىت سۆزلەيدۇ ئۇيغۇر تىلىدا ،
تۆت پەسىل باغلىغان پۈتۈم ـ قولۇمنى ،
بۈگۈن ،
يەر شارىنىڭ كۈندىلىك گېزىتى ،
ئوقۇيمەن ئۇنىڭدىن ،
ئۆتمۈشكە ئايلىنىۋاتقان يېڭى خەۋەرنى ،
بۈگۈن ،
غەم دېڭىزدىكى كېمە ،
قۇياش ئولتۇرۇپ ماڭغان غەرىبكە .
مەن يالغانچى
قارشى چىقالمىغان ئۆزىگە .

ۋاقىت ،
خىيالىمدىكى يالىڭاچ بىر تەن ،
كۆزلىرىمگە كۆرۈنۈپ يۈرگەن .

يەتتە قىتئە ،
يەتتە كەتمەن توپا ،
ئېسىمگە كەلدى ئاخىر ئاستا ـ ئاستا .

## كۆزۈمدىكى كىچە

كۆزۈمنى يۇمۇپ قارىسام ،
دۇنيا تولدى قاراڭغۇلۇققا .

دادام ۋە ئانام ،
بەختسىزلىك ئىچىدە تۇرۇپ ،
ماڭا بەخت تىلىگەن .
مەن ،
تەڭ كىلەلمەي ئۆزۈمگە ،
ئۆلۈۋېلىشنى كۆزلىگەن .

قۇياش ،
داغلانغان بىر كۆڭۈلدۇر ،
ئۆتمۈشلىرى تاشقا ئايلانغان .
مەن گۇناھكار بىر بەندە ،
تاش شەھەرگە پالانغان .
ئىزلىرىم ،
يوللىرىمغا سىلىنغان بەلگە ،
ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن ئادەملەرگە .

كىچە ئۇخلاپ قالغاندا ،
قەلىمىم باشلىدى ئىبادەتنى ،
پىچىرلاپ ئەپسانە ـ رىۋايەتنى .

## ياز پەسلى

بىر ھامىلىدار ئايالدۇر بۈگۈن ،
ئەتە ئۈچۈن قورساق كۆتۈرگەن .
ئەتە ،
ئوغۇل ، قىز تۇغۇلۇشنى بىلمىگەن دادا .
ئۆگۈن ،
ئۈچ كۈنگىچە ئىسىم قويۇلمىغان بالا .
توققۇز ئايدا پىشىدۇ بۇغداي ،
توققۇز ئاي ئۈمىدكە ئىپرىشەر دېھقان ،
بىر كۆزى ياش ، بىر كۆزىدە قان .

ياز پەسلى ئۈزۈم پىشقىچە ئىمىش ،
ئۈزۈم پىشماستىن پىشار ياز پەسلى .
كۈن ئۇزارغاندا ،
بارماقلارنى سانايدۇ بالا ،
بىر ھەپتە توققۇز كۈن بولۇپ قالغاندەك .

يىلاندەك ئاپتاپتا ياتقان يوللاردا ،
باللار قىپيالىڭاچ ھالدا ،
بۇغداي ئۈنىدەك يۇمشاق توپىدا ،
لاي ئۆي ،
لاي ئادەم ،
لاي توقاچ ياساپ ،
ۋارقىرايدۇ تونۇش ئاۋازدا .

## ئاخىرقى بىر سۆز

ئوتتۇز ئىككى ياشقا كىرگەن كۈنۈمدە ،
كىتابقا ئايلاندى ئايالىم ،
دۇنياغا كۆز ئاچقان ئوغلۇم كۆزىدە .

پەلسەپە ،
ئوتتۇز ئىككى ھەرپ ،
سىرلىرىمنى بىلىپ قالدى ،
شېئىر يازدىم سوغۇق تەر بېسىپ ،
كۆزلىرىم تۇرقۇمدىن گۇمانلاندى .
تەبىئەتكە قاراپ خىيالچان ،
ساراڭدەك خاتىرجەم ۋارقىرىدىم بىردىن
مەن ساراڭمۇ؟ دەپ ،
سورىيالمىدىم لېكىن ھېچكىمدىن .

## رۇبائىيلار

### ئابلىمىت مۇھەممەت (ئەمىن)

**1**

ئەلەمدىن تاش كەبى قاتقاندا بېشى ،
ھال ـ مۇڭغا ئېھتىياج بولۇر ھەر كىشى .
بۇ ھالغا باب كەلمەس ھەممىلا ئادەم ،
تۆگىنىڭ مازاردا نە بولۇر ئىشى .

**2**

سېنى ھېچ مېھماندەك كۈتمەس بۇ جاھان ،
قازاننىڭ قۇلىقى تۆتتۇر بار قايان .
تەلمۈرۈپ كىشىدىن رىزقىڭنى كۈتمە ،
تېپىپ يە بولسىمۇ ھەتتا بۇردا نان .

3

گۈللەرمۇ خۇش پۇراق چاچماس چېچەكسىز ،
نە هاسىل گەر كىشى بولسا تىلەكسىز .
قويۇپ باق ئۆزۈڭگە ۋىجدانىي سوئال ،
قاي قوغۇن ئوخشىغان تەرسىز ـ پىلەكسىز .

4

كىشىنىڭ تونىدا تەرلىمە ھەرگىز ،
جاھاندا كۆپ نەرسە ئەمەس مىننەتسىز .
ھەر نەرسە تاپماقنى مېھنەتتىن ئىزدە ،
كىشىدىن نان سوراپ ئاچمىغىن ئېغىز .

5

ھاياتتا ئىزدىسەڭ بولماقنى ئەزىز ،
كىشىگە كۆكسۈڭنى تار قىلما ھەرگىز .
ھەسەتنىڭ جامىدا مەي ئىچىپ يۈرسەڭ ،
بولۇرسەن كۆزدىكى خەستەك قەدىرسىز .

6

پۈتلىدىڭ پۈتلاشتىم يىقىلدىم يەرگە ،
سەن ئەمەس، سۇنۇقچى ئېرىشتى نەپكە .
ئۆلمىدىڭ نومۇستا ئۆزۈڭنى بىلمەي ،
ئەل ساڭا تاشقىنىدەك كەلسە غەزەپكە .

7

ھارامدىن يەپ ـ ئىچتىڭ، ئاقاردى بېشىڭ ،
كۆپ ئىشقا غۇلغۇلا بولدى بۇ ئىشىڭ .
خورلۇقنىڭ دەردىنى تارتتىڭ ئاخىرى ،
قېرىلىق يەتمەستىن تۆكۈلۈپ چىشىڭ .

8

زېمىننى باسار تۇن قۇياشمۇ پېتىپ ،
تەبىئەت ھۆسنىگە قارا خال چېكىپ .
بىلەرمىز بۇ ھالنى ، لېكىن بىلمەيمىز
قايسى كۈن تۇپراقتىن قالارمىز كېتىپ .

9

بىر ئەدىب ئۇستازنىڭ يۇمۇلدى كۆزى ،
كېمەيدى ئىلىمنىڭ نۇرلۇق يۇلتۇزى .
قالمىدى ئۇنىڭدىن زېمىن ۋە بايلىق ،
ۋە لېكىن ئەۋلادقا قالدى زەر سۆزى .

10

ئاغزىدىن چۈشمەيدۇ مەنمەنلىك گېپى ،
بار ئۇندا خېلىلا ماختاشنىڭ ئېپى .
گاھىدا كۆرەڭلەپ سىغماس قېنىغا ،
ۋە لېكىن چالغىنى ئۆزگىنىڭ دېپى .

11

ئۆمۈردۇر مىسالى ئۆتكۈنچى بۇلۇت ،
ۋە ياكى ھاۋاغا لەيلىگەن بىر دۇت .
ئەجەلنىڭ ساقىسى تۇتقىچە مەينى ،
ئۆتۈنەي دوستلىرىم بولمايلى بىخۇت .

## روھ قەسدىسى

### ئالىمجان قۇدرەت

قۇرۇپ كەتكەن چەكسىزلىك ئارا ،
سەن يېگانە ياپيېشىل ئارال .
قاغجىرىغان تېنىم ئىستەيدۇ ،
يىقىلماقنى باغرىڭغا دەرھال .

ياپراقلىرىڭ نازۇك شىۋىرلاپ ،
پاكلىقىڭنى قىلماقتا بايان .
سايە تىلەپ تەنهالىقىمغا
مەن يېنىڭغا كەلدىم ئەي جانان .

تاشلىۋەتتىم غەم ۋە تەشۋىشنى ،
بېرەلمەس ئۇ ئۇسسۇزلۇق ماڭا .
ئىزىم بويلاپ كەلگەن تەنهالىق ،
ئۇنتۇلىدۇ يەتكەندە ساڭا .

# سالام قۇياش

رەيھانگۈل ئاۋۇت

سۇبھى پەيتى سۆيۈپ ئۆتەر ،
كەچ كىرگەندە كۆرۈپ كېلەر ،
تاغلىرى بار، باغلىرى بار ،
گۈل بەرگىدە ئىزلىرى بار
سالام قۇياش، سالام قۇياش !

پويىز بىلىتى ئالمىسىمۇ ،
كانىكولنى كۈتمىسىمۇ
تەڭرىتاغقا نۇرىن سېپىپ
قۇملۇقلارغا مېھرىن بېرىپ
ئۆز ئېلىدە ئەگىپ ، ئەگىپ
يورۇش نېسىپ بولغان قۇياش .
ساما شوڭا ئۇلۇغ ئىكەن

بەرگەچ ساڭا تەخت سېلىپ .
ئېقىپ كەتتى قۇرلىرىدا
ياستۇق بولغان كىتابىمنىڭ
چېكىتىسىمان ئانام يېشى
چۈشلىرىمگە پاتماي قېلىپ .
قۇلىقىمدا ئۇكام ئۈنى :
«كېلە ئاچا ئوينايمىز» دەپ .
لەۋلىرىمنى كەتتىم چىشلەپ
يىغلىۋەتكۈم كېلىپ ھۆكىرەپ .
بەك سېغىلدىم ئۆگىنىشتىن
ساراڭ بولاي دېدىم چارچاپ
غەمگە ئەسرار مەسۇمەدىن
بىزنىڭ ئۆيگە سالام قۇياش .

# شېئىرلار

مۇنەۋۋەر مۇختەر

## ئېيتىلمىغان سۆزلەر

— سۆزۈم بار دەيسەنۇ، لېۋىڭ يۇمۇقلۇق ،
ئاڭلانماس بىر تىۋىش، قەلبىمدە گۇمان .
گۇگۇمنىڭ ئاخىرقى تىنىقلىرىدىن ،
ئۈزۈلۈپ چىقماقتا قورقۇنچۇم ئاستا ،
بولدى بەس، يولۇمنى توسمىغىن ئەمدى ،
دوستلۇقنىڭ سەۋرىنى يۇتمىسۇن تۇمان!

— سۆزۈمنىڭ كۆپلۈكى بەرھەق راست بىراق ،
بارچە سۆز بوغۇزغا كەپلەشتى بۇ دەم .
لېۋىمنىڭ تىترىكى بىسلماي ئەجەب ،
كۆزۈمگە سىڭمەكتە ئالەمچە ئەلەم
ئېيتىشنىڭ تەسلىكى — ھېسنىڭ چىنلىقى ،
ئەتراپنىڭ جىملىقى — سۆزنىڭ جىقلىقى...
نېمشقا چۈشەنمەي قالسەن قېيداپ؟
توختىغىن، كەتمەككە تاشلىما قەدەم...

— سۆزۈم بار ساڭىمۇ، بىلەرسەن بەلكىم ،
ھەر زامان دىلىمدا يادلىنار خەلقىم ،
ئارمىنىم كۆلىمدى، يولۇم ھەم ئۇزاق ،
ئەقلىمنى بۆلۈشتىن مەن تېخى يىراق .
شۇ سەۋەب يول بەرگىن، سۆزلىمە زىنھار
غايەمدە ياشاي مەن تاپاي ئۆز ئەركىم...

— بىلىمەن، ئۆزۈمنى تۇتالماي ئەستا ،
قىزارغان يۈزۈڭدىن ئىزدىدىم مەنە...
ئارمىنىڭ مېنىڭمۇ ئارمىنىم ئەسلى ،
قاراپ باق يولۇڭغا، ئىزىممۇ ھەم بار .
ساقلاشنى ئۆيلىغان سىرىمنى مەڭگۈ ،
چىدالماي قالدىمغۇ كۆيۈككە ئەمما .
كەچۈرگىن، سورايمەن پەقەت بىر سوئال ،
كۈتەمسەن ئاخىرقى مەنزىلدە مېنى؟
ياشلىقتىن ـ سۆيگۈمدىن تامدۇرسام ئەجىر .
ماكانىم بولارمۇ بىزگە كەڭ سەينا؟...

— ۋاقتىنىڭ قۇغدىرتى بەرگۈسى جاۋاب ـ
ھەممىگە، ئالدىراش تەنتەكلىك خالاس ،
دىمەيمەن كۆڭلۈڭنى ماڭا بەر پۈتۈن
يۇرتۇم دەپ كۆيسەڭلا ھەممىدىن ئاۋۋال
كۈتمەن دىيىشمۇ بىھاجەت ئاڭلا
مۇھەببەت كۆزۈمدە تاپقۇسى كامال!

— بىرمۇ سۆز قىلمىدىم، سەنمۇ ھەم شۇنداق ،
ۋە لېكىن سەزگۈمىز سىرداشتى پىنھان...
كەل جانان، قولۇمدىن قاچۇرما قولۇڭ ،
گۈگۈمنىڭ ئاخىرقى تىنىقلىرىدىن ـ
ئوت كەبى چىقماقتا كۈچلۈك ھاياجان!!!

— ئۆتۈنەي، كېتمەن ئۇزاتما مېنى ،
قويۇۋەت قولۇمنى قالىمەن رەنجىپ!
تىمتاسلىق ئىچىدىن غايەم ئۈندىشى
قەلبىمنىڭ پېشىنى كەلمەكتە كېچىپ!

* *

بۇ شۇنداق بىر سۈرەت ـ تاتلىق ئەسلىمە ،
ئېيتمىغان سۆزلەردىن بارمىدۇر يەنە؟
قىز تەمكىن يىگانە كېتەر يىراقلاپ ـ
سىڭىدۇ يىگىتنىڭ مۇڭلۇق چۈشىگە...
ئىجتىھات بەيگىسى چالىدۇ سىگنال
ئېھتىمال ساقلايدۇ ئۇلارنى بۇ تۈن
يىللارنىڭ مەڭزىدىن تاكى ئۆچكىچە...

## يازنىڭ ئاخىرقى كۈنى

قەدىم سىما — قەدىم بۇلاق بويىدا يالپۇز ،
ئالىلقاچان بېلىقلارغا يەم بولغان نىدا...

يىراق ـ يىراق پىچىرلاشتىن ھالقىغان كېچە ،
سوغۇق ياشنى ئۆز قوينىغا تۆكىدۇ جىرا...

سەھەر چۈشى ئۆكسۈيەلمەس غايىب سادادا ،
مۆكۈشمەكتىن زېرىككەندۇر سەزگۈر ئېھتىمال .
يىرتىلغان بەت پارچىسىغا ئوخشايدۇ ئەجەب ،
تۈن بەرگىدىن نىگاھىمغا ساقىغان ھىلال .

خاتىرەمدە كۈلگەي يازنىڭ ئاخىرقى كۈنى ،
ئۇ بىر مۇسبەت — مەڭگۈلۈكتىن شۇنچە ئۇزاقتا
كۈز مەپىسى باشلاپ كېتەر ئېزىققان نۇرنى ،
مەن قالىمەن ئىلتىجانى سىلكىپ بۇ ياقتا...
ھەسرىتىمدە ئۇخلار يازنىڭ ئاخىرقى كۈنى ،
ئۇ بىر كەمسۆز ياۋاش ئۆزلۈك ماڭا بەك يېقىن ،
كۈز خوشلۇقى باشلاپ كېتەر سەرگەردان قۇشنى ،
مەن قالىمەن بولۇپ شۇنداق—
مۇڭلۇق بىر چېقىن!

قەدىم يارا — قەلئەلەردىن قالغان بىر كېسەك ،
ئالىلقاچان بورانلاردا يوقالغان ئۈنسىز...
كەچمىشلەردىن ، قىسمەتلەردىن ھالقىغان مەستلىك
ئەتە بىلەن مۇڭدىشىدۇ ھارغىن بۇگۈنسىز .

نامازشامگۈل ئېچىلغان شۇ خىلۋەتلىكىمدە ،
گۈگۈم تۈسى ئۆزگىرىدۇ ئويچان كۈلۈشكە .
يىرتىلغان تۈن يوشۇرالماي يۇلتۇزلىرىنى ،
بەلكىم كېتەر تاغ كەينىدە جىمجىت ئۆتۈشكە!

كىرپىكىمدىن تامار يازنىڭ ئاخىرقى كۈنى ،
ئۇ بىر پاكلىق — مەغرۇرلۇقتىن باشلانغان تامام .
كۈز غەلۋىسى باشلاپ كېتەر شەبنەملىرىمنى ،
مەن قالىمەن سەپىرىمنى قىلماققا داۋام!

## رېئاللىقنىڭ يان كۆرۈنۈشى

### ئابدۇكېرىم ئەبەيدۇللا

خۇشاللىقتا يۈرەر ئادەملەر ،
ئۇنتۇلماقتا ماڭغان يوللىرى .
قەۋەت ـ قەۋەت ئېگىز بىنالار ،
شادلاندۇرار، قايدۇرار باشنى .

مەن بىر چەتتە يوچۇن كۆز بىلەن ،
سەپسالىمەن ئەتراپقا غەمكىن .
قەلبلەرنى قاپلاپتۇ تۇمان ،
كۆرۈنمەيدۇ ھېچكىشى تەمكىن .

ئۇزۇن ـ قىسقا يوپكا كىيىشىپ ،
توپ ـ توپ قىزلار يۈرەر شادىمان .
ۋاقىت بۇندا مەسخىرىلىك كۈلۈپ ،
يىراقلارغا بولماقتا راۋان .

تانسىخانا كەتمەكتە قىزىپ ،
ئىشرەتلەردىن سىلىپ داستىخان .

توپا بېسىپ تۇرار كىتابلار ،
ئوقۇپ چىقىش بەرمىگەچ ئىمكان .

ئازابلارغا بولۇپ مەن غەرق ،
ئۆز ـ ئۆزۈمگە ئوقۇيمەن لەنەت .
ئەرۋاھ كەبى يۈرەر ئادەملەر ،
يوق ئۇلاردا ئۆكۈنۈش پەقەت .

# ئىككى شېئىر

## تۇرسۇننىياز توختى ئوغۇز

### كېچىدە قايتىش

جىلمىيىدۇ سۈكۈتتە خىيال ،
بارماقتىمەن ياتاققا يالغۇز .
قۇشلار ئۆلگەن... كۆكتە ھەم بۇندا
ئوخشاپ قالغان تاشلارغا يۇلتۇز .
مۇڭداشسىراپ كەتتىم شۇ قەدەر
تەقىپلەنگەن قۇشمەن ئىچىمدە .
بۇندا ئىشىك، دېرىزە، يۈرەك
بەكمۇ مەھكەم قويۇلغان تاقاپ .
يۇلۇپ سىلىش مۇمكىن كېچىنىڭ ،
چاچلىرىدىن تۇتقانچە قاماپ .

بارماقتىمەن ياتاققا .
شۇندا ـــ
بەربىر تۈن باسقان ئۇ يەرنى ،
قەلبىمدىن كۆپ يىراقتا بىر ئۆي ،
بەلكى ئېچىپ قويۇلغان كەڭرى .

### سۆيۈش جىلغىسى

تىترەيدۇ كىرپىكىم ئۇچىدا بۇ تۈن ،
شۇقەدەر تەنھالىق ئۇزەر يوللاردا .
يالقۇندەك پارلىنىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆز ،
مەڭگۈلۈك قۇش بولۇپ ئۇچار قېنىمدا .

سۈكۈتكە كۆمۈلۈپ تۇرار دەرەخلەر ،
ياش بولۇپ ئاقماقتا ھىلالنىڭ تېنى .
ۋۇجۇدۇم سېغىنىپ تۇرماقتا بۇدەم
ئېھ، تېنىڭ يېرىلغان چەكسىز كېچىنى .

سەن يېقىن شۇقەدەر ،
ھەم يىراق شۇنچە
يالقۇنلار مەۋجىدە تۇرىسەن كۆيۈپ .
ئەگەر سەن چۈشۈمگە كىرمىسەڭ روھىم ـــ
سەھەردەك قان قۇسۇپ كېتىدۇ ئۆلۈپ .

تىترەيدۇ دەرەخلەر، يوللار ۋە ۋاقىت ،
تەنھالىق تولىمۇ سوزۇلغان يىراق .
ئەۋجىمدە نۇر بولۇپ سەنكى، مەلىكەم
كۈمپەيكۈم تۈنىمگە ياقىسەن چىراغ...!



تەھرىرلىگۈچى: **پولات ھېۋزۇللا ، ئەركىن نۇر ، ئەكبەر سالىھ**



# سالام، ئەي تۇرمۇش

(نەسرلەر)

بەگمەت يۇسۇپ

ئاپتور بەگمەت يۇسۇپ 1964 ـ يىلى 12 ـ ئايدا قۇمۇل شەھىرىگە قاراشلىق قارادۆۋە يېزىسىدا تۇغۇلغان . 1987 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ ، شىنجاڭ نېفىت مائارىپ ئىنستىتۇتىدا ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولغان . 1989 ـ يىلى 11 ـ ئايدا قۇمۇلغا يۆتكىلىپ كېلىپ تاكى 1992 ـ يىلى 10 ـ ئايغىچە قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانىسىدا مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى ، قەدىمكى ئەسەرلەر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان . 1992 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 1995 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچە سىياسىي كېڭەش قۇمۇل ۋىلايەتلىك خىزمەت كومىتېتىدا تەرجىمان ، كاتىپ ، قۇمۇل تارىخ ماتېرىياللىرى تەتقىقاتچىسى ، قۇمۇل ۋىلايەتلىك مۇتەخەسسىس ، مەسلىھەتچىلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ كاتىپى ۋە «تەقدىرداش» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن . 1995 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن بۇيان «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىراتىنىڭ باشلىقى ، باش مۇھەررىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ كەلمەكتە.

بەگمەت يۇسۇپنىڭ 1994 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «يىراقتىكى تەبەسسۇم» (شېئىرلار توپلىمى) ۋە نەشرگە تەييارلىغان «قۇمۇل مۇقاملىرى ھەققىدە» (ماقالىلەر توپلىمى) قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان . «ئويغاق ئەۋلاد» ، «ئوتلۇق تىلەكلەر» ، «قەشقەردىكى بەر شارى» (خەنزۇچە ، ئۇيغۇرچە) ، «سۆيگۈ تۇغقان خىياللار» ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكى (3 ـ قىسىم) قاتارلىق كىتابلارغا ئەسەرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن . «قۇمۇل بوستانلىقىدا بەزمە» ، «قوغۇن يۇرتىغا مۇھەببەت» ، «قۇمۇل قوغۇنىنى تېتىپ كۆرۈڭ» ، «كۆكلەم ناۋاسى» ، «قوغۇن يۇرتىدىكى مەرىپەت بۇلىقى» ، «بەختلىك بىر ئائىلە مۇقامچىلار» قاتارلىق تېلېۋىزىيە بەدىئىي سەنئەت فىلىمى ۋە مەخسۇس فىلىملىرى تېلېۋىزور ئارقىلىق كەڭ جامائەتچىلىككە سۇنۇلغان . «قۇمۇل مۇقاملىرى بىلەن دولان مۇقاملىرىنىڭ ئوخشاشلىقى ۋە پەرقى» ، «قۇمۇل مۇقاملىرى ھەققىدە ئومۇمىي بايان» ، «قۇمۇل خەلق داستانلىرىدىكى تراگېدىيە ئېڭى» ، «قۇمۇل سۆيگۈسى» قاتارلىق بىر قىسىم ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئەسەرلىرى مەملىكەتلىك ، ئاپتونوم رايونلۇق ۋە ۋىلايەتلىك باھالاش ، مۇكاپاتلاش پائالىيەتلىرىدە 1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.

ئۇ ، قۇمۇل خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە مۇقاملىرى تېكىستلىرىنىڭ قامۇسى دەپ ئاتالغان چوڭ ھەجىملىك كىتاب «قۇمۇل نەزمىلىرى»نى توپلاش ، رەتلەش ، نەشر قىلىش خىزمىتىگە قاتناشقان . يېقىندا ئۇنىڭ «نادان مۇخلىسلار» ناملىق 3 ـ كىتابى (نەسرلەر توپلىمى) شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ.

بەگمەت يۇسۇپ ھازىر جۇڭگو مىللەتلەر تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ، جۇڭگو يېڭى دەۋر ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى . شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ۋە شىنجاڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى . قۇمۇل ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.

## ئۆزۈمنىڭ پرىنسىپى

بوغداغا بېرىلگەن سەلتەنەت باغداشتا يوق ، باغداشتا بار خىسلەت سەرۋەڭدە يوق . سەرۋەڭنىڭ سېرىلگەن باغرىغا تۆمۈر چوققىسى ، پامىر ئېتىكى سۈكۈت قىلىپ تۇرغىنى تۇرغان . بۇ كۆرۈنۈش ماڭا تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بىر ھېكمەتنى ئاتا قىلدى . مەن ئۆزۈمگە ئىگە بولالىدىم ، باشقىلار ماڭا ئىگە بولدى ، مەن ئۆزۈمنى تاشلىۋەتتىم ، باشقىلارمۇ مېنى تاشلىۋەتتى . باشقىلارغا بېرىلگەن ھوقۇق تولىمۇ قىزىقارلىق تۇيۇلدى ، قىزىقتىمىۇ ، ھېچ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمىدىم . تەقلىد قىلماقچى بولدۇم ، ئەقلىم لال بولدى . ئەقلىم لال بولغانسېرى ئىزدىنىپ كۆردۈم . بۇ مەندىكى ئاجىزلىق ئىكەن . كۈچلۈنۈش كۈن تەلەپ قىلىشقا باشلىدى ، شاماللار دىمىغىمنى قىسىپ ، تولىمۇ ئەگمە تۈيغۇلار ئۆمۈچۈك تورىدەك كۆزۈمگە تىقىلدى . مەن ئورنۇمدىن دەس تۇردۇم ـ دە ، ئەتراپىمغا ئاتلانماقچى بولدۇم . كۆڭلەر ئۆتمەكتە ، ئىشلىرىم ئۆزۈم تەرىپىدىن ئورۇنلىنىپ كەلمەكتە . بىلدىم ، بۇ مەندىكى كۈچ ـ قۇدرەت ، بىراق ئورۇنلاش نەقەدەر ئاددىي پەللە ـ ھە!

مۇكەممەللىك بايرىقى ئەڭ ئېگىز چوققىدا لەپىلدىمەكتە . ئۇ قۇياشقا ئوخشاش ھەممە ئىگە بولغۇچىلارغا نەپ ۋە نۇر يەتكۈزۈشى كېرەك . ئەسىر ھالقىغان يوغان دەرەخقە نەزەر تاشلىدىم ، ئۇ ئۆزىدىكى ئېگىلمەس ـ

سۇنماس كۈچ ـ قۇدرەت بىلەن ئانا تۇپراقنىڭ باغرىنى باغاشلاپ تۇرماقتا . نەچچە يۈز يىللاپ ، ھەتتا نەچچە مىڭ يىللاپ ھاياتلىق كۆۋرۈكىدە سىنالغان بوغدا ، باغراش ، سەرۋەك ، تۆمۈر چوققىلىرىغا نەزەر تاشلىدىم ، ئۇلارنىڭ بېشى كۆككە يەتكەن بولسىمۇ ، ئانا تەبىئەتنىڭ قوينىدا ئۆز سەلتەنەتلىرى بىلەن بىر ـ بىرىدىن ئۈستۈنلۈك تالاشماقتا . بىراق ئۇلار بىزنىڭ نەزىرىمىزدە قانچىلىك ئۇلۇغ ئەھمىيەتكە ئىگە . خاتا دېدىم ، سەلتەنەت تالاشقۇچىلار ئۇلار ئەمەس ، ئۆلۈمنىڭ باغرىدا ياشاپ ، ئۆلۈمنىڭ باغرىغا نەزەر تاشلىغۇچى بىز . ئۇلارنى ئۇلۇغلىغۇچى ياكى يەكسان قىلغۇچى يەنىلا بىز . مەن ھەقىقەتنىڭ ئىككىنچى پەلەمپىيىگە چىققاندەك بولدۇم ۋە ئۆز ـ ئۆزۈمگە سۆزلەشكە باشلىدىم:

چۈشكۈن كۆز ياش سىلجىشىنىڭ تەسەللىگۇچىسى ئەمەس.

تىنچ ـ خاتىرجەملىك ھاياتنىڭ مەنە ۋە مەقسىتى ئەمەس.

بىردەملىك بەخت ياشاشنىڭ گۈلتاجىسى بولالمايدۇ.

قاتتىق خۇشاللىق — زېرەكلىكتىن ، تەمكىنلىكتىن ، ئەقىل مۇكەممەللىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

قانائەتسىزلىك گۇناھنىڭ كەينىدىكى ساۋاب.

ئۇزلۇكسىزلىك مەڭگۈلۈك چاقىرىق.

خەلقىم ۋە چەكسىز ئەتراپ ھەر ۋاقىت كۆز ئالدىمدا ، نۇسرەت قۇچقان مەن ھامان سىلەرنىڭ!

## تاغ پاقلىنى

بىزگە نېسىپ بولغىنى بىردەملىك ھۇزۇر ، لېكىن ئۇلارنىڭ يولۇققىنى ئۆمۈرلۈك ئازاب . ئاھ ، نەقەدەر ئادالەتسىزلىك ـ ھە! يۈرەك شاملى كەيپىمنى ئۇچۇرماقتا . ئاجىزلار يىغلاۋاتقان چاغدا كۈچلۈكلەرنىڭ ھەسرەت بىلەن نېمە كارى . كۆلكە شادىمان جاھاننىڭ ۋاڭ ـ چۇڭلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن ، ئىلتىجا ، ئۈنتۇنۇش ، تىلەك دېگەنلەر تەپەككۇر دەپتىرىمنىڭ بىر قۇرىغا يېزىلغان چاغدا نەرە تارتقانلىرىم نە كار قىلسۇن . بىز قۇياشنىڭ كۈچلۈك ئاپتاپلىرىدىن قورقۇپ ، تاغنىڭ تەبىئىي شامالىرىنى ئىزدەپ يايلاقلاردا يايلاپ يۈردۇق . تاغ پاقلىنى پىشتى ، بىز ئۆز رىئاللىقىمىزغا قايتىپ كەلدۇق . مەن قاچاندىكى ھەربىر بۇردا گۆش ئۇچۇن ئېچىندىم ، ئاشۇنداق يارالمىش بۇ تەقدىرگە تەنبىھ بەرمەكچى بولدۇم . بىزنىڭمۇ مەسۇم چاغلىرىمىز بولغىنىغا ئوخشاش ھېلىلا پىچاق ئالدىدا جان بەرگەن بۇ مەسۇمە جانلارنىڭمۇ نەقەدەر شېرىن ئىستەكلىرى بولغىيتتى ـ ھە! شۇنداق ، نەقەدەر شېرىن ھايات بىزنىڭ بىر كۈنلۈك نەپسىمىز ئۈچۈن قۇربان بولغان مىنۇتلاردا ئاسمان كەڭ كۆرۈنگەن بولغىيمىدى . ياق ، يەر يەكسان بولغاندەك بىر دەملىك خىرقىراش ، شۇنىڭ بىلەن ھەممە تامام . بىز داۋاملىق ياشىدۇق ، داۋاملىق كۈلدۇق ، داۋاملىق ناخشا توۋلىدۇق . تۇجۇپىلەپ غاجالغان يۇمران سۆڭەكلەر پاكار ـ پاكار ئۆسكەن تاغ ئوتلىرى ئىچىدە تاشلىنىپ قالدى . ئۇلار بىزگە ئىبسىلماقچى بولاتتى ، بىراق پارچە ـ پارچە بولغان بىر جان ئاللىبۇرۇن ئۆزىنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارىنى يوقاتقانىدى . ئانا ئالدىدا ئەركىلەپ ، قىيغىتىپ ، مەرەپ ، ئۆز تىلىدا ناخشا ئېيتقان تاغ پاقلىنى ئەمدى كەلمەسكە كەتتى . ئۇ ، بۇ دۇنيادا شۇنچىلىكلا ياشىيالىدى ، ئۇ ، بۇ دۇنيادا شۇنچىلىك ياشاشنىلا ئارزۇ قىلالىدى ، ئۇ ، بۇ دۇنيانىڭ پەقەت ۋە پەقەت شۇنچىلىك ئىكەنلىكىنىلا بىلەلىدى . ئۇ ئىنسانلارغا ئوخشاش ئوقۇيالىغان بولسا نېمىلەرنى ئوقۇيتتىكىن ـ ھە؟! ئۇ ئىنسانلارغا ئوخشاش يازالىغان بولسا نېمىلەرنى يازاتتىكىن ـ ھە؟! ئۇ ئىنسانلارغا ئوخشاش يارىتالىغان بولسا نېمىلەرنى يارىتاتتىكىن ـ ھە؟! دەرۋەقە ، بىز بىر كۈنلۈك ئارزۇلارنىڭ يېرىمىنى يەۋەتتۇق ، يېرىمى بولسا ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كەتتى . بىز ھەربىر كۈندە ئەنە شۇنداق ياشىماقتىمىز ، كۈچى بار بىلەن كۈچى يوقنىڭ ، دىتى بار بىلەن دىتى يوقنىڭ تەڭپۇڭسىز ھالەتتىكى بۇ زىددىيىتى يېرىم ياشىغاندەكلا ئىبلىپ كېتىدۇ ئاخىر!

پاقلان ، تاغ پاقلىنى ، سېنىڭ تاغدەك تاغلىرىڭ قېنى؟ سېنىڭ قوچقارغا ئايلانغان چاغلىرىڭ قېنى!؟

## چېقمچىنىڭ چاقچىقى

چېقمچى نائىنساپ ئىنسان.

غەيۋەت قۇشلىرى كۆكۈل شاخلىرىڭغا قونغاندا تىل تارىلىرىڭ سايراپلا كېتىدۇ ، ئۇ سەن ئۈچۈن شۇ قەدەر نەۋراھەت ، شۇقەدەر غەنىيمەت ، ھېس ، مەقسەتلىرىڭ ئۈچۈن تولىمۇ ئەۋزەل پۇرسەت.

سەن ئىشكىنى يېنىڭ چېكسەن ، ئىجازەت بوسۇغىسىدىن بېرىلگەن داغدام يولۇڭدا بەللىرىڭ نەچچە پۈكۈلۈپ ، جىلۇگەر كۆزلىرىڭدە خۇشامەت نۇرلىرى چاقنىغاندا باشلىق ساڭا شاھەتەك ، سەن باشلىققا ئالىي مەسلىھەتچىدەك نامايان بولسەن . قوڭۇڭنى قويارغا يەر چېقمىغانلىقى بىلەن كارىڭ يوق ، يانىڭ دەستىدەك قەددىڭ بىلەن تۇرغىنىڭ تۇرغان.



TANGRITAG LITERATURE

ــ كۆردىلەرمۇ تەقسىر ، جانابلىرىنى ياد ئېتىپ ، جانابلىرىنىڭ ئارزۇسىنى يەپ ، جانابلىرىنىڭ سايىسىدە سۇ ئىچىپ يۇرگەنلىرىمنى ئەسلەپ تۇرغىنىمدا ، تۇرغۇن تۇرغاقنىڭ ئۆزلە ھەققىدىكى جۆيلۈشلىرى غەزىپىمنى نەچچە گەز ئۆرلىتىۋەتتى . ساداقىتىمنى بايراق قىلىپ ، «جېنىم پىدا» دېدىم ـ دە ، ئىچ ـ ئىچىمدىن ئۆرتىنىپ دۈشمەن بىلەن بىر قەپەس ئىلىشقۇم كەلدىيۇ ، يەنىلا پەيلىمگە هاي بېرىپ توختاپ قالدىم ، بىراق غەزىپىم زادىلا ئىچىمگە پاتمىدى . يەنىلا ئۆزلەنى ئەھۋاللاردىن خەۋەردار قىلىپ قويۇشنى لايىق تاپتىم... نېمە دېدىلە... ئەلۋەتتە ، يامان گەپتە... يامان بولغاندىمۇ جانابلىرىنىڭ تاغدەك نام ـ ئىززەتلىرىگە ، ئاسماندەك سۇزۇك ئوبرازىغا ، ئالتۇندەك ئىستىقبالىغا ئەشەددىي تەسىر قىلىدىغان گەپ . مەن چىدايتتىممۇ ، چىدىمىدىم ، چىدىمىغىنىم ئۈچۈن غەزەپلەندىم...

تەلىيىڭ ئۆچكۈر كەلدى ، توقۇلمىلىرىڭ تىكىش تاپتى . ھەممىگە بىر تەرەپلىمە قارايدىغان بۇ جانابىي باشلىقنىڭ زەھەرلىك قولى بىلەن «دۈشمەن» كۆڭۈلدىكىدەك زەربە يېدى . دۈشمەن دېدىممۇ ، بۇ سېنىڭ ئاتالغۇڭ ، بىر ياخشى ئىنسان ئادالەتسىز ھەققانىيەتنىڭ قولىغا ، قۇربانىغا ئايلاندى.

* *

بىز بىللە تۇغۇلمىغان بولساقمۇ بىللە ياشىماقچى بولۇشتۇق . سەممىمىي دوستلۇق نەقەدەر قەدىرلىك ـ ھە! بىراق ئېسىل رەختكە نائۇستا تىككۈچىنىڭ قايچىسى تەگكەندەكلا بىر ئىش بولدى . مېنىڭ ئۇ دوستۇم كالتە پەم بولغىنى بىلەن تولىمۇ ئاق كۆڭۈل ئىدى . سەن تەكەللۇپسىز موللىدەك ئارىغا قىسىلىپ بىر سەپكە ئۆتمىگەن بولساڭ ، ئارىمىزغا سۇخەن ئۇرۇقىنى چاچمىغان بولساڭ ، چاچقاندىمۇ سامانىڭ تېگىدىكى سۇدەك ئۇستىلىق ئىشلەتمىگەن بولساڭ قەدىرلەپ كەلگەن دوستلۇق سېپىمىز بۇنچە ھەرەجلىك بولمىغان بولاتتى . بىز سېنىڭ ھىيلىگەرلىكىڭنى كېيىن بايقىدۇق ، «يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام» ـ دەل سەن ئۈچۈن ئېيتىلغان بولغىيتتىمىكىن . «ھەقىقەت ئېگىلدى ، سۇنمىدى» سېنىڭ شەرمەندە ئەپتى ـ بەشىرەڭ ئاشكارىلانغاندا ئۆز ـ ئۆزۈڭنى ئاقلاش ئۈچۈن «چاقچاق» دەپ تۇرۇۋالدىڭ . «چاقچاق» چېكىگە چىققاندا «تاش ئېرىپ قۇم بولدى ، سۇ قېتىپ مۇز بولدى».

* *

كېچىلىرىڭ ئارامسىز ، چۈشلىرىڭ غۇۋا ۋە مەنىسىز بولدى . قوشنىلار ، قوۋملار ئارا ئىناقلىق چەكسىز ئېپتىخارلىق ئىش دېيىلىۋاتسا كۆز ياشلىرىڭ تۆكۈلۈپلا قالدى . يۈرەكلىرىڭ زەرداپ بولۇپ ، ئۆپكىلىرىڭ تەتۈر ئۆرۈلۈپ كېتىدۇ . ئادىمىيلىك چىرايىڭ دىرىلداقتەك تىترەپ ئالۋاستىدىن پاناھ تىلەيسەن . شەيتان ساڭا ھەمراھ.

«بىر قۇدۇقنىڭ سۈيىنى يەتتە ئۆيلۈك ئىچمىسە ھارام» دەيدىغان ئىناقلىق تەشەببۇس قىلىنغان بۇ ھېكمەت ساڭا يات ، نىزانى دەسمايە قىلىپ ياشاۋاتقان سەن ئۈچۈن بۇ نەقەدەر قورقۇنچلۇق ـ ھە! قوشنىلار ئارا زىددىيەت ئۇرۇقىنى قانداق چېچىش ھەققىدە باش قاتۇرۇپ ، ھىيلە ـ مىكىر پىلانلىرىنى تۈزۈپ ئاخىر مۇرادىڭ ھاسىل بولدىغۇ سېنىڭ . كۈندە بىر قېتىم ئەھۋال سوراشمىسا كۆڭلى غەش بولىدىغان قوشنىلار ئۈچۈن يوللارغا توساق سېلىندى . ئايلاپ ـ يىللاپ تەتۈر قارىشىپ ، نەزىر ـ چىراغ ، توي ـ تۆكۈنلەرگە قايتىلاپ باغاق بېرىشمىسا چىللاپ ئەكەلگىلى بولمايدىغان ھالەتنى پەيدا قىلدىڭ . ئاڭلاپ قالسا يۈگۈرۈپ بارىدىغان مەشرەپلەر نەدە قالدى؟ بىللە قوشۇلۇشۇپ ئېيتىدىغان «هاي ـ هاي ئۆلەن»نىڭ تېكىستلىرى ئۇنتۇلۇپ كەتتى . ئۆز ئەتىۋارى ، ئىززەت ـ ھۆرمىتى بىلەن كۆچۈرۈلۈپ بارىدىغان قىزلار ، پىشىل ئوسمىدەك قوۋناق چۈشلەرنىڭ ئورنىغا قازاننىڭ قارىسىدەك ۋەھىمىلىك چۈش كۆرىدىغان بولۇشتى . ئىشەنچ ، ساداقەتنىڭ ئورنىنى گۇمان ۋە كۈنلەش ئىگىلىدى . ئاھ ، ئۇيۇلتاشتەك جامائەت توپى.، چاك ـ چېكىغا دەز كەتكەن يېگى ئائىلە . «بېشى باش ، ئايىغى تاش» بولۇش ھەققىدىكى پەندى ـ نەسىھەتلەرنىڭ ئورنىنى قانداق قىلىپ ئەر ئايالنى ، ئايال ئەرنى «بويسۇندۇرۇش» ھەققىدىكى مەخپىي نەسىھەتلەرنىڭ ئىگىلىشى سېپى ئۆزىدىن پەيلى يامانلىق ئەمەسمۇ؟!

يېڭى تۇغۇلغان مەسۇملەر تىرىك يېتىم بولۇپ ، «تۇنجى مۇئەللىم» تەربىيىسىدىن مەھرۇم قېلىۋاتقان شۇ كۈنلەردە ، «يېتىم ئوغلاق»لارغا «ئۆگەي ئانا» ، «ئۆگەي ئاتا»لارنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتى قانداقمۇ نېسىپ بولسۇن! بولدى بەس ، يېتەر ئەمدى چېقىمچى ، چاقچىقىڭنى توختات! جەمئىيەت جەمئىيەتتەك بولسۇن ، تۇرمۇش ئىنسانسىز قالمىسۇن . ھاياتلىق مۇھەببەت ئارقىلىقلا ئىللىق ۋە گۈزەل . بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭلاردا شۈمشىيىپ ، ھومىيىپ يۈرگەن ئىنسانلار كەڭرى مەيدانغا چىقسۇن ، بىز يەنىلا قىزغىنلىققا موھتاج ، بىز يەنىلا نۇرلۇق كۆزلەرنىڭ بېقىشىغا موھتاج ، بىز سېغىنىلغان ئاڭلىقلارنىڭ ئىناقلىق مۇنارىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇشىغا موھتاج!

تەھرىرلىگۈچى: **پولات ھېۋزۇللا**

# ئىزھار قىلىنمىغان سۆيگۈ

(ھېكايە)

نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى



دېرىزەمنى بىر قەۋەت قېلىن قىرو قاپلاپتۇ . كرىستال تەنچىلەردىن شەكىللەنگەن بۇ گۈزەل مەنزىرە مېنى سىرتنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلدى . سىرتتا بەلكىم قار يېغىۋاتقاندۇ ، دەپ ئويلىدىم . نېمىشقىدۇر قارنىڭ يېغىشىنى شۇنچىلىك خالاپ قالدىم . «قار سانسىزلىغان خىيال بەرگىدەك پۈتۈن كائىناتنى قاپلاپ مېنى ئاشۇ گۈزەل ئۆتمۈشۈمگە ئېلىپ بارسا ، بۇ يەردە ئىككىمىز يەنە بۇرۇنقىدەك قەلبىمىزدىكى شېرىن سىرىمىلار ئىچىدە ياشىساق ، دەپ ئويلاپ كەتتىم . ھەممە ئىشلارنىڭ ئاشۇ قارلىق دالىدىكى شېرىن چۈشتەكلا بولۇشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلىمەن ـ ھە؟

بىر خىل ئاڭسىز ئىستەكنىڭ ئىسكەنجىسىدە سىرتقا چىقتىم . كۆز ئالدىمدىكى بىپايان دالىنى راستىنلا قار قاپلاپتۇ . تۈنۈگۈنكى كۆپكۆك ئاسمان بۈگۈن كۆلرەڭ بۇلۇتلار بىلەن تولۇپتۇ . مەن نېمە ئۈچۈن تۈنۈگۈننىڭ بۈگۈنكىدەك بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ كەتتىم . سانسىزلىغان تۈنۈگۈن ۋە بۈگۈنلەر مېنىڭ ئارمانلىق قەلبىمنىڭ گۈلخانلىق تۈنلىرىگە يەم بولۇپ كەتتى . مەن تالاي ئەسلىمە ۋە ئازاب ئىچىدە ئۇنى ۋاقىت ئېقىملىرى ئارىسىغا دەپىن قىلدىم . بىراق ، قەلبىمدىكى بۇ ئەسلىملەر يەنىلا شۇ پېتى ياشىرىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

بىر تال قار ئۇچقۇنى كىرپىكىم ئۈستىگە قوندى . مەن ئۇنىڭ ھارارىتىنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن كۆزۈمنى مەھكەم يۇمدۇم . ۋۇجۇدۇمدا بىر خىل چۈشىنىكسىز شېرىن سېزىم ئۇزاققىچە داۋاملاشتى . مەن بىر تال قار ئۇچقۇنىدىمۇ بۇنچىۋالا زور تۇيغۇنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن . قەلبىمنىڭ نەلىرىدىكىدۇ بىر ئارمانلار قانائەت تاپقاندەك بولدى . شۇ تاپتا قار ئۈستىگە يىقىلىپ ئۇخلاپ يېتىشنى ، بىپايان قار دۇنياسىدا شېرىن چۈش كۆرۈشنى شۇقەدەر ئارزۇ قىلىپ كەتتىم . ئاھ ، روھىمدىكى سانسىزلىغان قار ئۇچقۇنلىرى ، تۇيغۇمدىكى جىمجىت ھەم شېرىن قار تىۋىشلىرى . ئۇ مېنىڭ روھىي چۈشلىرىم ئارىسىدىكى بىر غايىۋى دۇنيارىم ئىدى.

قار قاپلىغان ئاپئاق دالىغا قاراپ سېنى ئەسلەپ قالدىم . ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا قار بىلەن باغلىنىشلىق ئەسلىملەر ناھايىتى كۆپ ئىدى . ھەممە ئىش بىر چۈشكە ئوخشايدۇ . تەكرارلانماس ھەم قايتىلانماس چۈش ، ناھايىتى يىراق ھەم ناھايىتى يېقىن . شۇنچىلىك تونۇش ۋە شۇنچىلىك ناتونۇش ئىسسىق بىر جۈپ قول قوللىرىمنى سىقماقتا ، ھارارەتلىك بىر لەۋ لەۋلىرىمنى كۆيدۈرمەكتە . مەڭگۈ ئۇنتۇلماس بىر ئەسلىمە روھىمدا يېلىنجىماقتا.

سېنى قاچانلاردىن ياخشى كۆرۈپ قالغان بولغىيدىم؟ شۇنچە ئويلاپمۇ بۇنىڭغا ھازىرغا قەدەر بىرەر ئېنىق جاۋاب تاپالمىدىم . بىز كىچىكىمىزدىنلا بىر مەھەللىدە چوڭ بولۇپ ، بىر سىنىپتا ئوقۇدۇق ، ئەسلىملەر شۇ قەدەر كىچىك ناخشىلاردىن باشلاندى . سەن تولىمۇ كەمسۆز ھەم جىمغۇر ئىدىڭ . بۇ بەلكىم داداڭنىڭ ساڭا ئۆگەي ، ئاناڭنىڭ بولسا ياخشى قارىمايدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك . باشتا مەندە ساڭا قارىتا باشقا ھېچقانداق غەرەز ۋە تۇيغۇنىڭ بولمىغانلىقى ماڭا شۇنچىلىك ئايدىڭ . بىراق ، بارا ـ بارا يېشىمىزنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ نېمىشقىدۇر مەندە باشقىچە بىر ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم . بولۇپمۇ بىز تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزۈش ئالدىدا مەكتەپ بىزنى يېزىغا چۈشۈپ جەمئىيەت تەكشۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇرغاندا بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم ، زەڭگەر رەڭ ئاسمان ئاستىدا دولقۇنلاپ تۇرغان بىپايان يايلاق ، قۇشلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ، شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان زۇمرەت ئېقىن ۋە مۇڭلۇق مۇزىكىدەك گۈزەل تەبىئەت . بىز ئىسمىنى بىلمەي دەتالاش قىلغان نامسىز گۈللەر... مانا بۇ بىزنىڭ ھاياتىمىزدىكى ئەڭ گۈزەل ھالقىلىق پەيت ۋە مېنىڭ قايتىلانماس چۈشلىرىم ئارىسىدىكى شېرىن چاغلار ئىدى . سەن نېمىشقىدۇر شۇ چاغلاردا داۋاملىق مەن

TANGRITAG LITERATURE

بىلەن بىرگە بولاتتىڭ ، كىر ـ قاتلىرىمنى يۇيۇپ ، كىيىملىرىگە دەزمال سالاتتىڭ . مەن بۇنى دەسلەپتە ساۋاقداشلىق ياردەم دەپلا ئويلىغان بولساممۇ ، بىراق سېنىڭ بۇ جەھەتتە باشقىلارغا ئانچە قىزغىن ئەمەسلىكىڭنى كۆرۈپ سەل ئويلىنىپ قالغانىدىم . دېمىسىمۇ ئارىمىزدىكى بەزى ھېسسىياتلار ساۋاقداشلىق نۇقتىسىدىن ھالقىپ كەتكەنىدى . بۇنى ئاغزىمىزدا دېمىگەن بىلەن ھەر ئىككىلىمىز كۆڭلىمىزدە بىلەتتۇق . ئوغۇل ساۋاقداشلىرىمۇ داۋاملىق ماڭا مۇشۇ ھەقتە چاقچاق قىلىدىغان بولۇۋالدى . بىر قېتىم يېقىن بىر دوستۇم ماڭا چاقچاق قىلىپ «ئەگەر ئۇنىڭغا تېزلىكتە ھۇجۇم قىلمىساڭ مەن قولغا كەلتۈرۈۋالىمەن» دېگەندە ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقىلى تاسلا قالغانىدىم . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مەن ئۇ دوستۇمنى قەۋەتلا ئۆچ كۆرۈپ قالدىم . ھەتتا تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزۈپ باشقا مەكتەپلەرگە كەتكۈچە بولغان ئارىلىقتىمۇ ئۇنىڭغا گەپ قىلماي كەلدىم . ئەمدى ئويلىسام سېنى شۇ ۋاقىتلاردىن تارتىپ ياخشى كۆرۈپ قالغان ئىكەنمەن.

يىل ئۆرۈلۈپ قىش كىردى . ھاۋا بىردىنلا سوغۇقلىشىپ كەتتى . جاقىلداپ تىترەپ كەتتىم . ئاغرىپ قاپتىمەن دەپ ئويلىدىم . مەن ھەممىدىن بەك ئاغرىپ قېلىشتىن قورقاتتىم . يېزىدىكى ئانامنى سېغىندىم ، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۆز قولى بىلەن بىر چىنە ئىسسىق سۇيۇق ئاش ئېتىپ بېرىشىنى نەقەدەر خالايمەن ـ ھە! كىملەر بىلەندۇ سىرداشقۇم ، پاراڭلاشقۇم كەلدى . ياتاقتىكى ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى ئۆيلىرىگە كېتىشكەن . پەقەت مەنلا ھۇۋقۇشتەك غېرىبلىق ھۇۋلاپ تۇرغان ياتاقتا يالغۇز ياتماقتىمەن . يوتقانغا مەھكەم ئورىنىۋالدىم . بارغانسېرى توڭلاپ تىترەۋاتىمەن . يىراق سەھرادا بىرگە سۇغا چۆمۈلگەن ساۋاقداشلىرىم ، ۋاللەي ئوينىغان دوستلىرىم ، لاتا قونچاقلىرىنى ئېلىپ قېچىپ يىغلاتقان قىزلار ، زىل ئاۋازلىق تومۇزغا ۋە بىزنى كۆرۈپ قېچىپ كېتىدىغان يول بويىدىكى ئۆركۆگەك توشقانلار.. . ئۇلار ھازىر نەدە قالغاندۇ؟

—— ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ ، ئازراق نەرسە يەۋېلىڭ .

كۆزۈمنى ئاچسام سەن بېشىمدا قاراپ تۇرۇپسەن . قولۇڭدا ئىسسىق ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بىر چىنە ئاش تۇرۇپتۇ . بىر چىنە ئاشنى مەن بايا خىيال قىلغىنىمنى ياكى ھازىر خىيال قىلغىنىنى بىلمىدىم . بايا يېنىڭىزغا كىرسەم بەك قىزىتىپ كېتىپسىز . كىرگىنىمنى تۇيمىدىڭىز ، بىر تەرلەنسە ئوڭشىلىپ قالار دەپ ئۆيدىن تاماق ئېتىپ ئەكەلدىم . ئىسسىقىدا ئىچىۋېلىڭ.

بىر خىل ئىللىق ئېقىم ۋۇجۇدۇمغا تارىدى . بىردىنلا كېسەلدىن ساقىيىپ قالغاندەك بولدۇم . سەن ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي ياتاقتا ئوت قالىدىڭ . مۇزدەك ياتاق ئىللىقلىققا تولدى . سەن ماڭا ناھايىتى نۇرغۇن پاراڭلارنى قىلىپ بەردىڭ . شۇ تەرىقىدە قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنىنى بىلمەي قاپتىمەن . بىر چاغدا سەن: بۈگۈن سىرتتا قار يېغىپتۇ ، شۇنچىلىك چىرايلىق ، كۆرۈپ باقامسىز؟ دېدىڭ . مەن بىردىنلا غەيرىتىمگە ئېلىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم . تىمتاسلىققا چۆمگەن مەكتەپ ھويلىسى ئاپئاق قار لىباسى يېپىنغانىدى . مەن قارنى كۆرسەملا ئۆزۈمنىڭ سەبىيلىكىمگە قايتقاندەك بولۇپ قالاتتىم . قولۇمغا بىر ئوچۇم قارنى ئېلىپ پومزەك قىلدىم ، شۇنداق قىلىپ ياتاق ئالدىغا ئىككىمىز ناھايىتى چوڭ ئىككى دانە قار بوۋاي ياسىدۇق . ئۇلار يولنىڭ ئىككى چېتىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇراتتى . بىراق ، مەن ئىككىمىزنىڭمۇ ئاشۇنداق ئىككى دوقمۇشتا بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپ مەڭگۈلۈك تۇرۇپ قالىدىغانلىقىمىزنى ئويلىمىغانىكەنمەن . ئاشۇ قار ياغقان كۈنى ئەسلىمەمدە ناھايىتى گۈزەل بىر خاتىرە بولۇپ ساقلىنىپ قالدى.

تولۇق ئوتتۇرىدىكى گۈزەل ئوقۇش ھاياتىمىز ئەنە شۇنداق ئاخىرلاشتى . ساڭا ئىچكىرىدىكى داڭلىق بىر ئۇنىۋېرسىتېتتىن ، ماڭا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن چاقىرىق كەلدى . ھەممە باللار شۇنچىلىك خۇشال ، بىراق نېمىشقىدۇر مەنلا خۇشال بولالمىدىم . سەۋەبى سەندىن ئايرىلىپ قېلىش ماڭا شۇنچىلىك ئېغىر كەلگەنىدى . ساۋاقداشلار ئۆزئارا چاقىرىشىپ ئالدىراش بولۇپ كەتتى . مەن ئامالسىز ئۆيگە قايتىشقا مەجبۇر بولدۇم . نېمىگىدۇر قىيمايتتىم . نېمىگىدۇر تارتىناتتىم . بىراق ، ئۇنىڭ زادى كونكرېتنى نېمىلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم . ئۇنۇمنىڭ بارىچە ۋارقىرىغۇم ، داللارغا چىقىپ تۇۋلىغۇم كېلەتتى: «سىزنى ياخشى كۆرىمەن» دەپ پۈتۈن ئاۋازىم بىلەن ئالەمگە جاكارلىغۇم بار ئىدى . بىراق ، ئۇنداق قىلالمايتتىم . جۈرئەتسىزلىكىمدىن ئاغرىناتتىم . سەندىن مۇشۇنداقلا ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيتتىم.

ئۆيدىكىلەر ئوقۇش تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى . گويا ئوقۇشقا مەن ئەمەس ، ئۇلار بارىدىغاندەكلا ئىدى . بىراق ، مەن قىلچىمۇ ئالدىرايدىغاندەك ئەمەس ئىدىم . پۈتۈن خىيالىم سېنىڭ قاچان ماڭىدىغانلىقىڭدا ئىدى . كەچقۇرۇن ئۆيگە بىر ساۋاقدىشىم كىردى . ئۇ سېنىڭ ئەتە ماڭىدىغانلىقىڭنى دەپ قويۇپ چىقىپ كەتتى . ئۇ نېمىنىدۇر دېمەكچى بولۇپ گەپ قىلماي چىقىپ كەتتى . مەن ئۇنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۇ خېلى ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن ئاندىن ھېس قىلدىم . مەن سېنىڭ نېمىشقا بۇنداق بالدۇر يولغا چىقىدىغىنىڭنى بىلمىدىم . تېزرەك تاڭنىڭ ئېتىشىنى تىلەپ كەتتىم . بۇ كېچە مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ ئۇزۇن كېچە بولدى . ئەتىسى ئۆيدىكىلەرنىڭ تەييارلىق تېخى پۈتمىدى دېگىنىگە قارىماي يولغا چىقتىم . خىيالىمدا سەن بىلەن تېزرەك ئۇچرىشىۋالسام ، قەلبىمدىكىلەرنى تېزرەك دەۋالسام دېگەن ئويلا بار ئىدى . ھەيرانمەن ، ئىلگىرى سەن يېنىمدىكى چاغلاردا ھېچنېمىگە ئالدىرىمىغانىدىم . ئەجەبا سەن كېتىش ئالدىدا بۇنداق قىلىش

نىمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ ئۆزۈمگە تولىمۇ ھەيران بولدۇم.
ئادەمنىڭ قەلبى تولىمۇ سىرلىق ھەم مۇرەككەپ بولىدى-
كەن.

مەن كەلگەندە سەن ئاللىبۇرۇن كېتىپ بوپسەن.
ئالدىراش كېتىپ بارغان ماشىنا ۋە ئادەملەرگە قاراپ بۇنىڭ
بىر رېئاللىق ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. يۈرى-
كىمگە تۈيۈقسىز بىر ئاغرىق كېلىپ قوشۇلدى. بىر
ئىزىمدا قانچىلىك تۇرغىنىمنى بىلمەيتتىم. چېكى
چىقماس خىيال، ھەر خىل ئويلار، ساڭا دېمەكچى بول-
غان سۆزلەر كاللامدىن قاتار تىزىلىپ ئۆتەتتى. بىردىنلا
ھۆكرەپ يىغلىغۇم، يۇك ـ تاقلىرىمنى تاشلاپ يىراقلارغا
كەتكۈم كېلەتتى. بۇ ئىش مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ
چوڭ مەغلۇبىيەتتەك مېنى تولىمۇ ھالسىزلاندۇرۇۋەتتى.
كاللام سانسىزلىغان سوئاللار بىلەن توشۇپ كەتتى.

ئارىدىن نەچچە يىللار ئۆتۈپ كەتتى. ئالىي مەكتەپ
ھاياتىمۇ ئاخىرلاشتى. ھەر ئىككىلىمىز ئۆز مەكتىپى-
مىزدە قالدۇق. تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى شۇنداقمى-
كىن، بىزگە قايتا ئۇچرىشىش پۇرسىتى نېسىپ بولمىدى.
ھەر ئىككىلىمىز ئۆي ـ ئوچاقلىق، بالا ـ چاقىلىق بول-
دۇق. بىراق، مېنىڭ قەلبىمدە يەنىلا ئاشۇ ئىزھار قى-
لىنمىغان سۆيگۈ لاۋۇلداپ يانىدۇ. ئۆي ئىچىدە چۇرقى-
رىشىپ ئويناۋاتقان باللارغا، ئاشخانا ئۆيدە ئالدىراش
بولۇپ يۈرگەن ئايالىمغا قاراپ تۇيۇقسىزلا يەنە سېنى
ئەسلەپ قالىمەن. ئەگەر ئىككىمىز تۇرمۇشلۇق بولغان
بولساق بۇ ئائىلە قانداق بولار بولغىيدى دەپ ئويلاپ
كېتىمەن. يېزىقچىلىق شەرەپىمنىڭ تارتىمىسىدىكى
ساڭا بېغىشلاپ يازغان شېئىرلارنى ئوقۇپ قويىمەن.
بىراق، بۇلار مېنىڭ ئەسلىملىرىمنى كەينىگە ياندۇرۇپ
بېرەلمەيدۇ. مانا بۈگۈن يېڭىدىن نەشردىن چىققان
«ئىزھار قىلىنمىغان سۆيگۈ» ناملىق كىتابىمنى ۋاراقلاپ
ئولتۇرۇپتىمەن. ئەتراپ قېلىن قار بىلەن چۈمكەلگەن.
ھەممە ئىشلارنى ئۇنتۇپ ھاياتىمنى قايتىدىن باشلىسام
دېگەن ئۈمىدتە قەلبىمدىكى بارلىق سىرلىرىمنى بۇ كى-
تابقا تۆكۈپ يېزىپ چىقتىم. بىر ھېسابتا بۇ كىتابنى
تامامەن ساڭا بېغىشلىدىم دېسەممۇ بولىدۇ. ئاھ، سەن بۇ
سىرلاردىن خەۋەردار بولساڭ قانداق ئويلاردا بولارسەن ـ
ھە؟ مەن سېنىڭ ئاشۇ چاغدىكى ھېسسىياتىڭنى بىلىشكە
بەكمۇ تەشنا.

ئاخىرى ھاردۇقۇم چىقتى. قەلبىمنى ئۇزاق مۇددەت
بېسىپ تۇرغان تاش ئاخىرى ئېلىۋېتىلىپ يېڭى ھاۋا
بىلەن تولدى. ھەممە نەرسە بىر قەۋەت قېلىن قارنىڭ
ئاستىدا ئۇيقۇغا كەتتى. مەن چۈشلىرىمنىڭمۇ شۇقەدەر
گۈزەل بولۇشىنى تىلەپ كەتتىم. بېشىمنى پەلتويۇمنىڭ
ئاستىدىن چىقىرىپ بۇ ھاياتقا تۇنجى قېتىم ئازادىلىك
ئىچىدە تىكىلدىم.

ساۋاقداشلىرىم كىتابىمنىڭ چىققانلىقىنى تەبرىك-
لەپ ئارقا ـ ئارقىدىن تېلېفون بېرىشكە باشلىدى. ئۇ-
لارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كىتابىمدىكى پېرسوناژلىرىم
ئىدى. ھەممىسى دېگۈدەك سېنى سورايتتى. بەزىلىرى
سېنىڭ تېلېفون نومۇرۇڭنى ئېيتىپ بېرەتتى. مەن بۇ
ئەسىرىمنىڭ شۇنچىلىك داغدۇغا پەيدا قىلغانلىقىدىن
ناھايىتى خۇشاللىق ھېس قىلدىم.

ئەتىگەندە دېرىزەمدىكى قار گۈللىرىگە قاراپ ئولتۇ-
راتتىم، تۇيۇقسىز تېلېفون جىرىڭلاپ كەتتى. تۇرۇپ-
كىنى قولۇمغا ئېلىپلا سېنىڭ ئاۋازىڭنى ئاڭلىدىم. ئا-
رىدىن نەچچە ئون يىل ئۆتكەن بولسىمۇ بۇ ئاۋازنى ئۇن-
تۇپ قالمىغانلىقىمدىن ھەيران ئىدىم. قىزغىنلىق بىلەن
تىنچلىق سوراشلىرىڭغا قولاشمىغان ھالدا جاۋاب بەردىم.
نېمىشقا بۇنداق كالۋالاشقانلىقىمغا ھەيران ئىدىم. «ئىزھار
قىلىنمىغان سۆيگۈ» ناملىق كىتابىڭىزنى ئوقۇپ چىقتىم.
ھەممە ساۋاقداشلارنى دېگۈدەك كىرگۈزۈپسىز. بىراق،
مېنى ئۇنتۇپ قاپسىز. ئېسىمدە قېلىشىچە، بىز خېلى
يېقىن ئۆتكەنغۇ دەيمەن. كىتابىڭىزدىكى باش ئايال
پېرسوناژ كىم؟»

سېنىڭ بۇ سۆزلىرىڭ مېنى تەئەججۈپكە سېلىپ
قويدى. ئەجەبا سەن ئۇنى راستىنلا بىلمەمسەن ياكى
بىلسەڭمۇ بىلمەسكە سېلىۋالدىڭمۇ. باش پېرسوناژنىڭ
سەن ئىكەنلىكىڭنى ھەممە ساۋاقداشلار بىلىپ بوپتىغۇ؟
سېنىڭ بىلمەي يۈرگىنىڭ قىزىق ـ ھە!

— ئۇ باشقا بىرسى ئەمەس، دەل سىز ئۆزىڭىز.

— مەن؟

— شۇنداق، ئەجەبا سىز بۇنى تېخىچە بىلمىدى-
ڭىزمۇ؟ تېلېفوندا بىر پەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.
بۇ جىمجىتلىق شۇقەدەر سۈرلۈك ھەم قورقۇنچلۇق ئى-
دىكى، مەن ئۇنىڭ تېزرەك ئاخىرلىشىشىنى تىلەپ
كەتتىم. ھەتتا تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قويىۋېتىشكە تاسلا
قالدىم. قۇلىقىمغا ئېغىر بىر خورسىنىش ئاڭلاندى.

— كەچۈرۈڭ، ئۇنداقتا سىز پۈتۈنلەي خاتالىشىپسىز.
مەندە ئەزەلدىن سىزنى ياخشى كۆرۈش ھېسسىياتى بول-
غان ئەمەس. كىتابىڭىزنى باشقىدىن يېزىپ چىقسىڭىز
بولغۇدەك. سىزگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.

تېلېفون ئۈزۈلدى، شۇنداقلا مېنىڭ قەلبىمدە ئۇ-
زۇندىن بېرى مۇڭلۇق چېلىنىپ تۇرغان ھېسسىيات تارى-
سىمۇ ئۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەت مېنىڭ ھايا-
تىمدىكى بارلىق مەغلۇبىيەتنى بېسىپ چۈشتى. تەرىپ-
لەپ بەرگۈسىز ئازاب ۋە ئۆچمەنلىك قەلبىمنى چىرمىدى.
بۇنىڭ ئۆزۈمگە ياكى ساڭا بولغان ئازاب ياكى ئۆچمەنلىك
ئىكەنلىكىنى پەقەتلا ھېس قىلالمىدىم. تېلېفون تۇرۇپ-
كىسىنى جايىغا قويدۇم. ھەممە نەرسە ئاخىرلاشقان،
سىرتتا قار بىر تەكشى چۈشمەكتە ئىدى.

تەھرىرلىگۈچى: **پولات ھېۋزۇللا**

www.uyghurkitap.com

# باللاردا مېنىڭ غېمىم



ھەبىبۇللا رەجەپ

زىمىستان قىش سوغۇق ئەلپازى بىلەن جانلىقلارغا بىئاراملىق ئېلىپ كەلمەكتە ئىدى . قىشنىڭ ئاجىز قۇياشى كۆكۈچ تۇمان لەيلەپ يۈرگەن بوشلۇقتا ئاجىز نۇرلىرىنى سەپمەكتە . شەھەر كوچىسىدا ئادەملەر شالاڭ بولۇپ ، قېلىن قىشلىق كىيىملىرىنى كىيىپ ، ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى . مەن باللارنىڭ قىشلىق ئايىغىنىڭ كويى بىلەن سودا سارىيىغا كىرىپ ، پەشتاخلارنى ئارىلىدىم . ئاياغ سېتىش ئورنىغا كەلگىنىمدە بىر ئانىنىڭ بالىسىغا قىشلىق خۇرۇم توپلەي سېتىۋېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم . بۇ چاغدا باللارنىڭ يالىڭاچ پۇتلىرى تۇيۇقسىز كۆز ئالدىمغا كەلدى . مەن ئۇلارنى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى باللار بايرىمىدا يىراق يېزىدىكى بىر دېھقاننىڭ ئۆيىگە كىرگىنىمدە كۆرگەنىدىم . قىش بولۇۋېدى ، شەھەرلىكلەر ئۇماق باللىرىغا ئىسسىق قىشلىق كىيىملەرنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ . مەن كۆرگەن باللارنىڭ قىشنى ئۆتكۈزەلىگۈدەك ئايىغى بارمىدۇ ، يوقمىدۇ؟ مەن ئەينى چاغدا ئىسسىقتا سۇغا چۆمۈلۈپ ، ھېرىپ ـ ئېچىپ قايتىپ كەلگەن بىر توپ باللار ئىچىدىكى بىرىدىن: «نېمە ئۈچۈن ئاياغ كىيمەيسەن؟ ئاپتاپتا تاپىنىڭ كۆيمەمدۇ؟ تىكەن سانجىلىپ كەتسە قانداق قىلىسەن؟» دەپ سورىسام ، ئۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن: «پۇل يىغىپ مەكتەپتە ئوقۇيمەن» دەپ جاۋاب بەردى . مەن ئۇنىڭ يېرىلىپ كەتكەن كىچىك پۇتلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ ، «ئۇنداق بولسا ئوقۇما ، ئاياغ كىيىش مۇھىم» دەپ سىناپ باققانىدىم . ئۇ قەتئىيلىك بىلەن بېشىنى چايقاپ «ياق ، ياق» دەپ جاۋاب بەردى . مەن بۇ سەككىز ياشلىق بالىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ ھەسرەت ئىچىدە خاتىرجەملىك ھېس قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، توپا ـ چاڭلار ئۆرلەپ تۇرىدىغان ، مەدەنىيەت ساپاسى يۇقىرى بولمىغان بۇ سەھرادىكى سەككىز ياشلىق بىر بالىدا مۇشۇنچىلىك كۈچلۈك بىلىم ئېلىش ئارزۇسىنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىدىن ھەيران قالدىم . سەھرالاردا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھېكايىلەر ، مۇشۇنداق باللار تولىمۇ نۇرغۇن . پۇتلىرى يالىڭاچ قالغان بۇ باللار ئۈچۈن ئېيتقاندا ، تىرىشچان ، ئىقتىسادچىل بولۇش ئۇلاردا ئاددىي ـ ساددا بولۇش ، ئېگىلمەس ـ سۇنماس ، جاپاغا چىداشتەك خاراكتېرنى يېتىلدۈرگەن ، ئۇلارغا ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى قىيىنچىلىقلارنى ، خېيىمخەتەرنى ، توساقلارنى يېڭەلەيدىغان بىر جۈپ پۇت ئاتا قىلغان . ۋەھالەنكى ، بۇ خىل گۈزەل ئەخلاق كىيىم دېسە كىيىمى ، تاماق دېسە تامىقى تەييار ، قېلىن توپلەيلەرنى كىيىپ قىشنى غەمسىز ئۆتكۈزەلەيدىغان بەزى باللاردا تېپىلمايدۇ . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇن نەچچە ياشقا كىرىپ قالغان تۇرۇقلۇق ، پۇتلىرىنى يەنە ئاتا ـ ئانىلىرىغا يۇغۇزىدۇ ، سۇ سوغۇق بولسىمۇ ، بەك ئىسسىق بولسىمۇ ، ھەتتا ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرى سىلىق بولسىمۇ يۇيۇشقا ئۇنىمايدۇ . بۇ باللارنىڭ پۇتلىرى تولىمۇ قەدىرلىك ۋە يۇمران ، مۇشۇ پۇتلارنىڭ شۇ قەدەر قەدىرلىكلىكىنى ئويلىسام ، ئۇلارنىڭ ھەرقانداق ئوڭۇشسىزلىقلارنى ۋە جاپا ـ مۇشەققەتنى يېڭىپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىشقا پېتىنالمايمەن . شۇڭا ، يالىڭاچ باللارنىڭ قىشتا كىيىدىغان ئايىغى بارمىدۇ ، يوقمىدۇ؟ دېگەن غەم تۇمانلىرى كۆڭۈل ئاسمىنىمدىن ئاستا ـ ئاستا سۈزۈلۈپ ، قىشنى ئىسسىق ماھۇق چاپان ، قېلىن توپلەي ، ئىسسىق پارلىق ئۆيلەردە بەھۇزۇر ئۆتكۈزىدىغان ئاشۇ باللارغا مەركەزلەشتى . قىش پەسلىنى بىر جۈپ قېلىن توپلەي بىلەن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلسىمۇ ، بىراق ھاياتىمىزدىكى ھەربىر «قەھرىتان سوغۇق»قا بەرداشلىق بېرىشىمىز ئۈچۈن ماھۇق چاپان ،

ئىسسىق پارلىق ئۆيلەر ، قېلىن بىر جۈپ توپلەي بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ.

ئاتاقلىق مائارىپچى سۇخۇملىنسكى: «بالىلىق دەۋردىكى بارلىق خۇشاللىق ئەگەر شەكىل ئۈستىگە قۇرۇلسا ، ئۇنداقتا بۇ خىل خۇشاللىق بىر خىل تراگېدىيىدىن ئىبارەت بولىدۇ . تەييار شەكىل دېگىنىمىز ، ھەممىدە تەييارغا ھەييار بولۇش ، ھەر دائىم ‹ئۈجمە پىش ، ئاغزىمغا چۈش› دېگەندىن ئىبارەت . بۇنداق تەربىيىدە بالىلارنىڭ ئاددىي ـ ساددا ، تىرىشچان ، ئىقتىسادچىل بولۇش ئېڭى تەدرىجىي سۇسلىشىدۇ ، ئۇلارنىڭ ئىجادكارلىقى بىلەن مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىمۇ ماس ھالدا ئاجىزلايدۇ» دېگەنىدى.

پاراۋان تۇرمۇش ، تەييارغا ھەييار بولۇش بالىلارنى «باغ ئىچىدىكى بۆرەك»تەك كۈن ئۆتكۈزۈشكە مۇيەسسەر قىلسىمۇ ، ئەمما ئۇلارنىڭ قەلبى ، روھى يالىڭاچلىنىپ كېتىدۇ . ھاياتىدىكى يولۇققان «قەھرىتان سوغۇق»لارغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ . «يىتكەن بىر پارچەم» دېگەن بالىلار چۆچىكىدە مۇنداق بىر ۋەقەلىك سۆزلەنگەنىدى: ئەسلىدىكى دۈگىلەكتىن ئۈچ بۇرجەك قىلىپ بىر پارچىسى كېسىۋېتىلىپتۇ ، دۈگىلەك ئەسلىگە كېلىش ئۈچۈن ھېلىقى بىر پارچىسىنى ھەممە يەردىن ئىزدەپتۇ ، كەمتۈك بولغاچقا ناھايىتى ئاستا دۈگىلەپ مېڭىپتۇ . ئۇ بۇ جەرياندا يول بويىدىكى چىرايلىق گۈللەردىن ھۇزۇرلىنىپتۇ ، قۇرت ـ قوڭغۇزلار بىلەن پاراڭلىشىپتۇ ، يەنە تېخى ئاپتاپقىمۇ تازا ئوبدان قاقلىنىپتۇ . يولدا نۇرغۇن ئۈچ بۇرجەك پارچىلىرى ئۇچراپتۇ ، لېكىن ئۆزىگە پەقەتلا ماس كەلمەپتۇ . ئىزدە ـ ئىزدە ئاخىر ئۆزىگە دەل كۆلگۈدەك پارچىنى تېپىپ ، قىن ـ قىنىغا پاتماي قاپتۇ . ئۇ دۈگىلەشكە باشلاپ ، پۈتۈنلەي دۈگىلەك بولغانلىقتىن ناھايىتى تېز دۈگىلەپ كېتىپتۇ . ئەمدى گۈللەردىن ھۇزۇرلىنالماپتۇ ، قۇرت ـ قوڭغۇزلار بىلەن پاراڭلىشالماپتۇ ، دۇنيا ئۇنىڭغا باشقىچە مەنىسىز بىلىنىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىگە قوشۇۋالغان پارچىنى تاشلىۋېتىپ ، ئاستا ـ ئاستا دۈگىلەپ كېتىپتۇ...

بۇ چۆچەك بىزگە مۇنداق بىر تەسىرات ئاتا قىلىدۇ: ھەممە نېمىسى تەلتۆكۈس ئائىلىدە چوڭ بولغان ئادەمدە ئادىمىيلىك ھېسسىيات ۋە پەزىلەت كەم بولىدۇ . بەزى نەرسىلىرى كەم ئادەم شۇ نەرسىگە ئېرىشىش يولىدا ئەجىر قىلىدۇ ، ئۇ بۇ ئارقىلىق بېجىرىم ئادەمگە ئايلىنىدۇ . ھەممە نەرسىسى تەلتۆكۈس ئادەم مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ، ئۇ بىر قەلەندەر . چۈنكى ، ئۇ ياردەم سوراشنى ، گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلاردا بولۇش ھېسسىياتىنى ، ئارزۇ قىلغان نەرسىگە ئېرىشكەن چاغدىكى خۇشاللىق ھېسسىياتىنى چۈشەنمەيدۇ.

ھەرقانداق بىر ئاتا ـ ئانا ئۆز پەرزەنتلىرىنى ھەممە نەرسىسى تەل ، ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ، بەخت ـ سائادەت ئىچىدە جاپا تارتقۇزماي چوڭ قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ ۋە بۇ يولدا كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ . پەرزەنت ئاتا ـ ئانا ئۈچۈن شۇ قەدەر سۆيۈملۈك ، شۇ قەدەر ئەزىز . دېمەك ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە قانچىلىك دەرىجىدە كۆيۈنىدىغانلىقى ھەققىدە گەپنى شاخلاتمىساقمۇ ئېنىقلىق دەرىجىسى ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىدە ئايان . ئاتا ـ ئانىمىز بىز توي قىلغۇچە ، ھەتتا بالا ـ چاقىلىق بولغاندىن كېيىنمۇ ھالىمىزدىن خەۋەر ئېلىشنى ئۆز بۇرچى دەپ ھېسابلايدۇ . لېكىن ، ئۆز پۇشتىغا كۆيۈنۈش پۈتكۈل مەخلۇقاتقا ئورتاق . ئاچ ـ يالىڭاچ قويماسلىق ، خېيىمخەتەردىن ساقلاش ، ساق ـ سالامەت چوڭ قىلىش دېگەنلەردە بىز ھايۋانلار بىلەن ئوخشاش ، قۇشقاچ چېغىدا بالىلىرىغا قانچىلىك كۆيۈنىدىغانلىقى ، ئاغزى بىلەن سۇ ، يەم توشۇپ باقىدىغانلىقى ، زىيانداشلاردىن قوغداش ئۈچۈن قانچىلىك باتۇرلىشىپ كېتىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان . بۇ يەردە ، ئادەمنىڭ ھايۋانلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ناھايىتى زور ئۈستۈنلۈك بار . ئۇ بولسىمۇ ئادەملەر ئۆز پەرزەنتىنى مەنىۋى جەھەتتە تەربىيىلەش ۋە يېتەكلەش مەسىلىسىدۇر . مانا بۇ ھەقىقىي كۆيۈنۈش ، ھەقىقىي تەربىيە ھېسابلىنىدۇ . چۈنكى ، ئىنساننى ئىنسان قىلىپ تۇرىدىغىنى جىسمى ئەمەس ، بەلكى روھىدۇر . زامان ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلماقتا ، بۇنىڭغا ماس رەۋىشتە كىشىلەرنىڭ ماددىي ئىستېمال ، خۇسۇسىي پاراۋان تۇرمۇشىدىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى . بۇ خىل زامان ئاتا قىلغان ئەۋزەللىكلەر بالىلارنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىك تۇرمۇش يولىغا ئالىي پاياندار بولدى . ئەگەر شەھەرلەردىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ۋە بالىلار يەسلىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، ئىشقا چۈشۈش ، ئىشتىن قايتىش مەزگىلىدە قاراپ تۇرسىڭىز نۇرغۇن ئېسىل ماشىنىلارنىڭ قاتار ـ قاتار تىزىلىپ تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالىسىز . بۇ ماشىنىلار بالىلىرىنى مەكتەپكە ئېلىپ كېلىش ۋە ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ . بۇ گەرچە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە بولغان چەكسىز كۆيۈنۈشىنى ئىپادىلەيدىغان مەنزىرە بولسىمۇ ، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ كۆيۈنۈش بەدىلىگە بالىلىرىنىڭ مۇستەقىل ياشاش ، جاپا ـ مۇشەققەتتىن

قورقماسلىقتەك بىر ئادىمىي روھنى يوقىتىپ قويۇۋاتقان. لىقىنى ھېس قىلمايدۇ. مۇستەقىللىق ـ غۇرۇر دېمەكتۇر. بالا مەكتەپكە بېرىپ ـ كېلىشتىمۇ ئىككى پۇتىغا تايانمىسا، ھاياتنىڭ كېيىنكى يوللىرىنى قانداق بېسىپ ئۆتىدۇ؟ بالىغا كۆيۈنۈش ئىنتايىن ئېسىل پەزىلەت، لېكىن كۆيۈنۈش ئۆز يولىدا بولمىسا بالىنى ئەركە ـ نايناق ئۆستۈرۈپ قويىدىغان ئىش كېلىپ چىقىدۇ. ئەمما، شەھەردىكى بالا تەربىيىلەش مۇھىتىغا قاراپ باقساق، ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى تولىمۇ ئاررۇلاپ چوڭ قىلىدۇ. ئۇلارغا ئۆزى يېمىگەننى يېگۈزۈپ، كىيمىگەننى كىيگۈزۈپ، بېشىدىن ئاپتاپ، ئايىغىدىن سوغۇق ئۆتكۈزمەي، كىچىك ئىشنىمۇ ئۆزى قىلىپ ئۇلارنى ئارام ئالدۇرۇپ، ئۆزى تار ئۆيدە ياتسىمۇ، بالىلىرىنى كەڭ، ئازادە ئۆيدە ياتقۇزۇپ، مەكتەپنىڭ ئۆيگە يېقىنىنى تاللاپ ئوقۇتۇپ...

ئىشقىلىپ قىلغىلى بولغۇدەك ئامال بولسىلا قىلىپ، ئۇلارنىڭ ياخشى ئوقۇش شارائىتىغا ئىگە بولۇشىغا تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىكى مەقسەت، كەلگۈسىدە ئۇلارنى ئۆز نېنىنى ئۆزى تېپىپ يېيەلەيدىغان ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىشتۇر. بۇ خىل مەقسەتنىڭ ھازىرقى يۈزلىنىشى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ شۈبھىسىزكى، بۇ ھال بالىلىرىمىزنى پارنىك دەۋرىنىڭ «مەھسۇلات»لىرىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇۋاتىدۇ.

«روھىي ئاجىزلىق بارلىق مۇنقەرزلىكنىڭ ئانىسى» دەيدۇ ئابدۇقادىر جالالىدىن. بىز بالىلىرىمىزنى روھىي جەھەتتىن كەمتۈك تەربىيىلەۋاتقانلىقىمىزنى كۆپىنىڭ تەقدىرىگە يىغلاپ ئۆيكىسى ۋە نېرۋىسىدىن كېتىۋاتقان ئاز بىرقىسىم ئادەملىرىمىزلا سۆزلەپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ خىل روھىي كەمتۈكلۈك مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە يامراپ، يۇمران قەلبلەردە ئۇۋا ياساۋاتىدۇ. يالغۇز پەرزەنتلەر ئەركىلەش ھەم ئەركىلىتىش ئاساس قىلىنغان يۇمشاق قەپەستە نايناق، ناجىنس خاراكتېر ئۆزگىچىلىكىنى يېتىلدۇرۇپ، قارىماققا ئوماق، ئەمەلىيەتتە ئىچىمىزنى ئۆرتەيدىغان تاشلاندۇق قونچاقلارغا، چىرايلىق پىستە كۆچۈكلەرگە ئايلانماقتا. ئېسىل ياسداق ئۆيلەردە ئەنئەنە، يىلتىزىدىن تېرىقچىلىق نەرسە بىلمەي، ئەڭ يېڭى شاكىلاتنىڭ ماركىسىنى ئىككىلەنمەي ئېيتىپ بېرەلەيدىغان، سۇلياۋ قونچاقلار ئىچىدە خامۇشلۇق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىر تۈركۈم پارنىك دەۋرىنىڭ «مەھسۇلات»لىرى ئۆسۈپ يېتىلىۋاتىدۇ.

ئاتا ـ ئانىنىڭ بالىغا بولغان كۆيۈنۈشى بۇرچكارلىق خىسلەتكە تويۇنمىسا، ئۇ خىل شەيدالىق بالىنى باللار ئويناپدىغان قونچاقتا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئۇ پەرزەنتلىك بولۇشنى، پەرزەنتىدىن زوقلىنىشنى بىلىپ، ئۇنىڭ ئەركىنلىكى ۋە بەختى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مۇھىتنى يادىدىن چىقىرىپ قويسا، بۇ ھەرگىزمۇ بىر ئىنساننىڭ كۆپىيىشىنىڭ ئالامىتى ئەمەس. ماددىي ۋە مەنىۋى مەھكۇملۇقتا تۇتۇلغان ئائىلىلەردىكى باللار كۈندە تاماق ئورنىدا خىمىيىلىك دورىلارنى ئىستېمال قىلىپ، ئاتا تۇپراق ھىدىنى ئۇنتۇدى. قونچاقتەك چوڭ بولغان باللىرىنى خېلى بىر چاغلارغىچە يولدىن يېتىلەپ ئۆتكۈزۈپ قويىدىغان، نامازشام بولا ـ بولماي ئۆيدىن سىرتقا چىقارمايدىغان، ياز كۈنلىرى بالىنى كۆل تۇرماق، ھەتتا ئېرىقتىكى سۇغىمۇ چۈشۈرمەيدىغان، بالا چاكقاپ كېتىپ غورتۇلداپ سۇ ئىچكىلى تۇرسا قاچان گېلىغا تۇرۇپ قالاركىن دەپ ئەنسىرەپ قاچىغا ئېسىلىۋالىدىغان، يۆتىلىپ قويسا ئۆپكىسىدە سۇ تۇرۇپ قاپتۇ، دەپ دوختۇرغا يۈگۈرىدىغان قىلىقلار دەل بۇرچكارلىق خىسلىتىنى ئۇنتۇغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى سەنئەت بۇيۇمىغا ئايلاندۇرغانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولماي نېمە؟

بىر ئىدارىنىڭ قورۇسىدا يېزىدىن كەلگەن بىر دېھقان خېرىدارلارغا قوغۇن ـ تاۋۇز سېتىۋاتقاندا، ھارۋىغا قوشۇلغان ئېشەك مەھكەم باغلانغانلىقتىن مىڭىشقا ئىنتىلىپ، قۇترىغىنىچە تەخىرسىزلىك بىلەن قاتتىق ھاڭراپ كەتكەنىدى. بۇ چاغدا قوغۇن ئېلىۋاتقانلارنى تاماشا قىلىۋاتقان سەككىز ياشلىق بالا «ئېشەك يىغلاۋاتىدۇ...» دەپ ھەيرانلىق ئىلكىدە چۇقان سالدى. بۇ ھالنى كۆرۈپ مىيىقىمدا كۈلگىنىمچە، بۇ پارنىكنىڭ «مەھسۇلاتى»نىڭ ھەر ھالدا ئېشەك بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىگەنلىكىگە شۈكرى دېدىم. بىز ئەنە شۇ بالىلىرىمىزغا قوغۇن ـ تاۋۇزنى ئوبدان تونۇتساقمۇ، ھاڭراۋاتقان ئېشەكنىڭ ھارۋىسىغا چىققۇچە قانداق كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى چۈشەندۇرۇشكە ئامالسىز قالىمىز. ئېشەكنىڭ ھاڭرىغان ھالىتىنى «يىغلىدى» دېسە، كۈلمەكتىن باشقا يەنە ئامالىمىز يوق. چۈنكى، بىز ئەنە شۇ ھايۋانلارنىڭ ئادەت، خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈشەندۇرۇشنى ئارتۇق دەپ قارايمىز. چۈنكى، تەرەققىيات دېسە، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا ئېگىز بىنالىرى بىلەن، ئاسفالت كوچىلىرى بىلەن ھەيۋەت كۆرۈنىدىغان شەھەر مۇھىتىلا سىڭىپ كىرەلەيدۇ. ئەلۋەتتە، بۇمۇ بىر تەرەققىيات، ئەمما شەھەرلەردىكى بىنالارنىڭ ئېگىزلىكى، تۇشمۇتۇشتىن ئۆرلەۋاتقان قويۇق ئىس ـ تۈتەكلەر ئاسمان ۋە كۆك نۇرنى تولىمۇ قىممەتلىك

نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى . راسا قىيغىتىپ ئوينىغۇدەك
مەيدانلارنى تېپىش ئاسان ئەمەس ، قول سىلىپ شاپاشلاپ
ماڭغىلى بولىدىغان ئازادە كوچىلار يوق دېيەرلىك بولۇپ
قالدى . شەھەر كوچىلىرى جىددىيچىلىك ۋە ۋەھىمىگە
تولغان بولۇپ ، باللارنى ئەركىن قويۇپ بېرەلمەيسەن ،
قايسى ماشىنا چېقىۋېتەركىن ، قايسى ئادەم بېدىكى ئال-
داپ ئېلىپ قاچاركىن ، دېگەن ئەندىشە ئىچىدە ئۆچەككە
سولاپ تېلېۋىزور كۆرۈش ، ئويۇنچۇق ئويناشقا مەجبۇر-
لايسەن . غۇر ـ غۇر شامال ، چەكسىز دالا ، تۇرنىلار سېپى ،
يۇلتۇزلۇق ئاسمان ، پاقىلار ھەم بېلىجانلار ئۈزۈپ يۈرگەن
سۈزۈك كۆل سۈيى ، يېشىل مايسىلار دولقۇنلىنىپ تۇرى-
دىغان سالا ـ سالا ئېتىزلار ، يېقىملىق ئايدىڭ ناخشى-
لىرى ، ئاپتاپتا تاۋلىنىپ تۇرىدىغان ئېدىر ـ سايلار ئۇلار
ئۈچۈن تامامەن يات ، شەھەرلەردە تۇغۇلغان باللارنىڭ
ئاڭلايدىغىنى ئەللەي ئەمەس ، بەلكى تاۋارلاشقان لېنتا ۋە
پلاستىنكىلار . بۇلاردا تەبىئەت ئانىنىڭ ئىسسىق مېھرى
يوق . ئۆز ئانا تىلىدا سېھىرگە باي چۆچەكلەرنى ئېيتىپ
بېرەلەيدىغان ، ئىخلاس بىلەن تاھارەت ئېلىپ باللىسىنى
ئېمىتىدىغان ئانىلار ئىنتايىن ئاز . شۇڭا ، شەھەر بالى-
لىرى مېخانىك سېزىمگە باي بولىدۇ . ئېشەك ھاڭرىسا
«ئېشەك يىغلىدى» دەپ چۈشىنىدۇ . مەن ئەنە شۇ
سەككىز ياشلىق بالىدەك چېغىمدا ئېشەكنى تەتۈر مىنىپ ،
ئۇماق قوي ـ قوزىچاقلارنى ئالدىمغا سېلىپ ، يالىڭاچلان-
غان ئېتىزلىقلاردا ، چەكسىز كەتكەن قومۇشلۇقلاردا ناخشا
توۋلاپ ئوينايتتىم . تەكلىماكان گىرۋىكىدىكى بۇ زېمىندا
قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان ياۋا توشقان ، كىرپە ۋە
يىلانلار ئادەمدە ۋەھىمە پەيدا قىلاتتى ھەم ھاياجانلاندۇ-
راتتى . كۆل ـ ئۆستەڭلەردە چۆمۈلۈپ ئويناپ ، چاڭقىسام
كارىزدا دۈم يېتىپ سۇ ئىچىپ ، قوغۇن ـ تاۋۇز ئوغرىلاپ ،
كۈندۈزلىرى قاتار ئۇچقان تۇرنىلارغا زوقلىنىپ
قاراپ ، كېچىلىرى يېڭىدىن توي قىلغان يى-
گىت ـ قىزلارنىڭ ھۇجرىسىنى قىزىقسىنىپ
ماراپ ، خامانچى بوۋاينىڭ يېنىدا تەسەۋۋۇرغا باي
چۆچەكلەرنى ئاڭلاپ قونۇپ قېلىپ يۈرىدىغان
چاغلىرىم ئىدى . دېمەك ، تەبىئەت شۇ قەدەر
تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە ، ئۇ بارلىق ئى-
جادىيەتلەرنىڭ ئانىسى . تەبىئەت بىلەن ئۇچ-
راشمىغان ، تەبىئەت تەربىيىسى كۆرمىگەن ئا-
دەمنىڭ قەلبى تولىمۇ قۇرغاق ۋە چۆللىشىپ
كەتكەن بولىدۇ . يالقۇن روزى «كامالتۇرك ۋە
ئۇرۇمچى» دېگەن ماقالىسىدە: «ئوغلۇم تا ھا-
زىرغىچە قۇياشنىڭ كۆتۈرۈلگەن چاغدىكى ھالىتىنى كۆر-
گىنى يوق ، چۈنكى بۇ شەھەردە قۇياش بىرەر ئىدارىنىڭ
خىزمەت بىناسىنىڭ كەينىدىن كۆتۈرۈلىدۇ . ئەينەك قا-
چىدىكى بېلىجانلار ۋە تەشتەكتىكى گۈللەرلا ئۇ كۆرە-
دىغان بىردىنبىر تەبىئەت ، ھازىرغىچە چىلان تۇپراقنى
دەسسەپ باقمىغان ئوغلۇمغا قاراپ ئىچ ـ ئىچىمدىن پۇ-
چۇلۇپ كېتىمەن» دەپ يازىدۇ . بۇ ئەمەلىيەتتە شەھەر
مۇھىتىدا ياشاۋاتقان ھەر بىر بالىنىڭ پاجىئەسى ، شەھەر
پاجىئەسى . باللار شەھەرنىڭ ئەۋزەل شارائىتىدا قانچى-
لىك سۈپەتلىك مەكتەپ تەربىيىسى قوبۇل قىلىشىدىن
قەتئىينەزەر ، شارائىتى ياخشى تەجرىبىخانىلارنىڭ بېرە-
دىغىنى بەربىر چەكلىك ، ئۇلار نوقۇل پەننىي ئۇقۇملار
ۋە قائىدىلەرگە تايىنىپلا يېڭىلىق يارىتىش ھۆددىسىدىن
چىقالمايدۇ . بەلكى مول تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ بولۇشىغا
باغلىق . ئانا تەبىئەت دەل مول تەسەۋۋۇرنىڭ بىردىنبىر
مەنبەسى . دېمەك ، ھەربىر ئادەم بالىسى تەبىئەت قوچى-
قىدا مول تەسەۋۋۇر ۋە تەسىرلىنىش كۈچىگە ئىگە بولۇپ
چوڭ بولۇشى كېرەك ئىدى . ئاتالمىش بۇ خىل زامانىۋى
شەھەر مەدەنىيىتى ، زامانىۋى تۇرمۇش شەكلى ۋە ھەقى-
قىي ساپ تەبىئەتتىن بولغان شەھەر مۇھىتى باللىرى-
مىزنى يەپ كېتىۋاتىدۇ . بۇ خىل رېئاللىقتىن ئاتا ـ ئا-
نىلارمۇ خالىي ئەمەس ، ئەلۋەتتە ، مېھىر ـ ۋاپا سۇسلى-
شىپ ، ئىجتىمائىي ئەخلاق بارغانسېرى چۈشكۈنلىشىپ
كېتىۋاتقان ، ئىنسانلار ئۆز تەبىئىتىدىن ياتلىشىۋاتقان
ئىجتىمائىي مۇھىت بۇنىڭ دەلىلى . بۇنىڭدىكى مەس-
ئۇلىيەت زادى كىمدە؟ بۇنىڭغا جاۋاب تېپىشتىن ئىلگى-
رى مۇنداق بىر ھېكايىنى ئاڭلاپ باقايلى: «قايسىدۇر بىر
ئەۋلىيا يەتتە ـ سەككىز ياش ۋاقتىدا ، قۇدرەتلىك بىر
پادىشاھ جاھانگىرلىك ئىرادىسىگە مالىك بولۇپ ، دۇنياغا



www.uyghurkitap.com

قوشۇن تارتىپتۇ . ئەمما ، ئۇنىڭ شۇنداق بىر ئالاھىدىلىكى بار ئىمىشكى ، ئۇ ھەرقانداق ئەلگە قول سېلىشتىن بۇرۇن شۇ ئەلگە مەكتۇپ يوللاپ ، ئۇلاردىن: ‹ مېنى كىم ئەۋەتتى؟› دەپ سورارمىش . قايسى ئەلدىن سوئال سورىسا ، شۇ ئەلنىڭ شاھ ، دانىشمەنلىرى قول باغلاپ تۇرۇپ: ‹ ئالىيلىرىنى خۇدا ئەۋەتتى› دەپ جاۋاب بېرەرمىش . بۇ جاۋابقا قايىل بولمىغان جاھانگىر ئۇلارنى قىلىچتىن ئۆتكۈزۈپ ، پۇقرالىرىنى قۇل ، دۆلىتىنى ئىستېلا قىلارمىش . شۇنداق قىلىپ نى ـ نى بەگلىكلەر ، جانلىقلار كېيىنى ـ كەينىدىن مۇنقەرز بولۇپ ، نۆۋەت ئەۋلىيا ئەزەمىنىڭ ۋەتىنىگە كەپتۇ . شاھ ئۆز تەۋەلىكىدىكى بارلىق ئۆلىما ـ ئالىملارنى جاھانگىرنىڭ سوئالىغا جاۋاب تېپىشنى مۇراجىئەت قىپتۇ . ئەپسۇسكى ، ئۇلارمۇ مۇۋاپىق جاۋاب تاپالماي ، شاھنىڭ بېشى قېتىپتۇ . ۋاقىت بارغانسېرى قىستاپ كېلىپ ، جاھانگىر شەھەرگە يېقىنلاپ كەپتۇ.

ئاخىر ئالىملار ئامال قىلالمىغانلىقتىن ، ئۆزلىرىنىڭ كەپسىز ، ئەمما دۇرۇس ، ئەركىن ، يېتۇك بالا تالىپنىڭ: ‹ بۇ جاھانگىرنىڭ سوئالىغا مەن جاۋاب بەرسەم› دەپ تولا داۋراڭ سالغان ئىلتىماسىغا باش لىڭشىتىپ ماقۇل دېمەكتىن باشقا ئامال تاپالماپتۇ . بالا تالىپ يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن ئېرىشكەن بۇ پۇرسەتكە ئىشەنچ ۋە تەدبىر بىلەن يۈزلىنىپ ، تۆگىگە مىنگەن ، قولىغا بىر خورازنى قوندۇرۇپ ، قېشىغا بىر تېكىنى سالغان پېتى جاھانگىرنىڭ يېنىغا مېڭىپتۇ.

جاھانگىر لەكمىڭ ـ لەكمىڭ زەبەردەست قوشۇن بىلەن كېلىۋېتىپ قارىسا ، كىچىك بىر بالا ئەلچىلىك بايرىقىنى كۆتۈرۈپ ئۈچ ھايۋان بىلەن ئۇدۇل ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقۇدەك . ئاڭغىچە جېسەكچىلەر ئۇلارنىڭ كەرەملىكنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگىلى چىققانلار ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىپتۇ . بۇنى ئاڭلىغان جاھانگىر: ‹ توۋا ، ماۋۇ خەقنى ، ئادەمنى شۇنداقمۇ مازاق قىلغان بارمۇ؟› دەپ دەرغەزەپ بولۇپ ، ئېتىنى دىۋىتىپ ، قەھر بىلەن ۋارقىراپتۇ.

ــــ ھەي شۇمتەك ، ئادەمنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرمەي يوقال كۆزۈمدىن!

ــــ خوش ، كەرەملىك ، كۆرۈپ تۇرۇپسىز ، بوي دېسىڭىز تۆگىدىمۇ ، تاج دېسىڭىز توخۇدىمۇ ، ساقال دېسىڭىز ئۆچكىدىمۇ بار . ئەگەر مەن كىچىكلىكىم بىلەن پىسەنتىڭىزگە سىغمىسام ، قېنى مەرھەمەت . ئۆزىڭىز خالىغان سوئالىڭىزنى سوراڭ!

بالىنىڭ گېپى بۇ پاراسەتلىك جاھانگىرگە شۇنداق تەسىر قىپتۇكى ، ئۇ خىجىللىق ئىلكىدە شۇ ھامان ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ:


ــــ خوش ، قېنى جاۋاب بەرگىنە ئەمىسە ، مېنى كىم ئەۋەتتى؟

ــــ ئەي كەرەملىك شاھەنشاھ ، سېنى ھېچكىم ئەۋەتكىنى يوق ، پەقەت ئۆزىمىزنىڭ ئۇسال خۇي ـ پەيلى سېنى چىللاپ كەلدى!

بۇ جاۋابتىن قانائەتلەنگەن جاھانگىر شۇ يەردىلا قوشۇنلىرىنى قايتۇرۇپ ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ كېتىپتۇ».

بىز بۇ ھېكايەتتىن شۇنى ئېنىق ھېس قىلىمىزكى ، بۇ يامراپ كېلىۋاتقان يوشۇرۇن ئاپەتنى ئۆز قوينىغا ئالغان ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئادەت خاراكتېرىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشىدا ھەممىمىزنىڭ ئازدۇر ـ كۆپتۇر مەسئۇلىيەتسىزلىكىمىز بار . بىز رېئاللىققا نىسبەتەن توغرا قاراشنى تۇرغۇزۇش بىلەن بىرگە ئەنە شۇ رېئاللىققا يارىشا تەدبىر ، ئۇسۇل ، پىلانلارغىمۇ ئىگە بولۇشىمىز كېرەك . لېكىن ، بالا تەربىيەسىگە بىز بۇرچكارلىق خۇسۇسىيەتنى ئۇنتۇغان ھالدا مۇئامىلە قىلىپ كەلدۇق . بۇنىڭ بىلەن ئاتا ـ ئانىلار بىلەن پەرزەنتلەر ئوتتۇرىسىدىكى روھىي ئارىلىق چوڭىيىشقا باشلاپ ، پەرزەنتلىرىنىڭ تۇرمۇش يولى ، ئەخلاق ۋە كۆزقاراش جەھەتتىكى ياتلىششلىرى ئېچىنىشلىق بۆلۈنۈشلەرنى ئېلىپ كەلمەكتە . ئۇلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆيۈنۈشىگە تولىمۇ كۆنۈپ كەتكەچكە ، ئاتا ـ ئانىسىنى بايلىق ۋە شەپقەت مەنبەسى دەپ قارايدۇ . بۇ خىل غېرىبلىق ۋە روھىي كەمتۈكلۈك بالىلىرىمىزنى قولىدىكى نانىنى باشقىلار تارتىۋالسا ھېجىيىپ تۇرىدىغان كىچىك ماڭقۇرتلارغا ئايلاندۇرۇپ قويماقتا . بۇ پاجىئەنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇش ھەر بىر ئاتا ـ ئانىنىڭ ۋىجدانىي مەسئۇلىيىتىدۇر . ئەگەر ئاتا ـ ئانا بالا تەربىيىسىدە ماددىي ۋە مەنىۋى مەھكۇملۇقتىن قۇتۇلغان ، ئىنسانىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، ئىجتىمائىي سالاھىيەت ۋە ئىمتىيازلارنىڭ جۇلاسىدىن خالىي ھالدا ئېتىقادى رەۋىشتە ئۆلچىسە ، ئۇ چاغدا ئادەم ھايۋانىي كۆپىيىشتىن ساقلىنىپ ، شەرەپلىك ئىنسانىي كۆپىيىشكە يۈزلىنەلەيدۇ.

تەھرىرلىگۈچى: **پولات ھېۋزۇللا**



# پۇل ئۇلارنى يىراق ـ يىراقلا قاتراتتى

زۇ زىڭجى

ئابدۇسالام ئابلىز تەرجىمىسى

TANGRITAG LITERATURE

## مۇدۇرۇش

*يىقىلمايدىغان پالۋان*
*مۇدۇرمەيدىغان تۇلپار يوق.*

*ـــ قازاق خەلق تەمسىلى*

دەۋلىتقان چۆچەكلىك قازاق بولۇپ ، 1959 ـ يىلى تۇغۇلغان . 1981 ـ يىلى لەنجۇ غەربىي شىمال مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن ، 1991 ـ يىلى مائاشىنى توختىتىپ ، شتاتىنى ساقلاپ قېلىپ سودا قىلىشقا باشلىغان . باشتا غۇلجىدا «تۇلپار» ناملىق رەسىمخانا ئېچىپ سۈرەت تارتىش ، چوڭايتىش كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان.

ئوتتۇرا بوي ، ساقاللىق ، قوي كۆز كەلگەن بۇ ساغلام يىگىتنىڭ قابىلىيەتلىكلىكى بىر قاراشتىلا بىلىنىپ تۇراتتى . ئۇ تىجارەتنىڭ ئېپىنى بىلگەچكە «تۇلپار» نىڭ تىجارىتى ناھايىتى روناق تاپتى ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ نامى چىقتى.

تۇلپار ـــ ئەلا سورت بولۇپ ، قازاقلارنىڭ پەخرى ، بۇنىڭدىن 2000 يىلدىن ئىلگىرىكى خەن سۇلالىسى ليۇچى دەۋرىدىلا ئۇنىڭ داڭقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقالغان . دەۋلىتقانمۇ خۇددى تۇلپارغا ئوخشايتتى.

ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بورتالا ، شىخۇ قاتارلىق جايلاردا ئىككى تارماق رەسىمخانا ئاچتى . 1991 ـ يىلى 11 ـ ئايدا قازاقىستاننىڭ تالدىقورغان شەھىرىدە بىر تارماق رەسىمخانا ئېچىپ ، ئىشلىك بېشىغا قازاقچە ، خەنزۇچە ، رۇسچە ئۈچ خىل يېزىقتا يېزىلغان ، بۇرجىكىگە بىر تورۇق تۇلپارنىڭ رەسىمى سىزىلغان ۋىۋىسكا ئاستى ۋە «لېكەي» ماركىلىق پىلىيونكا ، رەسىم قەغىزى تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى . جۇڭگونىڭ داڭدار مەھسۇلاتى بولغان «لېكەي»نىڭ سۈپىتى ئەلا ، باھاسى ئەرزان بولغاچقا ، كۈچلۈك رىقابەت ئىقتىدارى بىلەن ياپونىيە مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى . «تۇلپار»دىن خېرىدارلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى ، ئۇنىڭ سودىسى ئىنتايىن قىزىپ كەتتى ، ساندۇق ـ ساندۇق «لېكەي» ماركىلىق ماللار ئايىغى ئۈزۈلمەي سېتىلدى.

قازاقىستان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رېسپوبلىكىلىرىدىن بىرى بولۇپ ، 1991 ـ يىلى 12 ـ ئايدا مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ، ئەركىن بازار سودىسى ئەۋج ئېلىپ باي ـ كەمبەغەللىك پەرقى تېزلا چوڭىيىپ كەتتى . دۆلەت 70% مېتال سانائىتى ، نېفىت سانائىتى ، تەبىئىي گاز زاپىسىنى چەت ئەلنىڭ چوڭ شىركەتلىرىگە سېتىۋەتتى . ھەتتا پايتەختنى توك بىلەن تەمىنلەش ئىشىمۇ بېلگىيىلىك خوجايىنلارنىڭ چاڭگىلىغا ئۆتۈپ كەتتى . مال باھاسى ئۆرلەپ چەت ئەل پۇللىرى كۆپلەپ ئىشلىتىلىشكە باشلىدى ، پۈتۈن دۆلەتنىڭ چوڭ ـ چوڭ ماگىزىنلىرى پۇللىرىنى چەت ئەل پۇللىرىغا ئالماشتۇرىدىغان نۇقتىلارنى تەسىس قىلىشتى . قازاقىستان ئۆزى

«تەڭگە» دەپ ئاتىلىدىغان پۇل تارقاتتى . 1998 ـ يىلى 76 تەڭگە بىر ئامېرىكا دوللىرىغا ، 1999 ـ يىلى 3 ـ ئايدا 88 تەڭگە بىر دوللارغا ، 1999 ـ يىلى 7 ـ ئايدا 130 تەڭگە بىر دوللارغا ئايرىۋاشلاندى.

كەمبەغەللەرنىڭ كۆپلەپ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ ، شەھەر ـ بازارلارنىڭ ھەممە يېرىدە مەكتەپ يېشىدىكى باللار ، پېنسىيىگە چىققانلار ، تىلەمچىلىك قىلىدىغانلار ، ياشلار توپ ـ توپى بىلەن چەت ئەللىك خوجايىنلارغا ياللىنىپ ئىشلەيدىغان ئەھۋال پەيدا بولدى . دەۋلېتقان يەرلىك ئادەملەرنى ئىشلەتمەي قازاق ، خۇيزۇ ، خەنزۇ ، ئۇيغۇر ، موڭغۇللاردىن بولۇپ دۆلتىمىزدىن ئېلىپ بارغان 19 كىشىنى ئىشلەتتى . 1998 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە مىليون يۈەن مەبلىغى بولغان زور بايغا ـــ مىليونېرغا ئايلاندى.

بۇ دۆلەتتە ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر مۇرەككەپ ۋە كۆنسايىن ئۆتكۈرلىشىۋاتقان بولۇپ ، جەمئىيەت ئامانلىقى ناھايىتى ناچار ، ۋەزىيەت قالايمىقان ، شۇنداقلا قارا جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى ئەۋج ئېلىپ كەتكەندى.

دەۋلېتقان ئەقىللىق بولغاچقا ئېھتىيات بىلەن ئىش كۆردى ، بىراق چوڭ مۇھىت ناچار بولغان ئەھۋالدا كىچىك مۇھىت ھەرقانچە ياخشى بولغىنى بىلەنمۇ ئۇنىڭ كارايىتى چاغلىق ئىدى . دەرەخ جىم تۇرىمەن دېسىمۇ شامال ئۇنى جىم قويمايدىغان گەپ.

يېچىنوف رۇس بولۇپ ، 50 ياشلارغا يېقىنلاپ قالغانىدى . ئۇ دەۋلېتقاننىڭ قولىدىكى بىر مەغلۇبىيەتچى ئىدى . ئەسلىدە ئۇ «پرونزى» دېگەن بىر رەسىمخانىنىڭ خوجايىنى بولۇپ ، 1999 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ۋەيران بولدى ، شۇنىڭ بىلەن بىساتلىرىنى سېتىۋەتتى ، خىزمەتچىلىرىنى تارقىتىۋەتتى ، ئۆزى بولسا بۇلاڭچىلىق يولىغا قەدەم باستى . ئۇ ناھايىتى نۇرغۇن پۇلغا ئالتە بۇلاڭچىنى سېتىۋېلىپ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى زور پاجىئەلەرنى پىلانلىدى ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلدى.

31 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئىككى قازاق يىگىتى «تۇلپار»غا كىرىپ كەلدى . ئۇلارنىڭ بىرى يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ لىكتورى ، تراكتور زاۋۇتىنىڭ تېخنىكى دېگەن خىزمەت كىنىشكىسى بار ، ئىنتايىن رەتلىك كىيىنگەن كىشى بولۇپ ، ئۇ ئاۋۋال ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن دەۋلېتقانغا ئالمائاتادا يەنە بىر تارماق رەسىمخانىنى

بىرلىشىپ ئېچىش تەكلىپىنى بەردى ۋە ھەمكارلىشىش توغرىسىدىكى كېلىشىمنامىنى چىقاردى . دەۋلېتقان:

ـــ دۇكىنىمىزدا ئادەم ئاز ، ئىقتىسادىمىزمۇ ئاجىز ، شۇڭا دۆلىتىڭلاردا يەنە بىر تارماق دۇكان ئېچىش پىلانىمىز يوق، ـــ دېدى كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىپ . دەۋلېتقان ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ ناتونۇش كىشىلەرگە ئانچە ئاسان ئىشىنىپ كېتەلمەيتتى . ئۇلارنىڭ بىرى چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلغان ھالدا:

ـــ ئەپەندىم ، بىز بىر مىللەت . لېكىن ھەرقايسىمىزنىڭ ئۆز دۆلىتىمىز بار ، بۇ خۇددى قان قېرىنداشلارنىڭ بىرى شەرقتە ، بىرى غەربتە ياشىغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش، ـــ دېدى.

ـــ دوستۇم ، بىز ھەممىمىز ئالىي مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەن بولساقمۇ ، مائاشىمىزنى تولۇق ئالالمايمىز ، ئالغان تەقدىردىمۇ ۋاقتىدا ئالالمايمىز ، تۇرمۇشتا قىينىلىپ قېلىۋاتىمىز ، بىز پۇل ئۈچۈن ۋىجدانسىزلىق قىلىدىغان ئىشنى قىلمايمىز . خۇددى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئېيتقاندەك «قورايغا ئايلىنىپ قالساقمۇ ئېچىرقاپ كەتكەن ئىتقا ئوخشاش قاۋىمايمىز» . شۇڭا سىزنى ئىزدەپ ئالدىڭىزغا كەلدۇق، ـــ دېدى ئۇلارنىڭ يەنە بىرى ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا.

ـــ ئادەمگە كەلسەك ، پەقەت دۆلىتىڭلاردىكى ئادەملەر بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارغا يۇقىرى ئىش ھەققى بەرمىسەڭلار بولمايدىكەن . مەردانە قەدەم تاشلاپ بىلىمى بار يەرلىك كىشىلەرنى ئىشلەتكەندە بىرقەدەر زور تەرەققىياتقا ئېرىشكىلى بولىدۇ، ـــ دېدى يەنە بىرى.

ـــ پۇل ئاز بولسا كۆپچىلىك يىغىش قىلىپ ، ھەسسىدارلىق تۈزۈمىنى يولغا قويايلى . سىز كۆپرەك چىقىرىڭ ، بىز ئازراق چىقىرايلى ، بەكمۇ چوڭ ئىش تۇتمايلى، ـــ دېدى يەنە بىرى قوشۇمچە قىلىپ . دەۋلېتقان يۇمشاپ قالدى . ئۇ تولىمۇ ئاق كۆڭۈل ئىدى.

ـــ ئۇكام، ـــ دېدى ھېلىقى ئىككىيلەن بىرى توختىسا يەنە بىرى، ـــ سىز يۇرت ـ ماكانىڭىزنى تاشلاپ بۇ يەرگە كەلدىڭىز ، بۇنىڭدىكى مەقسەت ئەلۋەتتە پۇل تېپىش ، ئەمما سىلەرگە ھەقىقىي دوستلۇق كېرەك ئەمەسمۇ؟!

ئالمائاتا قازاقىستاننىڭ ئەڭ چوڭ شەھىرى ئىدى ، دەۋلېتقان بىرقانچە قېتىم بۇ يەرگە كېلىپ بۇ شەھەرنى ،

بۇ شەھەردىكى مەشھۇر جايلارنى كۆرۈپ باقماقچى بولسىمۇ ، لېكىن بۇنىڭغا جۈرئەت قىلالمىغانىدى . بۇ قېتىم بۇ شەھەرگە بېرىپ بازارلارنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش ، شۇنداقلا تاماشا قىلىش نىيىتى بىلەن ماقۇل بولدى.

— بولىدۇ ، ئۈگۈنلۈككە پۇلنى ئېلىپ كېلىپ كېلىشىمنى ئىمزالايلى! — دېدى ئۇ.

8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ھېلىقى ئىككى كىشى 90 مىڭ يۈەن خەلق پۇلىنى كۆتۈرۈپ كەلدى . 4 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن دەۋلېتقان رەسىم چوڭايتقۇچى لى داجۈن ۋە ھېلىقى ئىككىيلەن پويىز بىلەن ئالمائاتاغا كەلدى.



ئۇلار شەھەردىكى ئاۋات كوچا ئاباي كوچىسىغا جايلاشقان ، مائارىپچى ئاباي ھەيكىلىنىڭ قىيباش ئۇدۇلىدىكى «ئوتتۇرا ئاسىيا» مېھمانسارىيىغا كېلىپ 16 ـ قەۋەتتىكى قوشنا ئىككى ياتاققا جايلاشتى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن ھېلىقى ئىككىيلەن دەۋلېتقانلارنى ئۆزلىرىنىڭ ياتىقىغا تەكلىپ قىلدى . دەۋلېتقانلار بۇنى رەت قىلمىدى.

ئۇلار بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن ، ئىشىك چېكىلدى ۋە كۆتكۈچى قىز قارا كۆزەينەك تاقىغان بىر مېھماننى باشلاپ كىردى . ھېلىقى ئىككىيلەننىڭ بىرى يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇ كىشىنى كۈتۈۋالدى ، يەنە بىرى كەلگەن مېھماننى تونۇشتۇردى.

— بىز كونا دوستلاردىن ، تونۇشتۇرۇش ھاجەتسىز ، شۇنداقمۇ دەۋلېتقان ئەپەندى؟ — دېدى ھېلىقى مېھمان قاقاقلاپ كۈلگىنىچە كۆزەينىكىنى ئېلىۋېتىپ.

— يېچنوف!

بۇنىڭدىن ھەيران بولغان دەۋلېتقاننىڭ كاللىسىدىن «ئۇ قانداقلارچە بۇ يەرگە كېلىپ قالدى؟» دېگەن ئوي كەچتى ـ دە ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ:

— سىلەر پاراڭلىشىڭلار ، بىز ياتاققا چىقايلى،— دەپ ئورنىدىن قوزغالدى.

لى داجۈن ئىشىكنى ئېچىشى بىلەن ئىشىكنىڭ يېنىدا تۇرغان بىرەيلەن ئۇنى مۇرىسى بىلەن ئىتتىرىۋىدى ، ئۇ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى.

— ھا ـ ھا ـ ھا... — يېچنوف يەنە بىردەم قاتتىق كۈلدى ، شۇ ئەسنادا تۆت دارازا كىرىپ كەلدى ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياۋروپالىق ئىدى.

— لى ئەپەندى ، كەلگەندىكىن خاتىرجەم ئولتۇرۇۋېرىڭ ، نېمىگە ئالدىرايسىز؟ بۇ تۆت كىشى سىلەرنىڭ يېڭى دوستۇڭلار ، رۇس ، سىلەرگە كېچە ـ كۈندۈز ھەمراھ بولىدۇ . سىلەر بىلەن بىللە ساياھەت قىلىدۇ ، بىللە دەم ئالىدۇ ، بىخەتەرلىكىڭلارنى قوغدايدۇ.

— يېچنوف ، مەن دەۋلېتقان ھېچقاچان سىزگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمىگەنىدىم ، بۇ زادى نېمە قىلغىنىڭىز؟

— نېمە قىلغىنىڭىز دەۋاتامسىز؟ سەن سەممىي سودىگەر بولغانلىقىڭ ئۈچۈن سىلەرنى مۇشۇنداق ئەدەپ بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇۋاتىمەن . ھەمكارلىقىمىزنىڭ ئوتۇقلۇق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن ، ئۇنداق بولمايدىكەن ، سىلەرنى ئۆلتۈرۈپ ھېچقانداق ئىز قالدۇرماسلىق مەن ئۈچۈن ئۇنچىۋالا تەس ئىش ئەمەس ، جۇڭگولۇقلار بۇ يەردە يوقاپ كەتسە بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئۇنچىۋالا ھەيران قالمايدىغانلىقى سىلەرگىمۇ ئايانغۇ دەيمەن!

— مۇشۇنداق ھەمكارلىشامدۇق؟

— ھا ـ ھا... قازاقلاردا، — دېدى يېچنوف يەنە بىردەم تەلۋىلەرچە كۈلگەندىن كېيىن، —«تۈلپاردا تۇلپارچە كۆز بولىدۇ ، ئەزىمەتتە ئەزىمەتچە جاسارەت» دېگەن تەمسىل بار ئەمەسمۇ ، بۇ يەردىكى ھەمكارلىقىمىزنى قاراپلا چۈشىنىشىڭ كېرەك ، بەلكى ئەڭ زور جاسارەت بىلەن ھەمكارلىشارمىز! ھەرقانداق چوڭ مۇزلۇقلارمۇ قارلىق چوققىلاردىن ئېشىپ كېتەلمەيدۇ . دوستۇم ، مەن قولۇمنى چېگرا سىرتىغا سوزالمايمەن!

www.uyghurkitap.com



— ئېنىقراق گەپ قىلمامسىز!

— بۇ يەردە ئۈچ بەت قەغەز ، ئالتە تال قەلەم بار . ھا ـ ھا ـ ھا...، — بۇ قېتىم ئۇ تېخىمۇ ئەسەبىيلەرچە كۈلدى، — سەن قازاق تىلىدا ئۈچ نۇسخا ھۆججەت ياز ، لى ئەپەندىم خەنزۇچە ئىسپات يازسۇن ، ئۇنىڭ بىرى 2 مىليون تەڭگە ، يەنە بىرى 1 مىليون 800 مىڭ خەلق پۇلى ، ئۈچىنچىسى 900 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولسۇن ، ئۇلارنى ماڭا بەر ، سەن «تۇلپار» دىكىلەرگە بىر پارچە خەت يازغىن . لى ئەپەندى قايتقاچ تۇرسۇن . سېنى سەن بىلەن بىرگە كەلگەن ئىككى كىشى يولغا سالىدۇ . «تۇلپار» دىكى بارلىق خادىملار دۆلەتكە قايتسۇن ، دۇكاننى سەن بىلەن بىرگە بارغان ئىككى كىشىگە تاپشۇرۇپ بەرگىن . لى ئەپەندى چېگرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن تېلېفون بەرسۇن (ئۇ شىرەدىكى تېلېفوننى كۆرسىتىپ قويدى) . شۇنىڭدىن كېيىن سېنى قويۇۋېتىمىز . شۇنداق قىلىپ مەسىلىنى ئۈزۈش ـ تالاش قىلماي ، قورالمۇ ئىشلەتمەي تىنچلىق بىلەن ھەل قىلساق ، ئۆزئارا ئىلتىپات قىلغان بولمامدۇق؟ ئۇنداقتا ساڭا ئىنتايىن رەھمەتلىك قىلغان بولمامدۇق؟! دەرۋەقە سەن ساقچى چاقىرساڭمۇ ، كونسۇلخانىلارنى ئىزدىسەڭمۇ بولىۋېرىدۇ . ھا ـ ھا ـ ھا...

دەۋلېتقان قاتتىق خورسىندى ، ئۇلارنىڭ دېگىنىنى بويىچە قىلدى.

ئېگىز تېرەككە قونىدىغان قاغا كۆپ بولىدۇ ، دەۋلېتقان ئۇلارنىڭ يالاپ يۈرۈشى بىلەن 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى قەھرىمانلىرىنىڭ خاتىرە مۇنارىنى ، ئوقۇتقۇچىلار مۇزېيى ، قازاقىستاننىڭ بىر كۋادرات مېتىر جايىغا 300 دىن توغرا كېلىپ ، خۇددى قاتار تىزىپ قويغان بومباردىمانچى ئايروپىلاندەك بەلۋاغ ھاسىل قىلغان چېكەتكىلىرىنى شەھەرنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقا يوللىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

7 ـ كۈنى لى داجۇندىن تېلېفون كەلدى . بۇ چاغدا دەۋلېتقان بىرلا كۇسار بىلەن قالغانىدى ، ئۇلار دەۋلېتقاننى يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە شەھەر سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ ماشىنىدىن چۈشۈرۈۋەتتى . سۆرۈن ئايدەك كېچىدە مۇدۇرۇپ كەتكەن تۇلپار ئىنتايىن ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى . ئۇ ئۇرۇمچى تۆمۈريول ئىدارىسى خەلقئارا پويىز خىزمەتچىلىرىنىڭ ياردىمىدە ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلەلىۋالدى.

## 2 . لاچىننىڭ قانتى سۇندى

*ھەرقانداق مەزمۇت لاچىننىڭمۇ بوران ـ چاپقۇندا قانىتى سۇنىدۇ . ھەرقانچە ئەقىللىق كىشىمۇ تۇزاققا چۈشۈپ قالسا ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايدۇ.*

*— ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىلى*

ئەبەيدۇللا — قۇمۇللۇق ئۇيغۇر بولۇپ ، 1965 ـ يىلى تۇغۇلغان . 1987 ـ يىلى بېيجىڭ گېئولوگىيە ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن ، 1993 ـ يىلى خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ قاشتېشى سودىسى بىلەن شۇغۇللانغان ، 1995 ـ يىلى قەشقەردە «قار لەيلىسى» سودا شىركىتى قۇرۇپ ، ئۆزى دىرېكتور بولغان.

ئېگىز ، ئورۇق ، ئۈچلۇق ئېڭەك ، كۆزى كىچىك كەلگەن بۇ ئادەم سۆزلىگەندە نەسىردىن ئەپەندىگە ئوخشاپ قالاتتى . پۇت ـ قوللىرى چاققان ، كاللىسى ئۆتكۈر بۇ سودىگەر نېپال ، بىرما ، شياڭگاڭ ، مالايسىيا قاتارلىق جايلاردا سودا قىلىپ ئىشەنچكە ئېرىشكەن ، جىق مال سېتىش بىلەن بېيىغان.

ئۇنىڭ شىركىتىدىكى تۆت ئادەمنىڭ بىرى ئايالى ، يەنە بىرى ئۇكىسى ، يەنە بىرى سىڭلىسى ئىدى . ئۇنىڭ دۇكىنى چوڭ بولمىسىمۇ يورۇق ، پاكىز بولۇپ ، ئىپارخان قەبرىسىگە يېقىنلا جايدا ئىدى.

ئۇ چەت ئەلدىكى ئىشلارنىڭ تولىمۇ چىگىش ـ مۇرەككەپلىكىنى ئوبدان بىلگەچكە ، سىرت بىلەن بولغان سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنى ئۆزىلا قىلاتتى . ئىنىسى خوتەن ، ئالتاي قاتارلىق جايلارغا بېرىپ مال سېتىۋالاتتى ، سىڭلىسى بىلەن ئايالى ئالمىشىپ دۇكاندا تۇراتتى . ئەبەيدۇللانىڭ ئىككىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان ئوغلى ئەنۋەر ئەبەيدۇللانىڭ كورلىدىكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ يېنىدا ئوقۇيتتى.

سودىغا ماھىر بولۇش ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسى ، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى بولغان «ئۇيغۇر» لار تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا غەربىي دىياردىن چاڭئەن ، لوياڭ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ سودا قىلغان . ئۇلار يىپەك يولىنىڭ دائىملىق كارۋانلىرى ئىدى.

ئەبەيدۇللانىڭ ئومۇمىي مۈلكى 60 مىليون بولۇپ ، مىلياردېر بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى . ئۇ «ئەپەندىم» دىنمۇ پىلانچى ئىدى ، ئۇنىڭ نەزىرى چەت ئەلگە تىكىلگەن

بولسىمۇ ، لېكىن چەت ئەلدە دۇكان ئاچمىدى . ئۇ ھىندۇنېزىيىدىكى جۇڭگولۇق سودىگەرلەرنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن قىسمەتلىرىدىن ساۋاق ئالدى ، ئاشۇلارنىڭ بېشىغا كەلگەن تەقدىرنىڭ ئۆز بېشىغا كېلىشىدىن ئەنسىرىدى ، ئۇ باشقىلار بىلەنمۇ شېرىكلەشمىدى . ئۇرۇق ـ تۇغقانلاردەك دوستلىرىنىڭمۇ پۇلنى كۆرگەندە كۆزى قىزىرىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى . شۇڭا ئۇ يالغۇز ھەرىكەت قىلدى . ئۆز كۆڭلىگە پۈككەنلىرى بويىچە ئىش قىلدى ، نەچچە ئونلىغان قىممەت باھالىق تاشلار 100 گراممۇ كەلمەيتتى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلارنى ئېلىپ يۈرۈش قۇلايلىق بولۇپ ، بۇزۇلۇپمۇ كەتمەيتتى.

ئۇ ۋاقىت ۋە پۇلنىڭ يولدا ئىسراپ بولۇپ كېتىشىنى خالىمىغاچقا ، يېقىنراق جايلاردا دۇكان ئاچماقچى بولدى . 1998 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن 1999 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئافغانىستان ، لاتۋىيە ، ئوكرائىنا قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ كۆرۈپ ئاخىر قىرغىزىستاننى تاللىدى . ئۇنىڭ بۇ يەرنى تاللىشىدا ئۈچ سەۋەب بار ئىدى: بىرىنچىدىن ، بازار ئەھۋالى ياخشى ئىدى؛ ئىككىنچىدىن ، مۇسۇلمانلار دۆلىتى؛ ئۈچىنچىدىن ، يېقىن بولۇپ قەشقەردىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان مۇساپىنىڭ يېرىمچىلىك كېلەتتى.

ئەبەيدۇللا پىرژېۋالىسك شەھىرىدىكى ئالتە ئەڭ چوڭ ئۈنچە ـ مەرۋايىت دۇكىنىدىكىلەر بىلەن تونۇشقان ۋە ئالاقىلاشقانىدى . ئۇ بىرىنچى قېتىملىق سودىسىدا 87 گرام كۆك ياقۇتنى ئالتە دۇكانغا ئاپىرىپ باھاسىنى سۆزلەشكەندىن كېيىن ، ياقۇتنى ئۇلاردىن ئىككىسىگە سېتىپ پۇلنى جۇڭگوغا ئەۋەتتى.

ئەبەيدۇللانىڭ 2 ـ قېتىملىق سودىسى تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق بولدى . پىرژېۋالسكتىكى «خەيلەن» زىبۇزىنەت دۇكىنىنىڭ خوجايىنى قىرغىز يوسنوزنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن تاشقۇمىر شەھىرىدىكى «شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزى» قاشتېشى دۇكىنىنىڭ دىرېكتورى ، قىرغىز دۆلئۇرمان بىلەن پۈتۈشكەن 62 گرام قاشتېشى بىر قېتىمدىلا سېتىلسا مىلياردىر بولۇشقا گەپ كەتمەيتتى.

قىرغىزلار دۆلىتىمىزدىمۇ بار بولۇپ ، ئۇلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ جەنۇبىدا ياشايدۇ ، ئۇلارمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

دۆلئۇرمان ئەبەيدۇللانى چوڭ خېرىدار خوباچېۋ شەھىرىدىكى زىبۇزىننەت باش شىركىتىنىڭ دىرېكتورى قادىرغا(ئۇيغۇر) تونۇشتۇرۇپ قويدى . ئۇنىڭغا تەبىئىي قاشتېشى كېرەك ئىدى.

ئەبەيدۇللا ئۇنىڭغا بىر پارچە 987 گرام ئېغىرلىقتىكى خوتەن «زۇمرەت»ىنى ئېلىپ كەلدى . ئۇ زۇمرەت تاشقا چاپلىشقىلىق بولۇپ ، ساپ ، تەبىئىي مال ئىدى . ئۇنىڭ ئېغىرلىقى 1121 گرام كېلەتتى.

ئالتۇننىڭ باھاسى بولغىنى بىلەن قاشتېشى بىباھا ئىدى . ئۇلار ھەر بىر گرامىنى 30 ئامېرىكا دوللىرىدىن دېيىشىپ ، 27.5 ئامېرىكا دوللىرىغىچە پۈتۈشتى.

ئۇلار قاشتېشىنى باشقىدىن ئۆلچىۋىدى ، ئۇ 3 . 992 گرام كەلدى . سودىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولغانلىقىدىن ئەبەيدۇللا بىردىنلا ئەنسىرەپمۇ قالدى . قىرغىزىستانمۇ ئەسلىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر رېسپوبلىكىسى ئىدى . ئىتتىپاق تارقىلىپ كەتكەندىن كېيىن ، قىرغىزىستان جەمئىيىتىدىكى زىددىيەتلەر كۈچىيىپ ، ئىجتىمائىي تەرتىپ قالايمىقانلىشىپ كەتكەنىدى . بۇ سودىدا نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشكەن ئەبەيدۇللا بۇ يەردىن تېز كەتمەكچى بولدى.

ئەمما ، بۇ ئۈچ مۇسۇلمان خېرىدار ئۆزىگە ئۇرۇق ـ تۇغقىنىغا مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىۋاتسا ، ئۇچىلىسى نام ـ ئابرۇيلۇق خوجايىنلار تۇرسا ، ئۇ بۇ يەردىن كېتىپ نەلەردە مېھمانسارايى ئىزدەپ يۈرىدۇ؟

سىرلىق ئوردىدىن يېنىپ چىقىش ئاسانمۇ؟ گەپ ئىنتايىن ھوشيار بولۇشتا . يوسنوز ، دۆلئۇرمانلار ئۆزلىرىنىڭ سودىدا پۈتۈشكەنلىكىنى تەبرىكلەپ ئەبەيدۇللاغا



ئايرىم ـ ئايرىم هالدا تېلېفون بەردى . قادىر:

ـــ بىزگە يەنە تېخىمۇ كۆپ كۆك ياقۇت كېرەك . ئۇلارنى تۈركىيە ، مىسىرغا ئاپىرىمىز ، مەن كېيىنكى

ھەمكارلىقىمىزنىڭ ئۇتۇقلۇق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن ، تەڭ بېيىيلى، ــــ دېدى . ئەبەيدۇللا كۈلۈمسىرىگىنىچە بېشىنى لىڭشىتتى . كۆڭلىدە بولسا «بۇ قېتىم كېتەۋالسام ئىككىنچىلەپ كەلمەسمەن» دەپ ئويلىدى.

قادىر ئىككى قولى بىلەن ئۇنىڭ ئىككى قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ:

ــــ ئاكا ، بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئوخشاشلا ئورخۇن دەرياسىنىڭ (ئورخۇن دەرياسى ئۇيغۇرلار پەيدا بولغان جاي) سۈيىنى ئىچكەن ، بىزنىڭ خۇدايىمىزمۇ بىر ، بىزنىڭ تەرەققىيات پۇرسىتىمىز سىزنىڭ قولىڭىزدا ، گەپ سىزنىڭ پۇرسەتنى بىزگە بېرىش ـ بەرمەسلىكىڭىزدە ، قۇرئاننى كىم بىلەن ئوقۇسا بولىۋېرىدۇ ، ئەمما سودىنى كۆرگەنلا ئادەم بىلەن قىلىۋەرگىلى بولمايدۇ،ــــ دېدى قادىر قوللىرى بىلەن ئەبەيدۇللانىڭ قولىنى مەھكەم سىققىنىچە.

ئەبەيدۇللا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئۇلار كۆپ قېتىم تېلېفون بېرىپ ئۇنى تەكلىپ قىلدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ «بارسام باراي ، يەنە بىر قېتىم بېرىپ تېخىمۇ كۆپ پايدا ئېلىپ كەلمەيمەنمۇ» دېگەن خىيالغا كەلدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ھىندىستان ، پاكىستانلارغا بارغان باشقا سودىگەرلەر زىيان تارتىپ قايتىپ كېلىشكەندى . بىر قەدەمنى خاتا باسساڭ ھەش ـ پەش دېگۈچە ھەممىدىن قۇرۇق قالىدىغان گەپ.

تېپتىنچ شارائىتتا خەۋپ ـ خەتەرنى ئويلاش ئەخمەقلىق بولسا كېرەك . دۇنيادىكى ئەڭ ئەخمىقانە ئىشلارنىڭ قايسىسىنى چېچەن كىشىلەر قىلمىغان؟!

ئەبەيدۇللا 300 گرام كۆك ياقۇتنى يانفونىنىڭ قېپىغا سېلىپ 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن خۇباچېۋ شەھرىگە يېتىپ كەلدى . ئۇ ئىسسىقكۆل يېنىدىكى ئەلى بابا مېھمانخانىسىنىڭ بىر ئۆلچەملىك ياتىقىغا ئورۇنلاشتى.

ئالدى بىلەن قادىر يېتىپ كەلدى ، مالنى كۆرگەندىن كېيىن تېلىققۇدەك كۈلدى ۋە 70 گرام ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى ، ئۇنىڭدىن كېيىن دۇلئۇرمان كەلدى ، ئۇ 85 گرام ئالماقچى بولدى ، يۇنۇز كەلمىدى . ئۇ تېلېفون بېرىپ ئەڭ كېچىككەندىمۇ ئىككى كۈن ئىچىدە بارىدىغانلىقىنى ۋە 110 گرام ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى . بۇ ئۈچ خېرىدار بىلەن مال تۈگىمىدى ، تۈگىسە ـ تۈگىمىسە مەيلى ئەمەسمۇ ، ئېشىپ قالغىنىنى ئېلىپ كېتىپ دۇكانغا قويۇپ قويىمامدۇ.

25 ـ چېسلا يۇنۇز تېلېفون بېرىپ يەنە ئىككى ـ ئۈچ كۈن كېچىكىپ قالىدىغانلىقىنى ، يېڭى بىر خېرىدارنى باشلاپ بارىدىغانلىقىنى ، بۇ خېرىدارنىڭ ئېشىپ قالغان ياقۇتنىڭ ھەممىسىنى ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

قادىر ئەبەيدۇللاغا ھەمراھ بولۇپ قولۋاققا چۈشتى ، بېلىق تۇتۇشتى . تېپتىنچ كۆل بېتى تېپتىنچ تۇرمۇشقا ئوخشايتتى ، ئەمما ئۇنىڭ قاينام ئۆركەشلىرى سۇنىڭ تېرەن يېرىگە يوشۇرۇنغانىدى . بىخۇتلۇق قىلساڭ ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۇ سېنى يۇتۇپ كېتىدۇ.

ئادەم كۈتۈش ئىنتايىن زېرىكىشلىك بىر ئىش . بولۇپمۇ سودىگەرلەرنىڭ سودا ئىشى بىلەن ئادەم ساقلىشى تېخىمۇ شۇنداق . كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئەبەيدۇللا دېرىزە ئالدىغا كېلىپ كۆككە باقتى ، ئۇ يوپيورۇق ئاينىڭ كۆكتە ئېسىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ، ئايغا ئون بەش بولغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى ، ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئوغلىنى سېغىنىش ھېسسىياتى پەيدا بولدى ، چۈنكى 15 كۈن بۇرۇن كورلىغا بېرىپ ئۇلارنى يوقلىغانىدى.

ئەبەيدۇللا 26 ـ چېسلا قايتماقچى بولدى.

يانفون سايرىدى . يۇنۇز خۇباچېۋغا كەلگەنىدى . ئۇ باشلاپ كەلگەن يېڭى خېرىدار مەن چېچىنىيىلىك باكاچېۋ بولىمەن دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى.

بەشەيلەن مېھمانسارايىنىڭ كافېيخانىسىدا ئۇچراشتى.

ئەبەيدۇللا ئۈچلۈق ئېڭىكىنى تىرىگىنىچە گازىر كۆزلىرى بىلەن يېڭى خېرىدارغا سەپسالدى . بۇ كىشى ئەللىكتىن ئاشقان ، تەمبەل ، يوغان قورساق ، كۆك كۆز ، ئەپتىدىن ۋەھشىيلىك يېغىپ تۇرىدىغان ئادەم ئىدى.

بۇ قېتىم راستىنلا ئەلى باباغا ئوخشاپ قالمەنمۇ نېمە؟

بىراق ، ئۇلار تۆتلا كىشى ، قورقۇنچلۇق كىشىلەر ئەمەس ، شۇڭا بۇلاڭچىلىق قىلىش ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ . ئەڭ ياخشىسى بىر گراممۇ ساتماي قايتىپ بۇ يەردىن تېزدىن يوقاش ئەڭ ياخشى چارە دەپ ئويلىدى ئەبەيدۇللا.

ئەبەيدۇللا ياتاققا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، باش مۇلازىمەتچىگە تېلېفون بېرىپ ياتاقنى قايتۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئەبەيدۇللا تاڭ سۈزۈلگەندىلا ئاستا چىقىپ لىفت بىلەن بىرىنچى قەۋەتكە چۈشتى . بۇ چاغدا بىرىنچى قە-

ۋەتتىكى زالدا ئىككى ـ ئۈچتەك ئادەم بار ئىدى.

ئۇ چوڭ ـ چوڭ قەدەملەر بىلەن سىرتقا جۈنىدى . ئۇنىڭ ئارقىسىدىن «دادا ، ياخشىمۇ سىز...» دېگەن بىر



تونۇش ئاۋاز ئاڭلاندى . ئۇ توختاپ ئارقىسىغا قارىۋىدى ، قادىر بىلەن يىگى خېرىدار تۇراتتى . يىگى خېرىدار كىچىك بىر ئۈنئالغۇ كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ ، ئاتايىقى تونۇش ئاۋاز ئەنە شۇ ئۈنئالغۇدىن چىققانىدى.

— تونۇگۈن ئوغلىڭىز ئەنۋەر كەلدى ، ئۇنى كۆرگۈڭىز يوقمۇ؟ — دېدى قادىر.

ئەبەيدۇللا چىشىنى چىشلىگىنىچە بېشىنى كۆتۈرۈپ بىر ئالىيىپ قويدى ـ دە ، مېڭىشقا تەمشەلدى.

— ئاكا ، يەنە كېلىسىز ، يەنە كېلىپ بىزنى ئىزدەيسىز . ۋاقىتنى ئىسراپ قىلغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ سودا دېگەن سۆھبەت ئارقىلىق بولىدۇ ، باھانى كېلىشسەك بولىدۇ . ناۋادا قاراپ تۇرۇپ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويسىڭىز بەك جىق قۇربان بېرىپ كېتىسىزغۇ دەيمەن؟ سۆھبەتلىشەيلى ، بىز دېگەن بىر ئۇرۇق خەق ، ئاكا ، مەن چامىمنىڭ يېتىشىچە سىزگە ياردەم بېرىمەن!

— ھا ـ ھا ـ ھا... پاژالۇستا (ئولتۇرۇپ سۆھبەتلىشەيلى! — قادىر تەرجىمە قىلدى).

ئۇلار ساپادا ئولتۇرۇشتى ، ئەبەيدۇللا تەرگە چۆمۈلگەنىدى.

ئويلىمىغان خەتەرلىككە بىر قېتىملىق تېلېفون سەۋەبچى بولغانىدى . ئەبەيدۇللا كورلىدىكى ئائىلىسىنىڭ تېلېفون نومۇرىنى يۈنۈزغا دەپ بەرگەن ھەم يۈنۈزنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئوغلىدىن كەلگەن تېلېفوننى ئېلىپ سۆزلەشكەنىدى . بۇ ئىشنىڭ سۇيىقەست دەستىكى بولۇپ قېلىشىنى ، شۇنداق ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتقان سودىنىڭ سۇغا چىلىشىدىغانلىقىنى كىم ئويلىغان دەيسىز!

ئەسلى يۈنۈز ئەبەيدۇللانىڭ ئاۋازىنى تۇيدۇرماستىن ئۈنئالغۇ لىنتىسىغا ئېلىۋېلىپ ، ئاۋازى ئەبەيدۇللانىڭكىگە ئوخشايدىغان بىر ئادەمنى ياللىۋالغانىدى . بۇ ھىيلە ـ مىكىرنى باكاچېۋ پىلانلىغان ۋە ئورۇنلاشتۇرغانىدى . ئۇ قىرغىزىستاندىكى قارا قول پارتىيىسىنىڭ 4 ـ نومۇرلۇق ئاتامانى ئىدى . بۇ ياۋۇز بۆرە ئەبەيدۇللا پەيدا بولغاندىلا بۇ سېمىز گۆشنى يېيىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ، قان تېمىپ تۇرىدىغان ئاغزىنى ئاچقانىدى . ئۇ قادىر قاتارلىق ئۈچەيلەننى ئەبەيدۇللانى تۇزاققا چۈشۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇرغانىدى . شۇڭا ئەبەيدۇللا يېتىپ كېلىشى بىلەنلا يالغان ئەبەيدۇللا (ئاۋازى ئەبەيدۇللانىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدىغان يالغان ئەبەيدۇللا) ئەبەيدۇللانىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا تېلېفون بېرىپ:

— بۇ قېتىمقى سودا چوڭراق ، ۋاقتى سوزۇلۇپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ . ئوغلۇم 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى مەكتەپكە بارىدۇ ئەمەسمۇ ، ئۇنىڭغىچە قىرغىزىستانغا كېلىپ بىرقانچە كۈن ئويناپ كەتسۇنمىكىن دەيمەن؟! قىرغىزىستانلىق ئۇيغۇر ئاغىنەم ئەزىز (يالغان ئەبەيدۇللا) ناھايىتى ئىشەنچلىك ، ئۇ يېقىندا قىرغىزىستانغا قايتىدۇ ، بالىنى شۇ كىشى ئالغاچ كەلسۇن، — دەيدۇ . باكاچېۋ قادىرغا تاپىلاپ ، ئەبەيدۇللاغا بولغان نازارەتنى كۈچەيتىشنى ، ھېچقانداق ئىش قىلدۇرماسلىقنى ، ئوغلىغا تېلېفون بېرىش پۇرسىتىنىمۇ بەرمەسلىكنى ، تېلېفون بېرىپ قالغاندا پۇرسەتنىڭ قولدىن كېتىدىغانلىقىنى ، ئەزىز بېرىشتىن بۇرۇن ئەنۋەردىن تېلېفون كېلىپ قالسا پىلانىنىڭ كۆپۈككە ئايلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ . ئەزىزنىڭ پاسپورتى ، ۋىزىسى ۋە ئايروپىلان بېلىتى راست ئىدى . شۇڭا ئەبەيدۇللانىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئەنۋەرنى ئەزىزگە تاپشۇرۇپ بەردى . ئۇلار بۇ ئىشلارنى ئەبەيدۇللا ئورۇنلاشتۇرغان دەپ بىلگەچكە ، شۇنداقلا پۇلنىڭ كۆزگە قارىغاچقا ئەبەيدۇللاغا تېلېفونمۇ بېرىپ باقمىدى.

باكاچېۋ بىلەن يۈنۈز ئەنۋەرنى «ئەلى بابا» مېھمانسارىيىدىن 300 مېتىر يىراقلىقتىكى «ئىسسىقكۆل مېھمانخانىسى»غا ئورۇنلاشتۇرۇپ ، ئەزىزنى ھەمراھ قىلدى ۋە ئەنۋەرنىڭ ئەبەيدۇللاغا قىلغان تېلېفونىنىڭ ئۈنئالغۇسىنى ئۇنىڭغا قويۇپ بەردى.

ئەبەيدۇللا تەرگە چۆمۈلگەنىدى . ئۇ:

— ماڭا ئوغلۇم كېرەك ئەمەس ، خوش! — دېدى تەرلىرىنى سۈرتكەندىن كېيىن مېڭىشقا تەمشىلىپ.

— ئاكا ، بىزدە ئۇنىئالغۇ لېنتىسىدىن باشقا يەنە سىنئالغۇ لېنتىسىمۇ بار ، بۇمۇ ئەنۋەرنىڭ ، كۆرۈپ باقمامسىز ، نېمىگە ئالدىرايسىز! — ئەبەيدۇللا يېنىپ كېلىپ ئولتۇردى.

سىنئالغۇدىكى كۆرۈنۈش مۇنداق ئىدى: تاتلىق ئۇيقۇدىكى ئوغلىنى ئىككى قاۋۇل كىشى بويىنىدىن تارتىۋاتاتتى . ئوغلى يىغلاپ قىينىلىۋاتاتتى . ئۇنىڭ سول پۇتى ئېگىز كۆتۈرۈلگەنىدى . قىسقا كۆرۈنۈشلەر — بالىنىڭ سول پۇتى ، پىچاق ، بوينى پىچاق بىلەن كېسىلىپ تېرىسى بىلەن گۆشى ئاجرىتىۋېتىلگەن . بالا «دادا» دەپ قاتتىق ۋارقىرىماقتا ، قىپقىزىل قان توختىماي ئاقماقتا...

باكاچېفنىڭ كۆك كۆزى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق بو' ، كەتتى.

— گوسپادىن (ئەپەندىم)، — دېدى كۆك كۆزلىرى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق تۈسكە كىرگەن باكاچېف ئالدىرىماستىن، — بۇ بالىنىڭ بىزگىمۇ كېرىكى يوق ، ئۇ هازىر مېيىپ تىلەمچىگە ئايلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ . لېكىن ئۇنىڭ يارىسىنى تىكىش قىيىن ئىش ئەمەس.

— ياقۇتلارنىڭ هەممىسىنى سىلەرگە بېرەي...

— مەن مۇسۇلمان ئەمەس ، شۇنداقلا خەير ـ ساخاۋەتچىمۇ ئەمەس . شۇڭا ئاۋۇ ئۈچىنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ نەپسىمنى بەكمۇ قويىۋۋەتمەي ، قېنى جۇڭگولۇق ئاغىنىمىزنىڭ ھەمكارلىشىش سەمىمىيىتىنى كۆرۈپ باقايلى... ها ـ ها ـ ها... — دېدى باكاچېف.

— ئاكا ، بىزمۇ بۇ ئىشنى مەجبۇرىي قىلىۋاتىمىز ، سىزگە يۈز كېلەلمەيمىز ، ناۋادا ساقچىغا مەلۇم قىلسىڭىز ، مۇشۇ ئۈچىمىزلا تەكشۈرۈلىمىز ، ئۇنىڭغا هېچ ئىش كەلمەيدۇ . ئۇنى قولغىمۇ ئالمايدۇ ھەم چېقىلالمايدۇ ، ئاكا! هېچنېمە بولمىدى ، ئەنسىرىمەڭ ، بايا سىزنى قورقۇتۇپ قويدۇق...

دەل مۇشۇ ئەسنادا ىرۇز بىلەن دۈئۈرمان كىرىپ كەلدى . باكاچېف ئەبەيدۇللاغا بىر دۈربۈنىنى بەردى ، ئۇلار بىرلىكتە مېھمانخانىنىڭ چوڭ ئىشىكىدىن چىقىشتى.

«ئىسسىقكۆل مېھمانخانىسى»نىڭ 4 ـ قەۋىتىدىكى بىر ياتاقنىڭ دېرىزىسى ئوچۇق ئىدى . ئەبەيدۇللا دۈربۈن بىلەن سول قولىدا ھاسا تۇتۇۋالغان ئوغلىنىڭ مېڭىپ يۈرگىنىنى كۆردى.

— ياقۇتنى ئۈچ مۇسۇلمان بۇرادەر بۆلۈشسۇن ، ماڭا بېرىدىغىنىڭ ئايرىم، — دېدى باكاچېف باش بارمىقىنى كۆرسىتىپ.

— ئون مىليون!

— خەلق پۇلىمۇ؟

— ياق ، ئامېرىكا دوللىرى ، ئامېرىكا دوللىرى ، بىر مىليون ئامېرىكا دوللىرى!

خۇداغا شۈكۈر ، ھېلىمۇ 10 مىليون دەپ سالماپتىمەن دەپ ئويلىدى ئەبەيدۇللا.

— بولىدۇ ، قەشقەرگە هازىرلا تېلېفون بېرەي ، پۇل بىردەمدىلا كېلىدۇ ، ئوغلۇمنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار!

— نېمىگە ئالدىرايسىز؟ سىلەردە «توشقاننى كۆرمەي تۇرۇپ بۈركۈتنى قويىۋۋەتمە» دېگەن سەقىمە بار ئەمەسمۇ؟! بالىنى پۇل قولغا تەگكەن هامان قايتۇرۇپ بېرىمىز ، ئەگەر ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىدىغان بولساڭ بۇ ئۇچەيلەننى ئىزدىمە ، ئۇلار مېنىڭ قول ئاستىمدىكى كىشىلەر ، مەن خوجايىن ، قارا ، ئوغلۇڭ مېھمانسارايدىن چىقىۋاتىدۇ!

بالا راستتىنلا چىقىۋاتقانىدى ، بىراق قولىدا هاسا يوق بولۇپ ، سەل ئاقساقلىق ئىدى.

— ئاكا! ئەنۋەرنىڭ پۇتىنى باغلاپ قويدۇق ، پۇتىنىڭ ئۈستى ئازراق ئىششىپ قالدى ، پىچاق يېگىنى بىر تىلەمچى بالا.

ئەبەيدۇللا ئۇلارنىڭ مانا مۇشۇنداق رەھىمدىل ھەم رەھىمسىز ۋاستىسى ، چەكسىز ھەم چەكلىك نەپسانىيىتىدىن قاتتىق خۇرسىندى.

پۇل كەلدى ، بالا قايتۇرۇلدى ، ئۇ قىرغىزىستاننىڭ بېشكەك شەھىرىگە قايتىپ كەلدى.

جۇڭگو كونسۇلخانىسىنىڭ ئۈستىدە بەشيۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق لەپىلدىمەكتە ئىدى . جۇڭگو ـ قىرغىزىستان ھەقىقەتەن دوست قوشنىلاردىن . ئۆزۈمچىگە ئۇچىدىغان ئايروپىلان قاتنىشى باشلانغىنىغا بىرىم يىلدىن ئاشتى ، ئەمما قىرغىزىستاننىڭ ئىشلىرى ياخشى ئەمەس ئىدى!

ئاينىڭ ئون بەشى يورۇق ، ئون بەشى قاراڭغۇ . ئەبەيدۇللا ئوغلىغا بۇ يەرلەرنى كۆرسەتكەندىن كېيىن ، ئىچى ئاچچىق بولغان هالدا يۇرتىغا قايتىپ كەلدى.

(«**ئاممباب ھېكايىلاردىن تاللانمىلار**»دىن تەرجىمە قىلىندى)

تەھرىرلىگۈچى: **پولات ھېۋزۇللا**



# مۇختار بۇغراغا ئوچۇق خەت

ئابدۇراخمان ئىسمائىل (قىرغىز)

قەدىرلىك مۇختار بۇغرا:

بۈگۈن مەن ئادىتىم بويىچە تېلېۋىزوردىن «تەڭرىتاغ گۈلزارى»نى كۆرەي دەپ دىققىتىمنى مەزكۇر پروگراممىغا مەركەزلەشتۈرگەن دەقىقىلەردە توساتتىن كۆز ئالدىمدا پروگرامما رىياسەتچىسى مۇنىرە بىلەن سىزنىڭ ياندىشىپ ئولتۇرغان كۆرۈنۈشۈڭ نامايان بولۇپ، مېنى قەۋەتلا خۇش قىلىۋەتتى. چۈنكى مەن سىزنىڭدىن بەكمۇ ئىپتىخارلىناتتىم. «دىرىزەڭنى ئېچىۋەت»تىن تارتىپ، «كىچىك بالا ئەمەسمەن»، «ئاتا زۇلپىقار، ئانا تىلتۇمار»، «سوۋغات»، «ئاتا تەبىرى»، «ئاشىق»، «مۇئەللىم» قاتارلىق ئۆزگىچە ئىدىيە، قاتلاملىق ۋە قاراتمىلىققا ئىگە، خەلققە ئەڭ تومۇرداش بولغان بىر تۈركۈم نادىر ناخشا تېكىستلىرىنىڭ، ئۇيغۇر هازىرقى زامان مۇزىكا سەنئىتىدە كەم ئۇچرايدىغان نوتىلار بىلەن تىڭشىغۇچىلارغا بەدىئىي زوق بېرىۋاتقان مىنۇتلاردا يېنىمدىكىلەرگە: «مانا مۇشۇ ناخشا تېكىستىنى يازغان شائىرنى مەن كانىسۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە چىقىرىلىدىغان ‹غۇنچە› ژۇرنىلىدا تەربىيىلىگەنىدىم» دەپ هەرقانداق جايدا، تونۇش ياكى ناتونۇش ئادەملەرگە چۈشەندۈرۈپ پەخىرلىنىپ كېتەتتىم. هەتتا سىزنىڭ ساۋاقداشلىرىڭمۇ سەن ئۈچۈن سۆيۈنۈپ: «شائىر مۇختار بۇغرا بىزنىڭ ساۋاقدىشىمىز بولىدۇ» دەپ ئالاهىدە تەلەپپۇز ۋە هۆرمەت بىلەن نامىڭنى تىلغا ئالغىنىدا، مەندە سىلەرگە بولغان رازىمەنلىك، ئۈمىد، خاتىرجەملىك هەسسىلەپ ئاشاتتى.

شۇنداق، سەن تۈنجى شېئىرىڭدىكى — «ئىجادىيىتىمدىن چاچارمەن نۇر» دېگەن تىلىكىڭگە، غايەڭگە يېتىش يولىدا پۈتۈن جىسمىڭدىكى ئۇرغۇپ تۇرغان ئەڭ پىنهان، لېكىن ئەڭ يادرولۇق ئېنېرگىيىلەرنى ئىجادىيەتتىن ئىبارەت بۇ ئادەم هاياتىنى خورىتىپ تۈگىتىدىغان ئىلمىي ئەمگەككە سەرپ قىلىپ، گۈزەل چاغلىرىڭنى بىر دۆۋە قەغەز، كىتاب، نوتىلار ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكىڭ ئۈچۈن بۇ يولدا ساڭا قالغىنى پەقەت ئىجاد ۋە كېسەللىك بولدى.

ئەنە، كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن، سىزنىڭ فىلىم ئىشلەش يولىدا ئىزدەنگەن ئىزلىرىڭ تەڭرىتېغىنىڭ شىمال ۋە غەربىدە تاڭ نۇرىغا چۆمۈلۈپ «مەڭگۈ تاشلار ئابىدىسى» دەك يۈلغۈن ۋە توغراقلارنىڭ، قۇچىقىغا مىليون يىللىق تىلسىماتلارنى يوشۇرغان چۆل ـ جەزىرىلەرنىڭ ئۈزۈنغا سوزۇلغان مۇساپىسىدە تۇرۇپتۇ. ئەنە، ئۇيغۇرلارنىڭ مەڭگۈلۈك ئۆلمەس مۇقامى يارالغان دولانلىقلار ئارىسىدا سىزنىڭ فىلىمىڭ تارىخقا تېخىمۇ يېقىنلىشىپ، ئون ئىككى مۇقام يارالغان بۇ قەدىمىي گۆهەر زېمىندا «ئاشىقلىق» ناخشىسىنى روياپقا چىقىرىپ، ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈننى ئورگانىك بىرىكتۈرگەن بۇ پەلسەپىۋى هەقىقەتنى خەلققە هېس قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ روهىغا ئەبەدىيلىك ئىلهام بېرىۋاتقان مۇشۇ مىنۇتلاردا، مەن سېنىڭدەك بىر خەلقپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر شائىرغا ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى، ئىجادىيەت يېتەكچىسى بولغىنىمغا بىر تۇرۇپ ئۇيالسام، بىر تۇرۇپ ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيالىق رازى بولۇپ كەتتىم. چۈنكى سەن بۈگۈنكى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۈيۈك ئون ئىككى مۇقامنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىشى هەققىدە چوڭقۇر مەنىلىك سۆهبەت بايان قىلىپ، ئۆزۈڭنىڭ تارىخ ۋە مۇزىكا، مۇقام بىلىمى هەققىدە خېلى زور مەلۇماتقا ئىگە ئىكەنلىكىڭنى جامائەتكە ئاشكارىلاپ، مۇهىمى «مۇقام بار، خەلق بار» دېگەن ئىدىيەڭنى تەنتەنىلىك هالدا شوئار توۋلىماي تۇرۇپلا هېس قىلدۇرالىدىڭ. بۇ مېنىڭچە بىر خىل سۆهبەت سەنئىتى، نۇتۇق مېتودى، مەقسەت يىغىندىسىنىڭ مۇشۇ پروگراممىدا يۈز بەرگەن تەبىئىي غەلىبىسى ئىدى.

«ياق» دېمە، مەن شۇنداق هېس قىلدىم. سىزنىڭ باشتىن ـ ئاخىر ئالدىن تەييارلىنىۋالغان سۆهبەت خاتىرەڭ، يادلىۋالغان، ئۇقۇملىشىپ مەززىسى كەتكەن تەييار سۆز ـ ئىبارىلىرىڭ يوق ئوخشايدۇ. پەقەتلا هازىرجاۋاب هالىتىدە ئولتۇرۇپ، ئاۋام خەلققە ئەڭ يېقىن بولغان ئاددىي، لېكىن مېغىزلىق تىللار بىلەن ناخشا تېكىستلىرىڭنىڭ روياپقا چىقىش تارىخى ۋە فىلىم ئىشلەش جەريانىدىكى خەلقتىن ئېلىپ يەنە خەلققە قايتۇرۇش مۇساپىسىدىكى مۇهىم ئۆتكەللەرنى «مەن يەنىلا دولانلىقلار ئارىسىدا يېتىلىپ تارتماق بولدۇم. ئاۋۋىلى مەن شائىر ئەمەس، بەلكى ئاددىي ئادەم ئىدىم. ئادەملەر بىلەن



TANGRITAG LITERATURE

www.uyghurkitap.com



ياندىشىپ يۈرۈشنى ياقتۇراتتىم...» دېگەندەك ھېسسىيات خۇلاسىلىرىڭ بىلەنلا مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدىڭ.

بەلكىم كىچىك چاغلىرىڭدىكى ۋەقەلەر (چاڭگا بۇزۇپ، مۇشۇك قۇيرۇقىغا چاشقان باغلاپ تاماشا كۆرگەنلىرىڭ) ئېسىڭدە بولغىنى بىلەن، «مەن ل. مۇتەللىپتەك خەلق پەرزەنتى بولۇپ شائىر بولسام ئارمىنىم يوق ئىدى» دېگەن تېمىدا مەكتەپ «غۇنچە» ئەدەبىيات كۇرۇژوكىدا ماقالە ئوقۇپ، مېنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ماختىشىمغا سازاۋەر بولغانلىقىڭ ئېسىڭدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بولسا كېرەك. لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ ئىدىيە ئەسلىدە سېنىڭ بالىلىق تەپەككۇر قاتلىمىڭغا شۇ چاغدىلا مۆھۈر بولۇپ ئويۇلۇپ كەتكەنلىكىنى، ھالا بۈگۈنكى كۈندە بۇنى ئۆزۈڭمۇ سەزمىگەن ھالەتتە تۇرۇپ خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرگەنلىكىڭنى پەقەتلا مەن چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغاندەك ھېسسىياتتا ئولتۇرغانلىقىمنى سەن تەسەۋۋۇر قىلالىدىڭمىكىن!؟

سەن ھەقىقەتەن «كىچىك بالا ئەمەسمەن» بولدۇڭ. سېنىڭ شۇ تېكىستىڭ مەسۇم بالىنىڭ ئاغزىدىن شۇنچىلىك تەبىئىي، شۇنچىلىك قەتئىي، شۇنچىلىك بېشارەتلىك بولۇپ كۆرەرمەنلەرگە ئايان بولغان چاغدىلا، مەن سېنىڭ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، يېڭى دەۋر ئىز باسارلىرىنىڭ ئەمدى «ئېمىزگىگە، ئەمچەككە، بۇلماققا» مايىل بولۇۋەرمەيدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ياشاش ۋە يىلتىز تارتىش ئىستىكىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى بېشارەتلىك، سىمۋولىستىك، لىرىك بوشلۇق، لوگىكىلىق، پىسخىك ماھارىتىدە تۇرۇپ يورۇتۇپ بەرگەنلىكىڭنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، «نېمىدېگەن تەلەيلىك مىللەت بۇ! ئىز باسارلىرىنىڭ كونىچە ياشاشقا بولغان قارشىلىق تۇيغۇسى كۆز ئېچىپتۇ ئەمەسمۇ!» دەپ بەكمۇ ئۈمىدۋار بولغانىدىم.

مۇختار، «شائىر» دېگەن نامنى سەن «تاج» ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى غايە ئۈچۈن تاللاپ توغرا قىپسەن.

مەن دەرس مۇنبىرىدە ل. مۇتەللىپنىڭ سۈرىتىنى چوڭايتىپ دوسكىغا ئىلىپ، ئۇنىڭ «يىللارغا جاۋاب»، «ياشلىق ــ ئۆگەن»، «خىيالچان تىلەك» ناملىق مەشھۇر شېئىرلىرىنى تەھلىل قىلغان ھېلىقى 1978 ــ يىلىدىكى سېنتەبىر ئەتىگىنى ئېسىڭدىمۇ (ئۇ چاغدا شائىرنىڭ نامى تېخى تولۇق ئەسلىگە كەلمىگەن چاغلار ئىدى. بۇنى سىلەر بىلمەيتتىڭلار)، دېمەكچى، شۇ كۈندىن ئېتىبارەن سەن ۋە سېنىڭ ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى ساۋاقداشلىرىڭدا لۇتپۇللا قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلگەنىدى. بولۇپمۇ سەن مەسۇم ئىجادىيىتىڭدە كەسكىن بۇرۇلۇش ياساپ، مەكتىپىمىزنىڭ «غۇنچە» ژۇرنىلىدا يېڭى پىكىرلىك مەشىق شېئىرلىرىڭنى ئېلان قىلىشقا باشلىغانىدىڭ... كېيىن ھەقىقەتەن ئۆزۈڭ ئېيتقاندەك: «چوڭلارغا مەنسۇپ» دەپ قارالغان «ئىجادىمدىن چاچرامەن نۇر»دەك بىر بۆلۈك لىرىكىلارنى يېزىپ ئۆزۈڭنىڭ شائىر بولۇشتىكى مەقسەت، ئارمانلىرىڭنى ئىپادىلەشكە باشلىدىڭ. مەن بۇ خىل بالدۇر ئويغانغان ئىجادىيەت خاھىشىڭنى شۇ چاغدا: «ئالامەت يېزىپسەن، كارامەت پىكىر قىپسەن» دېگەن ئىلھاملار بىلەن قوللاپ، سەندىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتكەنلىكىمنى يوشۇرمىغانىدىم. سەن ھەقىقەتەن بالدۇر ئويغانغان بالا ئىدىڭ.

مانا، كۆرۈپ، ئاڭلاپ تۇرۇپتىمەن. سەن شېئىرنى نېمە ئۈچۈن، كىم ئۈچۈن يازىدىغانلىقىڭ ھەققىدە رىياسەتچىگە ئاددىي، لېكىن تولىمۇ يۈكسەك سەۋىيە بىلەن: «مەن ئالدى بىلەن باشقىلار ھېس قىلسىمۇ، ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىلىدىغان تېمىلارغا نەزىرىمنى ئاغدۇردۇم...» دېگەن مەنىدە شائىرلىق مېتودىڭنى تونۇشتۇرۇۋاتقان مىنۇتلاردا، مەن سېنىڭ «ئاتا تەبىرى» ناملىق جۇڭگودىكى ئەڭ يېڭى شېئىرىي پىكىرلىرىڭ ھەققىدە خىيالىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ كەتكەنىدىم.

«ئاتا تەبىرى» ــ ئاسىيانىڭ، بولۇپمۇ جۇڭگونىڭ نەچچە مىڭ يىللىق «ئاتا» ھەققىدىكى چۈشەنچىسىگە ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ يېڭى، ئەڭ ئىستىقباللىق پىكىر يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ بېرىلگەن مەشھۇر «تەبىر» بولۇپ، بۇنىڭدىن ھەممە مىللەت ئېستېتىك زوق، ئىلمىي قاراش، يېڭى نەپ ئالالايدىغانلىقىدا شەك يوق ئىدى. چۈنكى بۇ ناخشا تېكىستىدە بىزنىڭ نەچچە ئون مىڭ يىللاردىن بۇيان ئويلاپ تېگىگە يېتەلمىگەن، ئويلىساقمۇ ئىدىتلىق قىلىپ ئېيتىپ بېرەلمىگەن يېپىق روھىي بىناملىقىمىز ــ شائىرنىڭ (شەرق پەلسەپىۋى ئەندىزىسىدە كۆرۈلۈپ باقمىغان) تەشەببۇسى ئاستىدا ناھايىتى پىلانلىق تۈردە ئېچىلغانىدى.

شېئىردا ئىپادىلەنگەن «ئاتا، سەن تۇۋرۇكىمۇ، كۆۋرۈكىمۇ، ئەبەدىي يۆلىنىۋالىدىغان يۆلەنچۈك ياكى بۆلەنچۈكىمۇ ئەمەس» دېگەن ئىنسانكارلىق روھ، يېڭى پەلسەپىۋى قاراشلار، بىز ئوقۇغان ئەدەپ ــ قائىدە، ئەخلاق، ۋەز ــ نەسىھەتلەر، رىسالىلەر ۋە تەزكىرە ــ لۇغەتلەردە ھېچقاچان تېپىلمايتتى. بۇنىڭدا مۇھىمى، دۇنياغا يۈزلىنىشكە تەييارلىنىۋاتقان بىر مىللەتنىڭ، ئەمدى ئۆز ئالدىغا يول تېپىش، ياشاش، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەبەدىيلىكىنى نامايان قىلىش ئىستىكى ئەڭ يوچۇن، ئەمما كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالارلىق دەرىجىدە ئىپادىلەنگەنىدى (مەن بۇنى ئەينى ۋاقىتتا تېلېۋىزوردىن ئاڭلاپلا ھەيران قالغانىدىم). مانا ئەمدى ھەيرانلىقىم ــ بۇ شېئىرنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تەرجىمە ئارقىلىق يەتكۈزۈپ، شەرق ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە ــ ئادەت قارىشىدا يېڭى بىر بۆسۈشنىڭ بولغانلىقىنى پۈتۈن دۇنياغا بىلدۈرۈپ قويۇش ئىستىكى تۇغۇلغاندا بولسا،

ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالغانلىقىمنى پەقەت بارمىقىمنى چىشلەش بىلەنلا ئىپادىلەشكە مەجبۇر بولغانلىقىمنى تۇيۇپ قالدىم . چۈنكى مەن چوڭ تىللارنى ئۆگەنمىگەن نادان ئىدىم...

بەلكىم كۆرەرمەنلەرمۇ ھېس قىلغاندۇ . سىنىڭ قەدىمىي تېمىلارغا مۇراجىئەت قىلىپ ، (قەلەندەرنى ئاشىققا ئۆزگەرتىپ) خەلقنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى ئەڭ سىمۋوللۇق ، يوللۇق ئاساستا قايتىدىن ئۆزگىچە ھېس قىلدۇرغان نادىر ئەسەرلىرىڭنىڭ بىرى — «ئاشىق» ناملىق ناخشاڭ ئىدى . بۇ ناخشا بىلگەن كىشىگە مۇقام مىللىتىنى چۈشىنىشنىڭ ، ھۆرمەت قىلىشنىڭ سەۋەبىنى چوڭ يىپ ئۇچى بىلەن تەمىن ئېتەتتى ۋە ياكى ئۇنى تېپىلغۇسىز پۇرسەت بىلەن تەمىنلەيتتى.

خەلقنىڭ ئۆزىنى بىلگىنى بەخت . ئۆزىنىڭ مۇقام يولىدا ئاشىقىي بىقارار بولغانلىقىنى سەزگىنى — ئاچقۇچ ئىدى . بۇ تىلسىمنى سەن بەدىئىي دىت بىلەن ئېچىپ بەردىڭ . بولا ئەمەس ، «ئاتا — زۇلپىقار ، ئانا — تىلتۇمار»دىمۇ ، ئاتا ۋە ئانىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى تارىخىي نۇقتىدىن قاراپ ئەكس ئەتتۈرۈۋىدىڭ ، «تەلەپ ۋە تەقدىم» پروگراممىسى بۇ ناخشىنى تولا ئاڭلىتىپ ، ئاڭلىغۇچىلارنى بىزار قىلالمىغانىدى . بۇ ھەقتە سەن پەقەتلا مەنىلىك قىلىپ: «باشقىلار دىققەت قىلمىغان نۇقتىدىن ئاتا ـ ئانىنى يازاي دېدىم» دەپ جاۋاب بەردىڭ . شۇنداق ، مۇشۇ سۆزنىڭ ئۆزىلا بىر ئىجادىيەت تارىخى بولالايتتى.

مۇشۇلارنى ئويلىغىنىمدا ، ئىجادىيەت ئالبومىڭ كۆز ئالدىمغا كېلىشكە باشلىدى . ئەنە ، ئالدىمدىكى كىتاب جاھازىسىدا سېنىڭ تۇنجى توپلىمىڭ تۇرۇپتۇ . بۇ شېئىرلار بىر بالا شائىرنىڭ ھېچقانداق بىر «ئىزىم» ياكى ماكان ، زامانىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان ھالەتتە خۇددى يېڭىدىن تۇغۇلغان بوۋاقتەكلا سەبىي ، بىراق «ئاق» پېتى ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلب مېھرابىدىن ئورۇن ئېلىپ تۇرۇشى ئەلۋەتتە كەم ئۇچرايتتى.

نېمە ، «ئاشۇرۇۋەتمەك» دېگەندەك قارايسەنغۇ؟ باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ «شامال» ناملىق شېئىرىڭنى ئېسىڭگە سالايچۇ . ئۇ چاغدا سەن ئون بەش ياشقىمۇ كىرمىگەن بالا ئىدىڭ . لېكىن شۇنداق تۇرۇقلۇق شامال بولۇپ كائىناتتىكى بارلىق ئىللەتلەرنى ، تەبىئەتنى بۇزغان قويۇق توپا ـ چاڭلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاشنى ئۈمىد قىلىپ يازغان بۇ شېئىرىڭ توپلىمىڭغا كىرگۈزۈلگەن ئەمەسمىدى!؟ ئاندىن «چاۋاك مەنىسى» دېگەن ساتىراڭ يېزىلدى . بۇنىڭدا سەن ئىلمىيلىكى يوق كۆتۈرمىچىلىكنىمۇ «چاۋاك» بىلەن كاچات ئۇرغانىدىڭ... دېمەك ، توپلامدىكى ھەجمى قىسقا ، ئەمما ۋەزنى ئېغىر بىر بۆلەك شېئىرلار ، ئەنە شۇ سەن ئەسلەپ ئۆتكەن بۇركۈت ئۇۋىسى — كانسۇ تاغلىرىنىڭ قۇچىقىدا يۈرگەن شائىرانە بالا چاغلىرىڭدىلا دۇنياغا كېلىپ بولغانىدى . بۇنى بىز تارىخ دەپ قارايمىز . قارىغاندىمۇ ، «ئىجادىيەت ئارخىپىدىن ئابرۇيىغا داغ كەلتۈرىدىغان يالغان ، قۇرۇق ، ئۆمرى قىسقا شېئىرلارنى تاپقىلى بولمايدىغان ئىمانى پاكىز شائىر» دېگەن خۇلاسە يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ تەنتەنىلىك جاكارلىيالايمىز.

مەن ئۆزۈمنى يازالايمەن دېگەندىن كۆرە ، بىر نەرسىنى چۈشىنىپ ئاق ـ قارىنى تونۇيالايمەن دەپ قارايمەن . چۈنكى مەن سېنى ئەينى چاغدىلا خاتا كۆرمىگەنىدىم . ئېسىڭدىمىكىن ، بىر قېتىم تولۇقسىز «1 ـ ئا سىنىپ» بىلەن «پ سىنىپ» ۋالىبولدا مۇسابىقىلىشىپ قاپسىلەر ، بىر توپ بالا تىرېنېرنىڭ ئىلمىي يەكۈن چىقىرالماسلىقى سەۋەبلىك قارشى تەرەپكە «تۆھپە» بولۇپ يېزىلىپ ، سېنىڭ كوماندىڭ يېڭىلىپ قالدى . شۇ چاغدا كۆزلىرىڭ ئوتتەك يېنىپ ، قوشۇماڭ مەھكەم تۈگۈلۈپ ئەتراپىڭغا قارىدىڭ ۋە: «مۇئەللىم ، بۇ ناھەق!» دەپ قايتىدىن ئويناشنى تەلەپ قىلدىڭ...

دېمەك ، مەن شۇ ۋەقەدىن كېيىن سېنىڭ ھەرقاچان ، ھەرقانداق مۇھىتتا ئۆزۈڭنىڭ غۇرۇرىنى ، ئىشەنچەڭنى يەر بىلەن يەكسان قىلمايدىغانلىقىڭغا كۆزۈم يېتىپ ، «شائىرلىقتا مانا مۇشۇنداق ۋىجدانلىق ئەۋلاد كېرەك» دېگەن يەرگە كېلىپ ، ساڭا بىۋاستە ياردەم بېرىشنى بىر مىنۇتمۇ توختاتمىدىم . ئەلۋەتتە ، بۇنىڭدا سەن ئىچكى ئامىل ، داداڭ رەھمىتى ئىككىمىز تاشقى ئامىل بولدۇق . سەن كۆپ ئوقۇدۇڭ ، كۆپ يازدىڭ . بولۇپمۇ ئەسەر ئېلان قىلىشتا مەن بىلەن تەڭ بەيگىگە چۈشۈپ ، سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن مېنى يولدا قويدۇڭ . بۇ ھەقىقەت . بۇمۇ ئىككىمىزنىڭ ئىجادىيەت مۇساپىمىزدىكى بىر خىل مەنىلىك تەقدىر.

سەن كانسۇدىن ئاتۇشقا يۆتكىلىپ كەتتىڭ . مەن خۇددى سەن ئېيتقان ئەڭ خىلۋەتتىكى تاغلىق ئانا ماكان— كانسۇدا بالا تەربىيىلەپ ئۈن ـ تىنىسىز قېلىۋەردىم . كېيىنچە قىرغىز نەشرىياتىغا يۆتكەلدىم①.

مانا ، بۇنىڭمۇ ھاردۇقى چىقتى . خىيال يىپلىرىم ئۈزۈلۈپ تۇساتتىن ئېكراندىن سېنىڭ ئۆز تىلىڭ بىلەن: «مەن ‹ مۇئەللىم› دېگەن بۇ شېئىرنى يىراق چېگرادىكى خىلۋەتتە قالغان قىرغىز مۇئەللىمىم ئابدۇراخمان ئىسمائىلنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ يازغانىدىم . ئۇ مېنى ئەدەبىي ئىجادىيەتكە يېتەكلىگەن تۇنجى ئۇستازىم ئىدى» دېگىنىڭنى ئاڭلىغان قۇلىقىمغا ئىشەنمەي يۈرىكىم تېپچەكلەپ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتىم . شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىمنى ئېيتسام تەئەججۇپلەنمە . دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ ، قىرغىز نەشرىياتىنىڭ ئەڭ ئېگىز بىناسىدا تۇرۇپ:

— خالايىق ، ئاڭلىدىڭلارمۇ ، ھازىر مۇشۇ مىنۇتنىڭ ئۆزىدە بىر ئۇيغۇر شائىرى ھېچبىر ئىككىلەنمەي تۇرۇپ مېنى ، مەندەك بىر قىرغىز مىللىتىدىكى كىشىنى «ماڭا

① قىزىلسۇ قىرغىز ئوبلاستلىق نەشرىيات.

ئۇستاز ئىدى» دەپ ئېيتقانلىقىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ چۇشەندىڭلارمۇ! ـــ دەپ توۋلىغۇم كەلدى . لېكىن نېمىشقىدۇر ئورنۇمدىن تۇرالماي كۆرگەن كۆزۈمگە ، ئاڭلىغان قۇلىقىمغا ئىشەنمەي كۆز چاناقلىرىم ياشقا تولۇپ ، ئارقا ـ ئارقىدىن تاماكا چەكتىم.

سەن ھەقىقەتەن ئالدىدا ھەرقاچان راستچىل ، سەممىي ، ئاق كۆڭۈل ، ئادالەتپەرۋەر ئىكەنلىكىڭنى يەنە بىر قېتىم ، ئەڭ مۇھىم پەيتتە ئاۋام ئالدىدا نامايان قىلىشقا ئەرزىدىڭ . شاگىرت مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇستاز تۇتىدۇ . ئۇستاز مانا شۇنىڭ ئۈچۈن شاگىرتقا ئىشىنىدۇ . ئۇ مەيلى شاھ بولسۇن ، بەربىر «شاگىرتىم» دەپ قارايدۇ . ئەگەر سەن ماڭا مۇشۇنچىلىكمۇ پەخىرلەنگۈدەك پۇرسەت بېرىشتىن يالتايغان بولساڭ ، مەن بەكمۇ ، بەكمۇ چۆكۈپ كېتەتتىم.

دېمەك ، سېنىڭ ئۇستاز ھەققىدىكى تاللىشىڭ ، دۇنياۋى تالاش ـ تارتىشلارنىڭ بىرىدۇر . سەنمۇ بىلىسەن ، بۈگۈنكى زامان دۇنيا ئەدەبىياتىدا ئەسەرلىرى 170 مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ، 70 مىليون ئوقۇرمەنگە ئىگە قىرغىز يازغۇچىسى چىڭغىز ئايتماتوفمۇ ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن: «مېنىڭ بۇ دۇنيادا روھىي تىرىكىم ماناس ، ئۇستازىم قازاق ئوبزورچىسى مۇختار ئەۋەزوۋ . ئەگەر ئۇ بولمىغىنىدا ، مېنىڭ بۈگۈنكى دۇنياۋى شۆھرىتىمنىڭ ئەڭ دەسلەپكى كىرىش ئىشىكى ئاللىقاچان ئېچىلمىغان بولاتتى» دەپ جاكارلىغان چېغىدا ، ئۆزىنى دۇنياۋى سەۋىيىگە ئىگە ، ھەممە مىللەتنىڭ مەنىۋى ئۇستازى دەپ قارىغان بەزى رۇس يازغۇچىلىرى بىر مەزگىل ئاغرىنىش ۋە تالاش ـ تارتىشتا قالغانىدى . دېمەكچى ، بۇ بىر ئەخلاق ، ئەقىدە مەسىلىسى . بۇنىڭغا كىمكى يۈزەكى قارايدىكەن ، ئاخىرىدا ئۆزىنى ئۆزى يوققا چىقىرىۋالىدۇ.

خەلقىمىز «تەڭرىتاغ گۈلزارى»دىن سېنىڭ جەسۇر قىياپىتىڭنى ، غايىلىك ۋە لەۋزىگە ئەمەل قىلغۇچى روھىي مەنىۋىيىتىڭنى نەق مەيداندىن كۆرۈپ ساڭا ۋە ماڭا ھەيران قالدى . نېمىگە دېگەن؟ ئېكراندىن سېنىڭ سۇ ئىچىدە جان تالىشىۋاتقان قىزلارنى قۇتقۇزۇۋاتقان نەق مەيداندىكى كۆرۈنۈشىڭنى كۆرۈپ: «ئابدۇراخمان ، سېنىڭ بۇ شاگىرتىڭ ھېلىقىدەك ‹خەلقىم› دەپ يېزىپ ، خەلقىگە قىلچىلىكمۇ ياخشى ئىش قىلىپ بەرمەيدىغان يالغانچىلارغا ئوخشىمايدىكەن ـ ھە!؟» دېدى . ئاندىن: «ئۇنىڭدىن پەخىرلەنسەڭ بولىدۇ . ئۇ ياسالما سۆز ، يالغان ئۇستازلارنى توقۇمايدىكەن» دەپ ، مەزكۇر پروگراممىدىن بەكمۇ مەمنۇن بولدى.

شۇنداق ، مەن سېنىڭ ئېسىل خىسلىتىڭگە ، ئەقلىڭگە ، جاسارىتىڭگە قايىل بولدۇم . قىسقىغىنە ۋاقىتتا نۇرغۇن نادىر ئەسەرلەرنى خەلققە تەقدىم قىلدىڭ . خەلق قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدىڭ . سېنىڭ يىلتىزىڭ ـــ تارىمدا . مۇز تاغ ئېتىكىدە ، بوغرا يۇرتىدا . بۇنى بىز ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا يىلتىز تارتقۇزىمىز!

ھەرقانداق بىر مىللەت شۇبھىلەنمىسۇنكى ، ئۇ ئۇزىنىمۇ ، ئۆزگىنىمۇ ھۆرمەتلەيدىغان بولسۇن . شۇ چاغدىلا ئۇ مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرالايدۇ.

ئەينى چاغدا چىڭغىز ئايتماتوف بىر قېتىملىق خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ماھىيەتلىك نۇتۇق سۆزلەپ: «بىز ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرىگە بىرىمىز راۋابنى ، بىرىمىز قومۇز ياكى دومبۇرىنى ، بىرىمىز تۈرك چالغۇ ئەسۋابلىرىنى تۇتقۇزۇپ ، ‹بۇنىمۇ چېلىشنى بىلەتتى› دېسەك توغرا بولمايدۇ . ئۇ ئالدى بىلەن قەدىمىي تۈركلەرنىڭ بىرى ـــ ئۇيغۇر تۇغقانلارغا مەنسۇپ ئىدى» دەپ دۇنيا جامائەتچىلىكىنى چۆچۈتۈۋەتكەنىدى.

دېمەك ، بۇمۇ ئەينى چاغدا ھەممە مىللەت «مەھمۇت بىزنىڭ مىللەتتىن ئىدى» دەپ تالىشىۋاتقان خەلقئارالىق مۇھىتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تاللاش ئىدى . دېمەكچى ، دانالارنىڭ تاللىشى چوقۇم ئاددىي تاللاش ئەمەس ئىكەن.

قەدىرلىك شاگىرتىم مۇختار بۇغرا:

سەن بىر چوققىدا يېگانە قالغان جەسۇر ئۈچچىدەك يالغۇز ئولتۇرۇپ ، قىسقىغىنە كۆرۈنۈش دەقىقىلىرىدىن نۇرغۇنلىغان مەنىلەرنى ئاۋام خەلققە تەقدىم قىلىپ ، كۆرۈرمەنلەرگە كۆپلىگەن تۇرمۇش ھەقىقەتلىرىنى ھېس قىلدۇرۇشقا ياردىڭ . سەن توغرۇلۇق ئېچىلغان بۇ يىگىرمە مىنۇتلۇق دىدارلىشىشتىن بىز قۇرۇق كۆپتۈرمىلەرنى ، خەلققە ئۇمىد بېغىشلىمايدىغان يىغلاڭغۇ سۆھبەتلەرنى ، ئالىي سوۋغاتلارنى كۆرمىدۇق . سەن شۇ پېتى ، ئاددىي خەلق شائىرى پېتى بىر دەستە گۈلنى قوبۇل قىلغىنىڭچە ، «بۇنى مەن ئۇستازلارغا» دېمەي ، «باققان ئانىكامغا تەقدىم قىلاي» دەپ مەزلۇمنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئېگىلگىنىڭدە ، ئاق سۈتىنى بەرگەن ئۇ دۇنيادىكى ئاناڭ ، شەمشاتتەك سەزگۈر ياشىغان ئاتاڭ قانچىلىك خوش بولۇپ كەتكەندۇ ـ ھە!

سەن مۇشۇنىڭغا كەلگەندە يەنىلا ئىنساننىڭ ئەسلى تەبىئىتىنى نامايان قىلىپ ، پەرزەنتلىك بۇرچىڭنى شۆھرەتنىڭ ئۈستىگە قويالىدىڭ . ئەسلى بۇ گۈل ساڭا تەۋە ئىدى ، لېكىن ئۇنى سەن ئانىكاڭ ئارقىلىق مىليونلىغان ئوت يۈرەك ئوغلانلارنىڭ ئانىسى بولغان ئاددىي بىر ئانىغا تەقدىم قىلىشنى لايىق تاپتىڭ.

ئىلاھىم ، ئانا يەر ، ئانا ۋەتەن سېنى يۆلىسۇن . كائىناتنىڭ كۆزى بولسا ساڭا ئەڭ شىپالىق دورىلىرىنى ئىما قىلىپ كۆرسىتىپ ، ئەمچىنىڭ كۆڭلىگە مۇقەددەس بىر ئاسانلىقنى سالسۇن.

تېخى مەن سېنىڭ رېژىسسورلۇق ھۈنىرىڭ توغرۇلۇق سۆزلەشكە پۇرسەت يارىتالمىدىم . بۇ ھەقتە ، پۈتكۈل ئىجادىيىتىڭ ھەققىدە توختىلىشنى ۋاقتىنچە مۇشۇ يەردە توختىتىشنى لايىق كۆردۈم . چۈنكى مەن پەقەت تۇنجى قېتىم ئۆز شاگىرتىم ھەققىدە ئوقۇرمەنلەرگە مەلۇمات بېرىۋاتىمەن . قالغان قىسمىنى يەنىلا خەلق يازىدۇ ۋە باھالايدۇ . بۇنىڭغا مەن چوڭقۇر ئىشىنىمەن .

مەن سېنىڭ ئۇستازىڭ بولغىنىمدىن پەخىرلىنىمەن !

تەھرىرلىگۈچى: **پولات ھېۋزۇللا**



# سۆيگۈ تارىخى

بەگمەت يۇسۇپ

## ئۇنتۇشنى ئەسلەش

سىنىڭ بۈگۈن يادىمغا كەلگەنلىكىڭ ئاجايىپ بىر خاسىيەت بولدى ، چۈنكى بۈگۈندىن باشلاپ ھەممىنى ئۇنتۇپ كەتمەكچى بولغانىدىم ، ھەتتا ئۇنتۇغانلىرىمنىمۇ . سېھىرلىك جىلۋىلەرگە مۇھەببەت ئىزدەۋاتقان چېغىمدا ئۆزۈڭگە مەنە ۋە نازاكەتتىن تون كىيىپ ، چەكسىز شېرىن ئارزۇلارغا چۆمگىنىڭنى ئەسلا بىلمەسكە سالغان ئەمەسمىدىم . قەلبىمنىڭ داۋالغۇشلىرى تەقدىرنىڭ ئىككىلەندۈرۈشلىرىدىن پەيدا بولغان . بىلەتتىم ، سەن مېنى ياخشى كۆرەتتىڭ ، بىلمەيدىغىنىم سېنى ياخشى كۆرۈش ياكى ياخشى كۆرمەسلىك . «شۇمۇ مۇھەببەت بولدىمۇ» دەپ كايىپ كېتىمەن ئۇنتۇلغان شۇ مىنۇتلارنى قايتا ئەسلىگىنىمدە . «سۆيمەيمەن سېنى دەيسەن ، يازغان خەتلىرىڭ ئۇزۇن» دېگەندەكلا بىر ئىش بولدى.

تاغ شامىلى يۈزۈمنى سىلىغان ئايدىڭ كېچىلەردە ئاۋازىڭ تۈيۈقسىز يېنىمدا ئاڭلىنىپ قالدۇ ، مەن پەقەت يالغۇزلۇقتىن زېرىكىپلا مۇڭداشقانلىرىمنى ، يېقىملىق مۇئامىلە قىلغانلىرىمنى ، پاكار ـ پاكار قارا سۆگەتلىك چىغىر يوللاردا بىللە ماڭغانلىرىمنى ، گاھ ـ گاھ ھېچبىر مەنىسىز شېئىرلارنى ئوقۇغانلىرىمنى ، ساراڭدەك كۈلگەنلىرىمنى ، ئېرەنسىز كېتىپ قېلىشلىرىمنى ئەمدى كۆزۈمگە تۇتىيا قىلايمۇ؟ ئۇنتۇلغانلىرى بار تېخى . ئىشىك ئالدىمدىن يەنە جىلۋە قىلىپ ئۆتكىنىڭدە خۇددى بول ياقىسىدىكى سېتىقچىدەك پەرۋاسىز باش لىڭشىتىشلىرىم نېمىلەرنىدۇ يوشۇرغان ئىچكى دۇنيايىڭنىڭ كۆركى دەپ قارىغان بولساڭ ، مەن ئۇنداق دەپ قارىمىغانلىرىمنى ، دارىتمىلاپ چاقچاق قىلىشلار ئىچىدە مەڭگۈلۈك بىرلىكنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئىزدىگەن بولساڭ ، مەن شۇنداقلا ئاددىي بىر جۈملە ياكى بىر ئابزاس سۆزدەك كۈلۈپلا قويغانلىقىمنى ئاخىرغىچە كۆڭۈل ئاغرىقى يۈكى قىلىۋالايمۇ؟

ھەي دەرەخ ، گۈزەل ئۆتمۈشۈڭ پۇشايمانسىز ھازىرنىڭ دەسمايىسى بولالمىغانلىقىنى كۆرمەمدىغان.

نەۋ باھار مەن ئۈچۈن قۇتلۇق سەپەرلەر ئىدى . ھۆپپىدە ئېچىلمىغان گۈللەر مەن ئۈچۈن چىرايلىق گۈلشەن ئىدى ، شەبنەم تامچىغان كېچىلەردە باغ ئارىلاپ سۆيگۈ ئىزدەيتتىم ، جىمجىتلىق شېرىن خىياللىرىم ئىدى ، ھەممىسى ئۇيقۇغا كەتكەن ياتاقلاردىن ئەگىپ ئۆتۈپ ، كۆڭۈللۈك سۆھبەتلەرگە باي كۇتۇپخانىغا كىرەتتىم . ئۇ يەردە ئالىملارنىڭ ھەقىقەتلىك سۆزلىرى يېزىلغان كىتابلار ، ياش يىگىتلەرنىڭ كۆز ياش ۋە ئۇمىدكە تولغان ناخشا تېكىستلىرى ، ساھىبجامال قىزلارنىڭ ئۆتۈنۈشكە ، رەت قىلىشقا ، شەرت قويۇشقا تولغان مەكتۇپلىرى ، بالىلارنىڭ چۈچۈك تىللىق ، ئەمما رومانتىكىغا تولغان ئەپسانە ، قوشاقلىرى بار ئىدى . مەن ئۇلارنى سەۋرچانلىق ۋە سەمىمىيلىك بىلەن ئوقۇپ چىقاتتىم.

ئۆمۈرنى ئۇزارتىشقا ئۈندەيدىغان سەھەر ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن شاۋقۇنلۇق كۈندۈزنىڭ سىگنالىنى چالغاندىلا ، ھەر خىل ھەلەكچىلىك ئىچىدە ئويغانغان ئادەملەر توپى ئىچىگە قوشۇلۇپ كېتەتتىم ، ئۇيقۇ پات ـ پات نېرۋىلىرىمنى بەزلەپ قوياتتى ، يول بويىدىكى ئورۇندۇقلاردا پۇتلىرىمنى ئۇزۇن سۇنۇپ ئۇخلاپ قالسام بولمايتتى ، ياتاققا كىرسەم كارىۋىتىم مېنى بىر كېچە كۈتكەنلىكىنى ئېيتىپ كايىپ كېتەتتى ، مەن راھەت بىلەن ئۇنى باغاشلايتتىم . جان ھۇزۇرى ھەممىگە يېقىشلىق ، بىراق ئازابىنىڭ كېلەچىكى پۇشايمانسىز ھايات!

* *

بۈگۈن يادىمغا كەلگەنلىكىڭ تولىمۇ قىزىقارلىق ئىش بولدى ، چۈنكى دەل بۈگۈن ھەممە ئۇنتۇغانلىرىمنى ئەسلەپ ئۆز ـ ئۆزۈمنى ئۆلچەپ باقماقچى بولغانىدىم .

nurkitap.com

ئۇنتۇپ كەتمەكچى بولغانلىرىمنىڭ ھەممىسىدە سەن بار ، سەنسىز دەريا ساھىللىرىنى ، كۆل بويلىرىنى ، ئورمانلىقلارنى ، ئېتىز ـ قىرلارنى ، كوچا يوللىرىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم . ئىلمىي كىتابىم «تەبىئەتنىڭ سىرى ۋە مۇھەببەتنىڭ قۇدرىتى»نىڭ دەسلەپكى بابلىرى ئاق قالدى ، سەن ماڭا بىلگەنلىرىڭنى سۆزلەپ بەردىڭ . بىز مۇنازىرىلىشىپ كېتەتتۇق ، بەزىدە بىرلىككە كېلەلمەي قېيىدىشىپ قالاتتۇق ، تەجرىبىدىن ئۆتمىگەن ، قايىل قىلىش كۈچى بولمىغان كۆزقاراشلارنى قارشى تەرەپكە مەجبۇرىي تاڭغىلى بولمايدۇ ـ دە ، ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن ئاچچىقلىنىشلىرىمىزغا ھاي بېرىپ ، ھەقىقەتكە قايتقىنىمىزدا ، دەملەنگەن چاي ياكى قەھۋە ، سۈت جەۋھىرى دېگەنلەر تولىمۇ لەززەتلىك تېتىپ كېتەتتى . مەن كىتابىمنىڭ ئاق قالغان قىسمىنىڭ كەينىدىنلا يېزىشنى باشلايتتىم . چۈنكى ئالدىنقى قىسمىدىكى بالىلىق تەسەۋۋۇرلىرىمنى ، ياشلىق تەنتەكلىكلىرىمنى پاكىت قىلىپ يازسام يالغان بولۇپ قالاتتى . مەن تەسەۋۋۇر ، تەنتەكلىك ئارقىلىق ئوقۇرمەنلىرىمنى ئالدىسام بولمايتتى . قولۇم بىلەن تۇتۇپ ، كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ ، سىزىملىرىم بىلەن ھېس قىلغانلىرىملا توغرا يوللارغا پاياندار بولالايتتى.

دۇنيادا ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغىنىم سەممىيەتسىزلىك ئىدى ، سەممىيەتسىزلىك تولىمۇ قوپال ، تولىمۇ بەتبەشرە ، تولىمۇ مېھرىسىز مۇھەببەت ئىدى . مۇھەببەت قوپاللاشقاندا ، بەتبەشرىلەشكەندە ، مېھرىبانلىقتىن ئايرىلىپ قالغاندا ئۇنىڭغا ئىنتىلگەن ، ئۇ تەۋە بولغان گۈزەللىك مۇز ئىچىدىكى گۈل بەرگىدەك ، ئۈشۈك تەگكەن يۇرەكتەك ھاياتىي كۈچىنى يوقىتاتتى ، ھاياتىي كۈچىنى يوقاتقان نەرسىلەر ئەھمىيەتتىن ئەسەرسىز قالاتتى ، ئەھمىيىتىنى يوقاتقان نەرسىدىنمۇ ئۆتە مەنىسىزلىك بولمىسا كېرەك ، مەنىسىزلىك نەقەدەر زور يوقىتىش ـ ھە!

* *

خىزمەتنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم ، خىزمەت مەن ئۈچۈن ناتونۇش ، ئەمما كۆڭلىرىمنىڭ ھەلەكچىلىكى ئىدى . ئۇ بەزىدە ھاكاۋۇر بولۇپ قالاتتى ، بەزىدە ياۋاشلىشىپ تولىمۇ ئىتائەتچانلىق بىلەن رايىمغا بويسۇناتتى . خىزمەتنى دەپ ئاش ـ نانسىز قالغان چاغلىرىم تولىمۇ غەزەپلەنگەن ھەم شادلىققا تولغان چاغلىرىم ئىدى . ئۇنىڭ ئىشقى ئۇتى يۈرىكىمنى كۆيدۈرەتتى ، يۈرىكىم كۆيگەنسېرى ئۆزۈمنى ئەردەك ـــ ئانام تۇغقان ھەقىقىي ئەركەكتەك ھېس قىلاتتىم ، ئۆزۈمنى ئەركەكتەك سەزگەنسېرى نەتىجە داۋانلىرىنىڭ پەللىلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى . تراگېدىيە مانا شۇ چاغلاردا باشلاندى ، «نى ـ نى بالالار كېلىدۇ ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا» دېگەندەك تەنبىھ ، باشقۇرۇش ، پىتنە ـ پاساتلار نامازشام ۋاقتىدىكى پاشىدەك دىل چۆپلۈكىمدە غىڭىلداپ ئەگىشكە باشلىدى ، بۇرۇنقى شېرىن سەيلىلەر ئازابلىق ئويلىنىشلارغا ، بۇرۇنقى تىنچ ـ ئاسايىشلىق مۇشەققەت غەۋغالىرىغا ئورۇن بوشىتىشقا باشلىدى . خىزمەت يولۇمنىڭ ئەمدىلىكتە راستىنلا ھاياتلىق يولىغا ، تۇرمۇش يولۇمنىڭ ھەقىقىي ياشاش يولىغا ئۆزگەرگەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم ، ئادەم بولۇش مەن ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر بولدى . ئادەم بولغىنىمدىلا ئادىمىيلىك يولىدا قەد كېرىپ ماڭالايمەن.

ئېسىڭدىمۇ ، خىزمەتكە جان تىكىپ بېرىلگەنلىرىمدە ئۆزۈڭنى ھەممىدىن مەھرۇم قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلغانلىرىڭ ، چۈنكى مەن بارلىقىڭ ھېسابلىناتتىم ، بىزدە بولىدىغان ئاجىزلىقتە بۇ . ئاجىزلىق بىر توسالغۇ ، توسالغۇ تۆپەيلىدىن نۇرغۇن ۋاقىتلىرىمىز ئىسراپ بولۇپ كەتكەن ئەمەسمۇ؟ ئىسراپ بولۇپ كەتكەن ئاشۇ ۋاقىتلار ئىچىدىكى رەھىمسىز ئېچىرقاش ۋە تويۇنۇشلارنى ئەسكە ئېلىش مۇمكىنمۇ؟

ئۇنتۇغۇم كېلىپ كەتتى ، ھەممىنى ئۇنتۇغۇم كېلىپ كەتتى ، خۇددى شۇ چاغلاردا ياشىمىغاندەكلا.

ياشلىق مېلودىيەم جاراڭلىق ياڭرىغان ئۆمرۈم ، ساڭا بولغان مۇھەببىتىمنى قەۋەتلا ئاشۇرۇۋەتتى ، مۇھەببىتىم ئاشقانسېرى ئۆزئارا ئامراق بولۇپ قېلىشتۇق ، بالىلار بىزنى ھەقىقىي ئاتىدەك ، ھەقىقىي ئانىدەك ھېس قىلىشتى . بىز كېلەچەك يولىنى تاپقاندۇق ، بۇ يول تىكەنلىك گۈلگە ئورالغان ئەگرى ـ توقايلىق يوللار ئىدى ، قول تۇتۇشتۇق ، ھەممە ھەمكارلىق مانا شۇنىڭدىن باشلاندى . بىز بىر ـ بىرىمىزگە يار ـ يۆلەك بولۇشقان كېچىلەر تاڭلار ئاتقان كۈندۈزدەك بولۇپ كەتتى ، ھە مانا كىچە بولماس دۇنيا دېگەن . بىز ھەقىقەتكە ئېرىشتۇق ، ئەمدى ئەسلەش ئۇنتۇلمايدۇ ، ئۇنتۇش مەڭگۈ ئەسلىنىدۇ!

## ئاھ ، سېنىڭ قىز چاغلىرىڭ

«بىزگە بەرمىگەن بەختنى كىمگە بېرەتتى» دەيتتۇق بەختسىزلىكتىن بىخەۋەر ھالدا . غەمسىز كۆڭلىلىرىمىز

پۈتۈن ۋۇجۇدىمىزنى قاپلىغانىدى . بىر قېتىملىق يىقىلىش ، ئون قېتىملىق يىقىلىشلار خۇددى چاقچاقتەكلا بىلىنەتتى ، يىقىلغان جايلىرىمىزدىن دەس تۇرۇپ كېتەتتۇق ، ھېچ ئىش بولمىغاندەكلا . يىغىنىڭ داۋامى قارشى تەرەپ ھەممە مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان تەسەللى بىلەن ئاخىرلىشاتتى ، ھەممە كېلىشمەسلىككە ، ئوڭۇشسىزلىققا سەۋەبكار قارشى تەرەپتەكلا . «يۈر» دەيتتۇق قوللىرىمىزدىن تارتقۇشلاپلا ، «نەگە» دېيىشكىمۇ ھەتتا جاۋابقىمۇ ئۈلگۈرمەيلا ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەتسىز ، خېيىمخەتەرسىز جايغا بارىدىغاندەكلا كېتىۋېرەتتۇق . كېيىنكى پائالىيىتىمىز ئەھمىيەتلىك بولسۇن ـ بولمىسۇن كارىمىز يوق ئىدى ، پەقەت ئىككىمىز بىر بولساقلا بۇ بىز ئۈچۈن كۇپايە . ئوماق لەۋلىرىڭدىن چىققان ھەربىر سۆزلىرىڭ شېئىردەكلا لىرىكىلىق ئىدى ، كۆزلىرىڭدىن تۆكۈلگەن كۈلكە خۇرۇچلىرى ماڭا بولغان مۇھەببەتلىك ھېسسىياتىڭ ئىدى ، ماڭا بولغان چەكسىز ـ چەكسىز سۆيۈنۈشلىرىڭ ئىدى ، ماڭا بولغان ئارمانسىز قانائەتلىنىشلىرىڭ ئىدى . نېمىنى ئويلايسەن؟

مانا بۇ ياشاش دەپ چۈشىنەتتىڭ ، مانا بۇ بەخت دەپ
ھېسابلايتتىڭ ، مانا بۇ كېلەچەك دەپ قارايتتىڭ.

كېلەچەك چۈش بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى ئۇنتۇلماس يالداما . يالداما ئىچىدە شادلىق ۋە قايغۇ ، ئوڭۇشسىزلىق بىلەن مۇۋەپپەقىيەت ، چېكىنىش بىلەن ئىلگىرىلەش ، ئايرىلىش بىلەن قوشۇلۇش ، تەنھالىق بىلەن ۋىسال ، ئېرىشىش بىلەن يوقىتىش... دېگەنلەر دائىم غەۋغا قىلىشىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەسلا يادىمىزغا ئالمايتتۇق . قىزىل گۈلنىڭ جۈپ غۇنچىسىلا كۆز ئالدىڭغا كېلەتتى ، ماڭا بولسا ئېچىلىپ ، چوغدەك قىزىرىپ تۇرغان بەرگلەر تەبەسسۇم قىلاتتى . بۇ پەردە مەڭگۇ سۇلاشماس بىر ھاياتلىق بار ، ھەرگىز بوران چىقمايدۇ ، باھار قۇياشى كۈلۈپلا تۇرىدۇ ، مانا بۇ مېنىڭ قارىشىم ئىدى . ياپيېشىل ياپراقلار ئارىسىدا رەڭلىنىپ تۇرغىنى يەنىلا بىر جۈپ غۇنچە ، ئۇلار كېچىلىرى شەبنەم تامچىلىرىدا يۇيۇنۇپ ، سەھەر نۇرلىرىدا جۇلالىنىپ تۇرىدۇ ، نامازشام پەيتلىرىدە بىر ـ بىرىگە جىلۋە قىلىشىدۇ ، مانا بۇ بىزنىڭ ھەممىدىن ساقىت ھالدىكى ۋاقىت ۋە مۇھىت قارىشىمىز ئىدى . چىغىر يوللار ، تال باراڭلىرىنىڭ ئاستى ، كەڭرى يايلاق ، تاغ باغرى ، دەريا ساھىللىرى نەقەدەر ئۇنتۇلغۇسىز ـ ھە! بىز ئۇ يەرلەردە ماڭغان ، يۈگۈرگەن ، ئۇچقانىدۇق . قاناتسىز پەرۋاز دېگەن بىز ئۈچۈن غەلىتىلىك ئەمەس ئىدى ، كۆڭۈللىرىمىز قوشۇلۇپلا ھەر تەرەپكە توشقاندەك يۈگۈرۈپ ، بېلىقتەك ئۈزۈپ ، قۇشتەك ئۇچۇپ كېتەتتى.

بۇلبۇل ھەسەت قىلمىسۇن:

ئۆزىمىزچە كۈيلەرگە قېتىپ تەسۋىرلىگەن گۈزەل سىمالار ، شېرىن تۇيغۇلار يىراق ـ يىراقلارغا ياڭراپ باراتتى ـ دە ، قايتىپ ۋۇجۇدىمىزدىن ئورۇن ئالاتتى.

مەجنۇنتاللار رەشك ئەيلىمىسۇن:

ئېگىلىپ ـ ئېگىلىپ ئوينىغان ئۇسسۇل ئەۋرىشكىلىرى سەنئەت قامۇسلىرىنى مول مەزمۇنلار بىلەن تەمىن ئېتەتتى . بىز بىر قوۋم ئىدۇق ، بەلكى ئۆزىمىز سۆيىدىغان مۇھەببەتلىك قوۋم ئىدۇق . بىز توپ ـ توپ جامائەتنى يارىتاتتۇق ھەم ئۇنىڭ ئىسىل نامايەندىسى دەپ سانايتتۇق . تۇغۇلۇش تارىخىمىز ، چوڭ بولۇش تارىخىمىز ، پىشىپ يېتىلىش تارىخىمىز ، يەنە يارىتىش تارىخىمىز ، ئەخلاقىمىز ، غۇرۇرىمىز بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىدۇ دەپ قارايتتۇق . بىز نەقەدەر ئۇلۇغ ياشلار ـ ھە! دەيتتۇق ئۆز ـ ئۆزىمىزدىن مەمنۇن بولۇپ.

«ئۆزىمىزگە ئوخشاش ئۈلگە يارىتايلى» دېدۇق بىر كۈنى تۇيۇقسىز ئەقلىمىز نۇرلىنىپ . بىز چوڭ بولغاندۇق ، بىز ئادەم تۇغماقچى بولدۇق ، مۇھەببەت غۇنچىمىز ئېچىلغانىدى . بىر جۈپ غۇنچە شاخ ـ شېخىدا ھەقىقەتەن گۈلگە ئايلانغانىدى . گۈلنىڭ خۇش ھىدى ئەتراپقا چېچىلدى ، «ئېچىلىڭلار گۈللىرىم ئېچىلىڭلار ، ھەممە يەر چىمەنلىككە ئايلانسۇن» دېدىڭ چەكسىز ھاياجان بىلەن.

مەن ساڭا ئەگەشتىم ، سەن ماڭا شەكلەندىڭ ، يىراقتىن ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى ، بىز كۆزىمىزنى ئېچىپ ھەر تەرەپكە قارىدۇق ، چىغىر يوللار كۆرۈنمەيتتى . بىراق ناخشا ئاۋازى يەنىلا ئاڭلانماقتا . پەرۋاز قىلماقچى بولدۇق ، ئېغىر قەدەملىرىمىز يەر بىلەن مۇڭداشماقتا . بىز ناخشا ئاۋازىدىن ئۆزىمىزنى كۆرگەندەك بولدۇق ، ناخشا ئاۋازى ئۆلغايماقتا . بىز خۇشال بولۇشىمىز كېرەك ئىدى ، بىراق نېمە ئۈچۈندۇر ئىككىمىزلا ئۈمچىيىپ قالدۇق.

خەير ، ئاھ يىراقلار ، سالام يېقىندىكى سەن!

تەھرىرلىگۈچى: **پولات ھېۋزۇللا**


TANGRITAG LITERATURE



# ھەسرەت



(ھېكايە)

ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

نامەت تاماكىسىدىن قويۇق ئىس چىقىرىپ ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭاتتى ، نېمىدۇر ئۇنىڭ يۈرىكىنى تاتىلىدىغاندەك قىلاتتى ، نېمىگىدۇر تەلمۈرەتتى ، ئاچچىق خىيال ئۇچقۇنلىرى ئۇنىڭ قارامتۇل ، سوزۇنچاق چىرايىنى قورقۇنچلۇق تۈسكە كىرگۈزگەنىدى . ئۇ ئويلىناتتى ، ئەلەم بىلەن پىچىرلايتتى: «تووۋا ، بۇ ئاھانەتلەرگە ئادەم قانداقمۇ چىدايدۇ؟ تۈنۈگۈنكى سويىملار باشقارما باشلىقى ، نازىر بولۇپ ئالىي دەرىجىلىك پىكاپلاردا ئولتۇرۇپ تېرىسىگە سىغماي يۈرۈشسە... ھەي ، تەڭشەلمىگەن دۇنيا... مەن كىم ، ئۇلار كىم؟ بىز بۇ ئىدارىدە ئىشلەپ يۈرگەن چاغلاردا ھازىرقى ‹ چۈجاڭ مەن› دەپ كېرىلىپ يۈرگەن بىرنېمىلەر ماڭقىسىنى ئېرتالماي يۈرگەن بولغىيتتى... ‹ كوزا سۇندۇرغان ئەزىز ، سۇ كەلتۈرگەن خار ـ زار› دېگەندەك ئوتتۇز يىل جاپاغا چىداپ كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە پەگاغا چۈشۈپ قالغىنىمىزنى دەيمىنا... بېشىدىن ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتمىگەن نەدىكى بىرنېمىلەرنى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ، ئاسپىرانت ، ئىقتىدارلىق ياش دەپ ئەتىۋارلاپ ئۆستۈرۈپ كەتتا بۇ ھۆكۈمەت!...

ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ ئىچى ئۆرتىنەتتى ، قانداقتۇر بىر ئاچچىق سېزىم ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالاتتى...

«ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ توختا ، ‹ يېتىپ قالغىچە ئېتىپ قال› دېگەن گەپ بار... جاھان شۇنداق بولغاندىكىن ‹ ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ› سېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ باقاي . ‹ زامان ساڭا باقمىسا سەن زامانغا باق› دەپتىكەن ، بەلكىم بۇ ‹ تەدبىرىم› كارغا كېلىپ ئامەت قۇشى بېشىمغا قونۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس . قانچە بەدەل تۆلىسەممۇ مەيلى ، ئالدى بىلەن باشلىقنىڭ كۆڭلىنى ‹ ئۇتۇش› كېرەك ، ھە ، توختا... نەچچە ۋاقىتتىن بېرى نېمىشقا كاللامغا كەلمىگەندۇ . سا جۈيجاڭنىڭ ئايالى زۇمرەت خانىم بىزنىڭ ئايشەمخان بىلەن ساۋاقداش ئەمەسمۇ؟... ئايشەمخان نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مېنىڭ ‹ رەنجىش› ، ‹ كۆڭۈل ئاغرىش›لىرىمنىڭ تەسىرى بىلەن زۇمرەت خانىمغا تازا چىراي ئاچماي يۈرگەنىدى . ئەمدى پەدىنى ئۆزگەرتمىسەك بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ ، توغرا ، ئالدى بىلەن ئايالىمنى ئىشقا سالاي... ئاياللار ئەرلەرنى ئاسانلا ئىندەككە كەلتۈرەلەيدۇ . خەقلەر نېمە دېسە دەۋەرمەمدۇ ، ئۆزىنىڭ ئاغزى ، پەرۋايىم پەلەك... بىرەر مەنسەپكە ئېرىشىۋالسام مەن ـ مەن دېگەنلىرىڭ ئالدىمغا كېلىپ دۇمچەيمىگىنىڭنى كۆرۈپ باقاي... ئاڭلىسام يېقىندا سا جۈيجاڭنىڭ قىزىنىڭ تويى بولارمىش ، بۇ تازا ياخشى پۇرسەت...

نامەتنىڭ چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ ، يوغان كۆزلىرىدە ئۈمىد نۇرى چاقنىدى . ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قانداقتۇر يېڭى بىر پەللە ـ يېڭى بىر مەنزىرە جىلۋە قىلغاندەك بولدى.

* *

نامەت بىلەن ئايشەمخان سا جۈيجاڭنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە ئۆيدە لىققىدە مېھمان بار ئىدى . مۇلازىم ئايال ئايشەمخاننىڭ قولىدىكى گۈللۈك ئاق داستىخانغا ئورالغان يوغان تاۋاقنى ئېلىپ ئۇلارنى جوزىغا تەكلىپ قىلدى . نامەت جوزىنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان مېھمانلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ، دۇئاغا قول كۆتۈردى.

— سا جۈيجاڭ تويغا قوپۇشاپلا ، مۇبارەك بولسۇن ، پېقىر توي خەۋىرىنى كېچىكىپرەك ئاڭلاپ قاپتىمەن ،

بالدۇرراق ئاڭلىغان بولسام ، ئالدىن قىلىنىدىغان تەييارلىق ئىشلىرىغا قارىشىپ بىرەركەنمەن... ھېلىھەم بولسىمۇ... ــــ دېدى نامەت ھىجايغان ھالدا قول باغلاپ تۇرۇپ.

ھېلىمۇ كېچىكمەيسىلەر، ــــ دېدى سا جۇيجاڭ نامەتكە قاراپ ئانچە ئېرەن قىلمىغان ھالدا، ــــ توي كۈنى شەنبىگە بېكىتىلدى ، يەنە تۆت كۈن بار دېگەن گەپ...

ئۆيدىكى مېھمانلارنىڭ كۆپىنچىسى ھەرقايسى باشقارمىلارنىڭ ، بۆلۈملەرنىڭ باشلىقلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ئىدى . ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۈگۈنكى مەسلىھەت چېيىغا چاقىرىلغانلار ئىدى . نامەت نەچچە كۈندىن بېرى تىنىك ـ تىڭلاپ يۈرۈپ ، چاقىرىلمىغان مېھمان بولسىمۇ پەيتىنى تاللاپ «ساقالنىڭ تېگىدىنلا» پەيدا بولدى.

تاماق تارتىلىپ داستىخان يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن رەسمىي مەسلىھەت باشلاندى ، سا جۇيجاڭنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن بەزىلەر سا جۇيجاڭ بىلەن زۇمرەت خانىمغا ھەمراھ بولۇپ تۇرۇشۇپ بېرىدىغان ، بەزىلەر مېھمان باشلايدىغان ، بەزىلەر سازەندىلەرگە مەسئۇل بولىدىغان بولدى ، نامەت بىلەن ئايشەمخانمۇ مېھمان باشلايدىغانلار قاتارىغا قوشۇپ قويۇلغانىدى.

ــــ سا جۇيجاڭ ، سىلى لايىق كۆرسىلە توينىڭ ئىچىملىكلىرىگە ، مېۋە ـ چېۋىلىرىگە مەن مەسئۇل بولاي ، تاتلىق ـ تۈرۈملىرىغا بىزنىڭ ئايشەمخان مەسئۇل بولسۇن، ــــ دېدى نامەت پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتۈۋېتىپ ، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ۋىجىك گەۋدىسى ئەۋرىشىمدەك تولغىنىپ كەتتى . سورۇندىكىلەر ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ مەسخىرە بىلەن كۈلۈپ قويۇشتى.

ــــ بوپتۇ ، دېگىنىڭدەك بولسۇن ، بۇنداق ئىشلارغا سېنىڭ ئېپىڭ بار . قانچىلىك ئىقتىساد كەتسىمۇ مەيلى ، داستىخان چۈپەي بولۇپ قالمىسۇن، ــــ دېدى سا جۇيجاڭ ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ.

ــــ چاتاق يوق ، گۈل ـ گۈلىگە كەلتۈرۈۋېتىمىز ، خاتىرجەم بولسىلا،ــــ دېدى نامەت خۇشامەتكۈيلۈق بىلەن ئېگىلىپ.

مەسلىھەت ئاياغلىشىپ مېھمانلار بىر ـ بىرلەپ تارقىلىشتى . نامەت بىلەن ئايشەمخان مېھمانلاردىن ئايرىلىپ قېلىپ سا جۇيجاڭ بىلەن زۇمرەت خانىمنىڭ كۆڭلىنى ئوۋلاپ ئۇلار ئۈچۈن «جان پىدالىقى»نى نامايان قىلدى ، توينىڭ ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلىرىغىچە بىر ـ بىرلەپ مەسلىھەت كۆرسىتىشتى . سا جۇيجاڭ ئەسنەپ ، مۈگدەشكە باشلىغاندىلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى . بولمىسا قاچانغىچە ئولتۇراتتىكىنتاڭ...

* *

«مەسلىھەت چېيى»دىن كېيىن نامەت بىلەن ئايشەمخان كۈندە دېگۈدەك سا جۇيجاڭلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ توينىڭ تەييارلىق ئىشلىرىغا قارىشىپ قولىغا قول ، پۇتىغا پۇت بولدى . قۇدىلار تەرەپكە قاتنايدىغان ، يىراقنى يېقىن قىلىدىغان ، قېپقالغان باغاقلارنى تارقىتىدىغان ، بازاردىن مال ـ پال ، نەرسە ـ كېرەكلەرنى سېتىۋالىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇلاردىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى.

تويغا ئىككى كۈن قالغاندا ئايشەمخان زۇمرەت خانىمنى بازارغا باشلاپ چىقىپ ئۇنىڭغا چەت ئەلنىڭ بىر جۈپ ئېسىل ئايىغى بىلەن قىممەت باھالىق بىر پوپايكىسىنى ئېلىپ «بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم» دەپ كىيگۈزۈپ قويدى ھەمدە ھۆسن تۈزەش ئورنىغا بېرىپ بىللە ھۆسن تۈزەشتى . بۇنىڭغا كەتكەن پۇلنىمۇ ئايشەمخان خەجلىدى.

* *

نامەت ئۇزۇندىن بۇيان ئىدارىنىڭ مەمۇرىيەت بۆلۈمىدە ئىشلەيتتى . ئىدارىدىكى كادىرلارغا گۆش ـ سەي ، گۈرۈچ ، مېۋە ـ چېۋە تارقىتىدىغان ئىشلاردا ئۇنىڭ پەمى بار ئىدى . قوشۇمچە ئىدارىنىڭ ئاشخانىسىنىمۇ باشقۇراتتى . گەرچە خىزمەتنى خېلى ئاكتىپ ئىشلىسىمۇ ، ئۆزۈمچىلىكى ئېغىر ، شەخسىيەتچى بولغاچقا ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىپ ئاممىنى نارازى قىلىپ قوياتتى . ئىقتىسادىي ھېساباتتا ئادىل ، ئەستايىدىل بولمىغاچقا دائىم چاتاق چىقىپ تۇراتتى . شۇڭا ئۆسۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمەي بىر ئىزدا توختاپ قالغانىدى . ئۇ بىر مەزگىل «مېنى ئۆستۈرمىدى» دەپ تەشكىلدىن ئاغرىنىپ ، كۆرۈنگەن ئادەمگە ھال ئۇقۇپ دادلاپ يۈردى . كىشىلەر ئۇنىڭ ئالدىدا يالغاندىن ھېسداشلىق قىلغان بولۇپ ھە دەپ قوياتتى ـ دە ، ئارقىسىدىن «تازا قاملاشمىغان بىرنېمىدە بۇ ، كەچكىچە ستاژىڭنى پەش قىلغۇچە كۆتىكىدىكى نىجاسەتنى تازىلىساڭچۇ» دەپ غۇدۇرىشاتتى . رەھبەرلىكنىڭ بىرقانچە قېتىملىق تەنقىد ـ تەربىيىسىمۇ ئۇنىڭ «كونا كېسىلى»نى تۈزىتەلمىگەنىدى.

TANGRITAG LITERATURE

ئايشەمخان ئىدارىنىڭ خەت ــ چەكلەر بۆلۈمىدە ئىشلەيتتى . ئۇ باشقىلار بىلەن باردى ــ كەلدى قىلىشتا ، مۇئامىلىدە ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئايال ئىدى . ئۇنىڭ ئويناپ تۇرغان كۆزلىرى ، لىغىرلاپ تۇرغان كۆكسى ۋە تولغان ساغرىسى كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى . ئۇنىڭ سۇزۈك قاشتېشىدەك چىرايىدا دائىم دېگۈدەك تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى . ئۇنىڭ نامەت بىلەن توي قىلغىنىغا يىگىرمە يىل بولۇپ قالغان بولسىمۇ ، تېخىچە پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەنىدى . مۇشۇ ۋەجىدىن بىر مەزگىل ئۇلارنىڭ ئائىلىسى جېدەلدىن خالىي بولالمىدى ، نامەت ئايشەمخاننى تۇغماس دەپ ئەيىبلەيتتى ، لېكىن قويۇۋېتىشكە كۆزى قىيمايتتى . يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاخىر ئۇلار نامەتنىڭ سىڭلىسىنىڭ قىزىنى بېقىۋېلىشتى ــ دە ، شۇنىڭدىن تارتىپ ئائىلىدىكى ماجىرامۇ بېسىقىپ قالدى...

ئايشەمخان دائىم نامەتنى «باشقىلاردەك دېتىڭىز يوق ، كاللا ئىشلەتمەيسىز ، هازىرقى جەمئىيەتتە يول تاپمىساڭىز هېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايسىز ، قاراڭ ، تونۇگۈنكى بىرنېمىلەرنى ، باشلىق بولۇپ جاهانغا پاتماي يۈرۈيدۇ... سىزچۇ ، تېخىچە چاپىنىڭىز تىزىڭىزدىن ئاشماي سوكۇلداپ يۈرگىنىڭىز يۈرگەن...» دەپ ئەيىبلەيتتى ۋە ئۇنىڭغا تاپا ــ تەنە قىلاتتى . مانا ئەمدى نامەت ئۇيان ــ بۇيان ئويلاپ يېڭى بىر «يول»نى تاللىۋالدى .

* *

توي كۈنى نامەت بىلەن ئايشەمخان ھەقىقەتەنمۇ قالتىس «خىزمەت» كۆرسەتتى . ھەشەمەتلىك رېستوراننىڭ ئەللىك ــ ئاتمىشچە جوزىسىغا تىزىلغان ئالما ، نەشپۈت ، ئۈزۈم ، شاپتۇللار ۋە ھەر خىل قورۇق يېمىشلەر كۆزنىڭ يېغىنى يەپ چاقناپ تۇراتتى . ئايشەمخان داڭلىق ئۇستىلارغا بۇيرۇتۇپ پىشۇرغان باقالى ، بال تورت ۋە ھەر خىل پېچىنىلەر جوزىغا باشقىچە ھۆسن كىرگۈزگەنىدى . يەشىك ــ يەشىكلەپ هاراق ــ پىۋىلار ۋە سوغۇق ئىچىملىكلەر رېستوراننىڭ چېتىدىكى ئايرىم ئۆيگە دەستىلەپ تىزىۋېتىلگەنىدى ، نامەت بۇ نەرسىلەرگە باشلىقتىن بىر تېيىن ئالماي ئۆز يېنىدىكى پۇلنى خەجلەۋەردى . باشلىق پۇلنىڭ كېيىنى چىقارغاندا «خاتىرجەم بولسىلا ، كېيىن ھېسابلىشىۋالىمىز» دەپ قوياتتى . باشلىق «نامەت جاپا چەكتىڭ ، رەھمەت ساڭا» دەپ مۈرىسىنى قېقىپ قوياتتى . نەچچە يىللاردىن بېرى باشلىقنىڭ نەزىرىگە ئېلىنالماي يۈرگەن نامەت ئۈچۈن مۇشۇنىڭ ئۆزىلا چوڭ مۇكاپات ئىدى .

نامەت بىلەن ئايشەمخان توي كۈنى تاڭ سەھەردىن تا تۈن يېرىمىغىچە ئۆزىنى ئۇنتۇغان هالدا ئىشلىدى . جوزىلارغا مېھمانلارنى باشلاش ، كەم نەرسىلەرنى تولۇقلاش ، ئاشخانىغا چۈشۈپ تاماق ــ سەيلەرنى بۇيرۇتۇش ، جوزىلارنىڭ سانىنى ئېلىش قاتارلىق ئىشلار ئەر ــ خوتۇن ئىككىيلەننىڭ قولى بىلەن ناهايىتى رەتلىك ، جاي ــ جايىدا بېجىرىلىپ مېھمانلارنى رازى قىلدى . ئايشەمخان ھەتتا تىزىملاشنىمۇ باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بەرمىدى . ئۇ باشقىلارنىڭ ئالدىدا «چېنىپ قالمىسۇن» دەپ ئۆز ئىسمىنىڭ يېنىغا 200 يۈەن دەپ يېزىپ قويدى . ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ تويغا يېنىدىن چىقىرىپ خەجلىگەن پۇلى 2000 يۈەندىن ئېشىپ كەتكەنىدى .

سا جۈيجاڭنىڭ قىزىنىڭ تويى ناهايىتى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى . 50 ــ 60 قا يېقىن ئېسىل پىكاپلار قىز كۆچۈرۈپ ماڭغاندا شەھەرنىڭ قاتنىشى توختاپ قېلىپ قالايمىقانچىلىق چىققىلى تاس قالدى...

ئىدارىدىكى ئەر ــ ئايالار نامەت بىلەن ئايشەمخاننىڭ سا جۈيجاڭنىڭ قىزىنىڭ تويىدىكى «پىداكارلىقى» ۋە پايپېتەك بولۇشىغا قاراپ «توۋا» دەپ ياقىلىرىنى تۇتۇشتى .

نامەت بىلەن ئايشەمخان تويدىن كېيىن تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى ، يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئىسسىقلىق ئاپىرىش ، قۇدىلارنى چىللاش ، هاردۇق چېيى بېرىش قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىشلار ئۇلارنى چارچىتىپ هالىنى قويمىدى ، لېكىن ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى بىر تاتلىق سېزىمدىن هۇزۇرلىناتتى .

* *

زۇمرەت خانىم ئۆزۈندىن بۇيان دىئابىت ۋە ئايالار كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ خىزمەتتە قىينىلىپ قالغاچقا ، دەم ئېلىشقا چىقىۋالغانىدى . ئۆيىنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى مولازىم قىز قىلاتتى . زۇمرەت خانىم ئانچە ــ مۇنچە تالا ــ تۈزگە چىققانىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئەتىدىن ــ كەچكىچە دېگۈدەك كارىۋاتتا يانپاشلاپ يېتىپ رومان ئوقۇيتتى ، ژۇرنال كۆرەتتى . ئۆيىنىڭ ھېچ ئىشىغا ئارىلاشمايتتى . يېقىندىن بۇيان ئايشەمخان ئۇنىڭ قولىغا قول ، پۇتىغا پۇت بولۇپ ئۇنىڭ ئىشلىرىنى تېخىمۇ يەڭگىللىتىۋەتتى .

زۇمرەت خانىم پاكار ، سېمىز ، كۆرۈمسىز ئايال بولۇشىغا قارىماي ئۆزىنى بەكمۇ چوڭ تۇتاتتى . توي ـ تۆكۈن ، نەزىر ـ چىراغلارغا ئېرىنىڭ پىكاپى بىلەن باراتتى . ماشىنا بولمىسا بارمايتتى . قىزىنىڭ تويىدىن كېيىن توي ـ تۆكۈنلەرگە بارغاندا ئايشەمخانىنى ئېلىۋالىدىغان بولدى . توي ـ چايلارغا بارغاندا «جۇيجاڭ خانىم» بولۇپ



تۆردە ئولتۇراتتى . ئاياللارنىڭ سورۇنلىرىدا ئۆزىنى ، ئېرىنى ۋە قىزىنى ماختاپ باشقىلارغا گەپ بەرمەيتتى . بەرەرسى ئۇنىڭ بىلەن تۆر تالاشسا ياكى ئۇنىڭ ئالدىدا ماختىنىپ قويسا ، ئۇنى ئۆلگۈدەك ئۆچ كۆرەتتى . ئۇنىڭ قارىشىچە ، ئىدارىدە ئېرى باشلىق بولسا ، سىرتتا ئۇنىڭ دېگىنى ھېساب ئىدى . شۇڭا ئىدارىدىكى ئاياللار بىلەن تازا چىقىشالمايتتى ۋە ئۇ ئۆيدىكى كىيىم ـ كېچەك ، زىبۇزىننەتلىرىنى ئايشەمخاندىن باشقا ئاياللارغا كۆرسەتمەيتتى . ئايشەمخان بىلەن ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا مۇڭدىشاتتى . بەزى ئىشلاردا ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئالاتتى . ئۇنىڭغا «دەردى»نى تۆكەتتى... ئۆزىنىڭ ئاياللار كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغاندىن بۇيان ، ئېرىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇئامىلىسىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە قوپاللىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئاغرىناتتى . ئايشەمخان ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلاتتى . ئۇ كۆز يېشى قىلسا تەڭ ئۇمچىيەتتى... ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەتتى . شۇنداق قىلىپ ئايشەمخان زۇمرەت خانىمنىڭ ئەڭ يېقىن سىردىشىغا ئايلىنىپ قالدى...

* *

نامەت بىلەن ئايشەمخان سا جۇيجاڭ بىلەن زۇمرەت خانىمنى ئۇلارنىڭ تۇغقانلىرى ۋە يېقىنلىرى بىلەن قوشۇپ كاتتا رېستورانغا مېھمانغا چاقىردى . مېھمانغا چاقىرىلغانلار ئەر ـ ئايال بولۇپ يىگىرمىچە ئادەم ئىدى . بىر جوزىدا ئەرلەر ، يەنە بىر جوزىدا ئاياللار ئولتۇرۇشتى... جوزىلارغا توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە نېمەتلەر تىزىلغانىدى . تاماق تۈرلىرىنىڭ كۆپلۈكى ۋە تەمى جەھەتتە بۇ جوزىلار باشقا جوزىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى . نامەت كۆپرەك سا جۇيجاڭنى ، ئايشەمخان زۇمرەت خانىمنى كۈتۈش بىلەن ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىش بىلەن ئاۋارە ئىدى . سا جۇيجاڭ جوزىدىكى ئېسىل تاماقلاردىن بىر تال ئېلىپ كالپۇكىغا قىستۇرۇشى بىلەنلا نامەتنىڭ چاقمىقى يېنىپ بولاتتى ، چېپى سەل يېرىملاپ قالسا لىقلاپ تۇراتتى ، ھەر خىل سەي ۋە باشقا تائاملارغا زورلايتتى . توخۇنىڭ يانپاشلىرىنى تەخسىسىگە قوياتتى . قەغەز ۋە چىش كولىغۇچلارنى ئالدىغا ئەكىلىپ قوياتتى... نامەت بىرئاز قىزىۋالغاندىن كېيىن ، جوزىدىكى ماۋتەي ھارىقىدىن ئىككى رومكىغا لىق تولدۇرۇپ: «سا جۇيجاڭ ، تەنلىرىنىڭ تېخىمۇ ساغلام بولۇشى ، مەرتىۋىلىرىنىڭ تېخىمۇ ئۆسۈشى ئۈچۈن بىر رومكىدىن ئىچەيلى ، قولۇمنى ياندۇرمىغايلا ، بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم» دەپ ئېگىلىپ تۇرۇپ تەخسىدىكى ھاراقنى تۇتتى . سا جۇيجاڭ گىدەيگەن ھالدا كۈلۈمسىرەپ: «رەھمەت نامەت ، ئاۋارە بوپسەن» دەپ ھاراقنى قېقىۋېتىپ رومكىنى نامەتكە بەردى . نامەت ھېجىيىپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى . ھاراقنىڭ كەيپى كۆتۈرۈلگەنسېرى سا جۇيجاڭنىڭ شەھۋانىي ھەۋىسى قوزغىلىپ ئاياللارنىڭ جوزىسىغا كۆز ـ قىرىنى سېلىشقا باشلىدى . ئايشەمخان بۈگۈن ئېپىز ھالرەڭ كۆڭلەك كىيىپ ، چاچلىرىنى بۇدۇر قىلدۇرۇپ بەكمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەنىدى . سا جۇيجاڭ لېۋىنى تامشىپ ئۇنى يەۋەتكۈدەك قاراپ كەتتى . «نەچچە ۋاقىتتىن بېرى نېمىشقا دىققەت قىلمىدىمكىنا ، كاساپەت ئەجەب چىرايلىقكىنا... توختا ، پەيتىنى تېپىپ...» . ئۇنىڭ شېرىن خىيالى ئۇسسۇل مۇزىكىسىنىڭ يېقىملىق بىر خىل رىتىمدىكى ساداسى بىلەن ئۈزۈلۈپ قالدى ـ دە ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئايشەمخاننى ئۇسسۇلغا تارتتى... ئايشەمخان زۇمرەت خانىمغا بىر قاراپ «ئويناڭ!» دېگەن ئىشارىتىنى ئالغاندىن كېيىن ، چەبدەس قەدەم بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشۈپ پىرقىراشقا باشلىدى . سا جۇيجاڭ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاشلىرىنى ئوينىتىپ ھەر خىل قىلىقلارنى قىلىشقا باشلىدى . ئايشەمخان باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغاندەك قىلسىمۇ ، خېلى ماسلىشىپ ئوينىدى . سا جۇيجاڭنىڭ كۆڭلى چاپچىشقا باشلىدى ، لېكىن ھەممەيلەن ، بولۇپمۇ زۇمرەت

TANGRITAG LITERATURE

خانىم ئۇنىڭغا قاراپ ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىنى كۆزد-
تىپ تۇرۇۋاتسا...

ئۇسسۇل ئاياغلىشىپ تانسا باشلاندى . دەسلەپتە
ھەممەيلەن ئۆزلىرىنىڭ ئاياللىرى بىلەن تانسىغا چۈشتى .
سا جۈيجاڭ زۇمرەت خانىمنى ، نامەت ئايشەمخاننى تانسىغا
تارتتى . ئىككىنچى قېتىمدا سا جۈيجاڭ ئايشەمخاننى ،
نامەت زۇمرەت خانىمنى تانسىغا تارتتى . سا جۈيجاڭ
مەستچىلىكتە ھەدەپ ئايشەمخاننى ئۆزىگە تارتتى . ئاي-
شەمخان ئۆزىنى قاچۇراتتى . سا جۈيجاڭ ئايشەمخاننى ماخ-
تاپ كۆككە ئۇچۇرۇشقا باشلىدى ، «ئايشەم ، كىيىملىرىڭىز
بەستىڭىزگە بەك يارىشىپتۇ... بەك چىرايلىق بولۇپ كې-
تىپسىز... نامەتنىڭ خوتۇنىدىن تەلىيى بار جۇمۇ...» .
ئايشەمخان سا جۈيجاڭنىڭ ماختاشلىرىغا نازلىنىپ جاۋاب
بەردى: «... سا جۈيجاڭ ئاشۇرۇۋەتتىلە ، مەن تېخى سى-
لىنىڭ كۆزلىرىنى زۇمرەت خانىمدىن باشقىغا چۈشمە-
دىكىن دەپتىمەن... شۇنداقتىمۇ بىز زۇمرەت خانىمغا
يەتمەيمىز...»

تانسا مۇزىكىسى ئاخىرلىشىپ سا جۈيجاڭ نېمىگىدۇر
قانمىغاندەك نائىلاج ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى... سائەتمۇ
بىر يەرگە بېرىپ قالغاندى . مېھمانلار بىر ـ بىرلەپ
خوشلىشىپ قايتىشقا باشلىدى...

سا جۈيجاڭ نامەت بىلەن ئايشەمخاننى ماشىنىسىغا
سېلىۋالدى...

* *

زۇمرەت خانىم ھەر قېتىم باشقا باشلىقلارنىڭ ئۆيىگە
مېھمانغا بارغاندا ، شۇ ئۆيلەرنىڭ زىننەتلىنىشىگە ئالا-
ھىدە دىققەت قىلاتتى . يېقىندىن بۇيان سېلىنغان يېڭى
ئۆيلەرگە كۆچۈپ چىققان باشلىقلارنىڭ ئۆيلىرى تولىمۇ
چىرايلىق ، ھەشەمەتلىك زىننەتلەنگەنىدى . زۇمرەت
خانىم بۇنداق ئۆيلەرنى كۆرگەندە كۆڭلى بىر قىسما بو-
لۇپ ، ھەسەت ئوتىدا پۇچىلىناتتى ، «تۇۋا ، نەدىكى
چوجاڭلارنىڭ ئۆيلىرى شۇنچىلىك ھەشەمەت بىلەن
زىننەتلىنىپ كېتىپتۇ . بىزنىڭ ئۆيىمىز تېخىچە كونا
پېتى تۇرىدۇ . ماۋۇ بىزنىڭ ئادەم جۈيجاڭ بولغىنى بىلەن
ئاشۇ چوجاڭلارچىلىك بولالمىغىنىنى دەيمىنا... ئەمدى
ئوبدانراق گەپ قىلمىسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ ، بىز-
گىمۇ ئابرۇي كېرەكتە...»

يېقىندىن بۇيان زۇمرەت خانىم تولا تاپا ـ تەنە قىلىپ
سا جۈيجاڭغا زادىلا ئارام بەرمىدى... ئۇ ئويلىناتتى ، «بىر
جەھەتتىن ئېيتقاندا ، زۇمرەت خانىمنىڭ دېگەنلىرىمۇ
ئورۇنلۇق... جۈيجاڭ تۇرۇپ قول ئاستىدىكى چوجاڭلار-
چىلىك ئۆيدە ئولتۇرمىسا بولامدۇ؟ ئۇنىڭغىمۇ يۈز ـ ئاب-
رۇي كېرەكتە...»

سا جۈيجاڭ بىر كۈنى نامەتنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا
ئۆينى قايتا زىننەتلەش توغرىسىدىكى ئويىنى ئېيتتى...
نامەت جۈيجاڭنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەندى ـ دە ، دەر-
ھال: «چاتاق يوق ، سىلى قىزلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئون
كۈن تۇرۇپ تۇرسىلا ، قانداق زىننەتلەش توغرىسىدىكى
لايىھىلىرىنى دەپ بەرسىلىلا بولدى ، قالغىنىنى بىزگە
قويۇپ بەرسىلە ، ئۆيلىرىنى گۈلدەك ياسىۋېتىمىز...»
دېدى . سا جۈيجاڭ خاتىرجەم بولدى... ئارىدىن بىرنەچچە
كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ، سا جۈيجاڭ بىلەن زۇمرەت
خانىم ئۆيلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ ، قىزىنىڭ ئۆيىگە
كۆچۈپ كەتتى.

نامەت ئۇيان ـ بۇيان چېپىپ يۈرۈپ ئەڭ ياخشى
ئۇستىلارنى تاللاپ ئۆينى زىننەتلەشكە كىرىشىپ كەتتى...
تاملارنى ئويما نەقىش قىلىپ بېزەپ چىقتى . ھەر خىل
چىرايلىق ئىشكاپ ، ئەينەكلەرنى ئورناتتى... تاختاينى
قايتىدىن سىرلىدى... خوتەنگە 30 كۋادراتلىق يۇڭ گىلەم
بۇيرۇتتى... ئاشخانا ، تازىلىق ئۆيلىرىنى زامانىۋى ئۈس-
كۈنىلەر بىلەن بېزىدى... نامەت ئېيتقاندەك ئون كۈن
ئىچىدە ئەمەس ، بىر ئاي بولاي دېگەندە سا جۈيجاڭنىڭ
ئۆيى ئاجايىپ ھەشەمەتلىك تۈسكە كىردى... نامەت يەنە
بىر قېتىم سا جۈيجاڭنىڭ ماختىشىغا مۇيەسسەر بولدى...
زۇمرەت خانىم ئازادە ، ھەشەمەتلىك يېڭى ئۆيگە كىرگەندە
غۇرۇر ۋە كىبىردىن چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ ، ئۆزىنى
قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى...

* *

«خۇشاللىق بىلەن قايغۇ قوشكېزەك» دېگەندەك سا
جۈيجاڭنىڭ ھەشەمەتلىك قىز تويىدىن بىرنەچچە ئاي
ئۆتمەيلا غۇلجىدىن سا جۈيجاڭنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆلۈم
خەۋىرى يېتىپ كەلدى . سا جۈيجاڭ ئېغىر مۇسىبەتكە
چۆمدى . گەرچە ئۇلار ئۆلۈم خەۋىرىنى باشقىلاردىن
شۇنچە مەخپىي تۇتقان بولسىمۇ ، ئارىدىن بىرەر كۈن
ئۆتە ـ ئۆتمەيلا قولۇم ـ قوشنىلار نەدىن ئاڭلىدىكىن ،
ئايىغى ئۈزۈلمەي پەتىلەپ كىرىشكە باشلىدى . نامەت
بىلەن ئايشەمخان بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ ، خۇددى ئۆز
ئانىسى تۈگەپ كەتكەندەك ئىشىكتىن ھۆكىرەپ يىغلاپ

كىرىپ سا جۇيجاڭ ۋە زۇمرەت خانىملار بىلەن قۇچاقلىشىپ تەڭ ھەسرەت چېكىشتى... ئۇلار سا جۇيجاڭ بىلەن زۇمرەت خانىمغا ھەمنەپەس بولۇپ ، كەلگەن پەتىچىلەرنى كۈتۈۋېلىش ، ئۆي ئىشلىرىغا قارىشىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى... سا جۇيجاڭ ئۆيدە ئولتۇرۇۋەرسە پەتىچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئەتىلا زۇمرەت خانىمنى ئېلىپ غۇلجىغا مېڭىپ كەتمەكچى بولدى . نامەت سا جۇيجاڭنىڭ غۇلجىغا ماڭىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ: «سا جۇيجاڭ ئىككىڭلىرى يالغۇز بېرىشىڭلا بولمايدۇ ، بۇ ئۆلۈم ئىشى ، بىرنەچچىمىز ھەمراھ بولۇپ بىللە بارغىنىمىز ياخشى» دەپ ئۇنى قايىل قىلدى ـ دە ، ئەتىسىلا سا جۇيجاڭ بىلەن زۇمرەت خانىمغا ھەمراھ بولۇپ ئايشەمخاننى ئېلىپ بىللە يولغا چىقتى...

سا جۇيجاڭلار يىغا ـ زار بىلەن چوڭ قورۇغا كىرىپ كەلگەندە ، ھويلىدا سا جۇيجاڭنىڭ بىر تۇغقانلىرى ، مەھەللىدىكى جامائەت قاتار تىزىلىشىپ ئولتۇراتتى . نامەتمۇ سا جۇيجاڭنىڭ تۇغقانلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ يىغلاپ كۆرۈشتى . ئۇنىڭ ئاۋازى سا جۇيجاڭنىڭكىدىنمۇ ئۈنلۈك ھەم مۇڭلۇق ئىدى...

نامەت سا جۇيجاڭنىڭ قېشىدىن بىردەم نېرى بولماي ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى . ئۇنىڭ بۇيرۇغان ئىشلىرىنى بەجا كەلتۈرەتتى . ئۇنى ئايرىم ئۆيگە باشلاپ دەم ئالدۇراتتى . كۆڭلى نېمە تاماق تارتىدىغانلىقىنى سوراپ ، دەرھال تاماق ئورۇنلاشتۇراتتى . نامەتنىڭ ئۆزىگە بولغان «ساداقەتمەن»لىكى سا جۇيجاڭنىڭ قەلبىنى ئېرىتىپ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

ئايشەمخانمۇ زۇمرەت خانىمنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرەتتى . ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان ئايال پەتىچىلەرنىڭ ئالدىغا زۇمرەت خانىم بىلەن بىللە يىغلاپ چىقاتتى... بەزىدە زۇمرەت خانىمغا: «سىلى دەم ئالسىلا ، بولمىسا ئۈزۈلۈپ قالىلا» دەپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزى يىغلاپ چىقىپ پەتىچىلەرنى كۈتۈۋالاتتى... زۇمرەت خانىمنى ئايرىم ھۇجرىغا باشلاپ ئۇنى دەم ئالدۇراتتى . ياتقاندا پۇت ـ قوللىرىنى ، بەللىرىنى تۇتۇپ قوياتتى ، ئىشقىلىپ قىلمىغان قىلىقى قالمايتتى . زەمرەت خانىم ئۇنى ماختاپ: «ئايشەم ، جېنىمغا جان قوشتىڭىز ، سىزگە قانداق رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن...» دەپ ئۇنى ماختاپ قوياتتى... بۇنداق چاغدا ئايشەمخاننىڭ بېشى كۆككە يېتىپ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتەتتى.

سا جۇيجاڭ ئانىسىنىڭ يەتتە نەزىرىسىنى ناھايىتى ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزدى . نەزىرگە ئاتاپ بىر كالا ، ئۈچ قوي سويدى... نەچچە يۈز كىلو گۈرۈچ بېسىلدى . نەزىر كۈنى ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئادەملەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى . نامەت بىلەن ئايشەمخان بۇ ھەشەمەتلىك نەزىردە يەنە بىر قېتىم «خىزمەت كۆرسەتتى» . ئەتىدىن ـ كەچكىچە قول باغلاپ ئۆرە تۇرۇش ، سا جۇيجاڭ بىلەن زۇمرەت خانىملارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ، يوقنى بار قىلىش ، ئۆيمۇئۆي كىرىپ مېھمانلارنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلاش... قاتارلىق ئىشلار ئۇلارنى خېلىلا ھالسىرىتىپ قويغانىدى...

سا جۇيجاڭلار ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ يەنە بىر قېتىم كاتتا نەزىر بەردى . نەزىردىن كېيىن نامەت بىلەن ئايشەمخان مەسلىھەتلىشىپ سا جۇيجاڭ بىلەن زۇمرەت خانىمنىڭ «قارىسىنى ئۆچتۇماق» بولۇشتى... سا جۇيجاڭ دەسلەپتە بۇ ئىشقا ئانچە قوشۇلمىدى . لېكىن نامەت: «سا جۇيجاڭ ، بۇ ھەرقايسىلىرىنىڭ ھۆرمىتى ، ئۆزۈڭدىن بۇيان قائىدە بولۇپ كېلىۋاتقان ئىش... قىلمىساق بولمايدۇ...» دەپ تۇرۇۋېلىپ ئۇنى قايىل قىلدى . «قارىسىنى ئۆچتۇش زىياپىتى» «ۋىسال» رېستورانىدا بېرىلدى... سا جۇيجاڭنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرى ئەر ـ ئايال چاقىرىلدى... ھەشەمەتلىك ئىككى جوزا مېھمان ئۈچۈن نامەت 2000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل خەجلىدى... شۇنىڭدىن كېيىن نامەت بىلەن ئايشەمخان سا جۇيجاڭلارنىڭ «تۇغقاندىن چارە ، ئەڭ يېقىن كىشىلىرى»گە ئايلىنىپ قالدى... بولۇپمۇ ئايشەمخاننىڭ تەبەسسۇم بىلەن قىيا بېقىشلىرى ، زىلۋا قەددى ـ قامىتى سا جۇيجاڭنىڭ يۈرىكىنى ئۆرتەپ ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى يالقۇنغا ئايلانماقتا ئىدى...

* *

سا جۇيجاڭ ئۆيدە يالغۇز ئولتۇراتتى . تۇيۇقسىز ئىشىك يېنىك قېقىلدى . سا جۇيجاڭ ئالدىراپ ئىشىكنى ئاچتى . ئىشىك ئالدىدا ئايشەمخان كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى . ئايشەمخاننى كۆرۈپ باشلىقنىڭ يۈرىكى باشقىچە سېلىپ كەتتى ـ دە:

ـــ كىرىڭ ، كىرىڭ ئايشەم،ـــ دېدى باشلىق ئۇنى ساراي ئۆيگە باشلاپ.

ـــ زۇمرەت خانىم كۆرۈنمەيدىغۇ؟ـــ دېدى ئايشەم ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ.

ـــ ھازىر كېلىدۇ ، غۇلجىدىن كەلگەن تۇغقانلارنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىۋېدى . بىردەمگىچە كېلىپ قالىدۇ ، ئولتۇرۇڭ ، مەن تېخى سىزنى ئىزدەي دەپ تۇ-

TANGRITAG LITERATURE

www.uyghurkitap.com

رۇۋىدىم ، سىزگە دەيدىغان گەپ بار...

ئايىشەمخان باشلىقنىڭ زورلىشى بىلەن ساپاغا كېلىپ ئولتۇردى . باشلىق ئايىشەمخاندىن ئۇنى ـ بۇنى سورىغان بولۇپ ، ئۇنىڭغا ئاچكۆزلۈك بىلەن قارىدى . ئايىشەمخاننىڭ خۇمالىق كۆزلىرى ، پايپىقىنىڭ ئۈستىدىن غىل ـ پال كۆرۈنۈپ قالغان ئاپئاق يوتىسى ، جىنەستىدەك لەۋلىرى ئۇنىڭ شەھۋانىي نەپسىنى قوزغىماقتا ئىدى . باشلىق ئايىشەمخاننىڭ يېنىغىراق سۈرۈلۈپ ، گېلىنى قىرىپ قويۇپ:

—ئايىشەم ، مەن نامەتنىڭ خىزمىتىنى ئۈستۈرۈشنى ئويلىشىۋاتىمەن ، يەنە سىزنى ئىشخانامغا كاتىپلىققا ئاچىقىۋالايمىكىن دەۋاتىمەن ، قانداق ، خۇشال بولامسىز؟ — دېدى . ئايىشەمخان باشلىقتا لاپىدە بىر قاراپ قويۇپ ناز بىلەن يېقىملىق كۈلۈمسىرىدى . باشلىق ئەمدى پەيت كەلدى دەپ بىلىپ ، ئۇنىڭ بىلىدىن تۇتتى . ئايىشەمخان: «سا جۇيجاڭ ، ئۇنداق قىلمىسىلا ، سەت تۇرىدۇ . باشقىلار كىرىپ قالىدۇ...» دەپ ئۆزىنى قاچۇرۇپ باققان بولسىمۇ ، بۇركۇتنىڭ چاڭگىلىدىكى چۆجىدەك تىپىرلاپ ، نائىلاج تەقدىرگە تەن بەردى ـ دە ، ئۆزىنى باشلىقنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇپ يېقىملىق نازلىنىشقا باشلىدى... ئۇزۇندىن بۇيان ئاياللار كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان زۇمرەت خانىمدىن كۆڭلى سۇ ئىچمەي ئىچ پۇشۇقى تارتىپ كېلىۋاتقان باشلىق ئايىشەمخاننىڭ ۋۇجۇدىدا شامدەك ئېرىپ ، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز شېرىن لەززەتكە چۆمۈلدى...

*   *

سا جۇيجاڭ ساپاغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ شېرىن خىيال سۈرەتتى ، «... پاھ ، كاساپەتنىڭ ئەجەب پەيزى باركىنا ، بەدىنىنىڭ ئاق ، سۇزۇكلۇكىچۇ... جاننى ئالىدۇ جاننى... ناز قىلىشلىرىچۇ تېخى... ھەي ئىسىت ، شۇنچە گۈزەل نازىنىنىنىڭ نامەتتەك ئادەمنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغىنىنى... نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كېسەل خوتۇنىنىڭ كۆزىگە قاراپ ئۆمرۈمنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتكىنىمنى ئويلىسام ئىچىم ئېچىشىپ ، پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالىمەن...» خەير... ئەمدى بولسىمۇ ئايىشەمنى ئىندەككە كەلتۈرۈۋالدىم . ھۇزۇر ـ ھالاۋەتنىڭ تەمىنى تېتىپ قانغۇچە ئوينىۋالاي... ئەتە ـ ئۆگۈن ئايىشەمنى خۇسۇسىي كاتىپ قىلىپ ئىشخانىغا ئاچىقىۋالسام... كۆڭلۈم تارتقاندا ئىشخانىنى تاقاپ بولسىمۇ... ھە ، راست ، كېلەر ھەپتە زۇمرەت ئانىسىنى يوقلىغىلى قەشقەرگە ماڭىدۇ ، ئۇ چاغدا ئىش تېخىمۇ ئوڭغا تارتىدۇ...»

سا جۇيجاڭنىڭ خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى . مۇشۇ دەقىقىدە يېنىدا ئايىشەم بولغان بولسا... ئۇنىڭ خىيالى يەنە پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى ، «نامەتنى بىر ئىلاجى قىلىپ ئۆستۈرۈپ ، ئىدارىغا قاراشلىق يىراق بىر كارخانىغا يۆتكىۋېتىش كېرەك ، شۇنداق قىلغاندا قارانچۇقنى كۆزدىن يىراق قىلىپ تېخىمۇ خاتىرجەم بولغىلى بولىدۇ... ھەي ، ئادەم بۇ جاھانغا ئوينايمەن ، راھەت ـ پاراغەت سۈرىمەن دەپ كەلمىسە نېمىدەپ كېلىدۇ... پۇرسەت بولسىلا ئويناپ كۆڭۈلنى خۇش قىلىش كېرەك ، يېشىممۇ ئەللىكتىن ئېشىپ قالدى ، ھايىتىمغا قالغان جان بۇ... ‹چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە› دەپتىكەن ، قالغان ئۆمرۈمنى ئويناپ ـ كۈلۈپ ئۆتكۈزەي ، قولۇمدا ھوقۇقۇم بار چاغدا قىلىدىغاننى قىلىۋالاي... بۇ ھوقۇقمۇ ماڭا باقىۋەندە ئەمەس ، بىر كۈنى ھوقۇق قولدىن كەتسە...»

ئۇنىڭ خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە تېنى شۈركەنگەندەك بولدى...

*   *

ھەش ـ پەش دېگۈچە يېرىم يىل ئۆتۈپ كەتتى . سا جۇيجاڭ نامەتنى «ئۆستۈرۈش» ئۈچۈن خېلى ئورۇنۇپ باققان بولسىمۇ ، لېكىن ئىدارىغا «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش خىزمەت گۇرۇپپىسى» كېلىپ قېلىپ ئۇنىڭ شېرىن خىياللىرى كۆپۈككە ئايلاندى . خىزمەت گۇرۇپپىسى ئاشكارا پاش قىلغان ماتېرىياللارغا ئاساسەن سا جۇيجاڭنى خىزمەتتىن توختىتىپ ئۆزىنى تەكشۈرۈشكە قويدى... نامەتنىڭ مەنسەپ ئۈچۈن بولغان بىھۇدە ئورۇنۇشلىرى ۋە بۇ يولدا نومۇس ـ ۋىجدانىنى قايرىپ قويۇپ ئىشقا سالغان ھەممە «تەدبىرلىرى» كارغا كەلمىدى . «تەمەخورنىڭ ئالدى قۇرۇق» دېگەندەك بىچارە نامەت ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيلا قالماستىن ، روھىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ناھايىتى زور زىيان تارتتى . بولۇپمۇ سۆيۈملۈك خوتۇنى ئايىشەمخاندىن ئايرىلىپ قالغىنى ئۇنىڭغا بەكمۇ ئەلەم قىلدى . ئاسمانغا چىقىپ كېتەي دېسە ئېگىز ، يەرگە كىرىپ كېتەي دېسە قاتتىق بولۇپ ، ئۆزۈنىغىچە ھېچ كىشىگە ئارىلاشماي ئۇھ تارتىپ ھەسرەت چېكىپ يۈردى ۋە ئىزا ـ نومۇستا ، ئىدارىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە ، تاپا ـ تەنىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى...

تەھرىرلىگۈچى: **ئەركىن نۇر**

# مەن يازغۇچى بولىمەن

## رازىيە مۇھەممەت

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! قەلبىمنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغان شائىر ـ يازغۇچى ئاكا ـ ھەدىلەر ، مەن ھەربىر قېتىم سىلەرنىڭ ناملىرىڭلارنى ئاڭلىغان چاغلىرىمدا ۋە ياكى بىرەر ئەسىرىڭلارنى ئوقۇغان ۋاقتىمدا ، ئۆزۈمنى تەسەۋۋۇرۇمدىكى شائىر ، يەنى سىلەرگە ئوخشىتىمەن . مەنمۇ قاچان شۇ ئاكا ـ ھەدىلىرىمدە! نۇرغۇنلىغان شېئىر ، داڭلىق ئەسەرلەرنى يازالايدىغان بولارمەن دەپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق ھەر تۈرلۈك خىياللار ئەگىيدۇ . شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە سىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ، سىلەرنىڭ يېزىقچىلىق جەھەتتىكى يەكۈنلەپ چىققان تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ سىلەرگە ئوخشاش داڭلىق يازغۇچى بولۇپ چىقسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە! دەپ ئويلايتتىم . مەن شۇندىلا قەلبىمدىكى ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇمغا يەتكەن بولاتتىم . ھەي ، مېنىڭ بۇ قىزىقاقلىقىم مېنى نەلەرگە باشلاپ كەتتىكىنا! ئىشقىلىپ مەن شۇنداق شېرىن خىياللارنى قىلىمەن . ۋاقىت كەينى ـ كەينىدىن ئۆتمەكتە . مەنمۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقتىم ، كېيىن بىزنىڭ ئۆگىنىش پائالىيىتىمىزگە يېڭىدىن بىر تۈر قوشۇلدى ، ئۇ بولسىمۇ بىز يېزىقچىلىق پائالىيىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدۇق . مەن دەسلەپتە بۇ ئىشلارنى بىر خىل قىيىن ئىشتەك كۆرگەن بولسامۇ ، بۇ ئىش يېرىم يىل داۋاملىشىش جەريانىدا مەن ئاز بولمىغان ئىزدىنىش ، ھەر خىل كىتاب ـ ژۇرناللارنى كۆرۈش ، ئوقۇش جەريانىدا خېلى كۆپلىگەن ھېكايە ، ماقالە دېگەندەك ئەسەرلەرنى بىرقەدەر ياخشى يازدىم . بىرەر پارچە ئەسىرىمنى ئەۋەتىپ باقمىغان بولسامۇ ، ئۆزۈمنىڭ كېرەكسىز ئادەم ئەملىكىمنى ھېس قىلدىم ، شۇنىڭ بىلەن «قىيىن ئىش يوق ئالەمدە ، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە» دېگەن سۆزنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ئەمدىلا تولۇق ھېس قىلىپ يەتكەنلىكىمنى تونۇدۇم . ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بۇ پائالىيەتنى داۋاملاشتۇرۇش جەريانىدا توساتتىن غايىبتىن پەيدا بولغاندەك ، قەلبىمدە ئەدەبىياتقا توسۇۋالغۇسىز بولغان قىزىقىش ھېس ياتى بىخلىنىشقا باشلىدى . شۇنىڭدىن تارتىپ مەن كىتاب كۆرسەممۇ بۇرۇنقىدىن ئەستايىدىل ھەم تەپسىلىي كۆرىدىغان ھەم خاتىرە قالدۇرىدىغان بولدۇم . ھەتتاكى تېلېۋىزوردىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتكە مۇناسىۋەتلىك پروگراممىلا ، مەسىلەن ، «تەڭرىتاغ گۈلزارى» ئالاھىدە پروگراممىسىنىمۇ تېخىمۇ ياقتۇرۇپ كۆرىدىغان بولدۇم ، يەنى تېخى ئۇلارنىڭ دېگەن بەزىبىر سۆزلىرىنىمۇ خاتىرىلىۋالىدىغان بولدۇم . ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ، ئەقلىمنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئەمدى بىخلىنىشقا باشلىغان قىزىقىشىم چوڭقۇر يىلتىز تارتىشقا باشلىدى . لېكىن ، «يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە ، بۇرنى قاناپتۇ» دېگەندەك بۇ قىزغىن ھېسسىياتىمغا ، قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەكلا ئائىلەمدىكىلەر «تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرسەڭ ئوقۇتمايمىز» دېدى . لېكىن ، مەن بۇ ئىشتىن قىلچە بوشاشمىدىم . بەلكى مېنىڭ ئىرادەم تېخىمۇ چىڭىيىشقا باشلىدى . چۈنكى ، نى ـ نى ئاتاقلىق يازغۇچى ـ شائىرلار مەسىلەن . «مۇختار بوغرا» قاتارلىق ئاكىلىرىمىزمۇ ئالىي مەكتەپنى ئوقۇمايمۇ داڭلىق شائىر بوپتىكەنغۇ!

ئالىي مەكتەپنى ئوقۇيالمىسامۇ پەقەت تىرىشىپ ئىزدەنسەملا سىلەرگە ئوخشاش يازغۇچى بولۇپ چىقالايمەن ، دەپ قارايمەن . بىر ئادەم ھەرقانداق ئىشنى قىلماقچىكەن ، پەقەت تەۋرەنمەس ئىرادە بولسىلا ، ئىشنى چوقۇم كۆڭۈلدىكىدەك قىلالايدۇ . ئادەمدە چوقۇم ئىشەنچ ۋە ئالغا ئىلگىرىلەش روھى بولۇشى كېرەككەن ، شۇندىلا چوقۇم ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ . يەنە كېلىپ ھاياتلىق سەپىرىدە غايە بىلەن جۈرئەتنى بىرلەشتۈرگەندىلا نىشانغا يېتىش ئانچە قىيىنغا چۈشمەيدۇ . شارائىت ئادەمنى ئەمەس ، ئادەم شارائىتنى يارىتىدۇ . شۇنداق بولغانىكەن ، شارائىتنى چوقۇم ئۆزۈم يارىتىشىم كېرەك . مەن گەرچە ئالىي مەكتەپنى ئوقۇيالمىسامۇ ، مېنىڭ ئىرادەم چوقۇم تەۋرەنمەيدۇ . مەن كەلگۈسىدە سىلەرگە ئوخشاش داڭلىق يازغۇچى بولۇپ چىقالىشىمغا ئىشەنچىم بار .

ھۆرمەتلىك شائىر ـ يازغۇچى ئاكا ـ ھەدىلەر ، سىلەر يەنە كۆپلىگەن ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىپ ماڭا ئىلھام بېرىڭلار ، ماڭا ياردەم قىلىڭلار ، سىلەر مەندىكى ئەدەبىياتنىڭ بىخلىرىنى ئۈندۈرۈپ كەلگۈسىدىكى شائىردىن ھوسۇل ئېلىڭلار .

تەھرىرلىگۈچى: **پولات ھېۋزۇللا**

# تەشەككۇر

**يى مېڭ**

ئۇ كۈنى ئۇ يەنە ئانىسى بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ ئاچچىقىدا ئۆرۈلۈپلا سىرتقا قاراپ يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۇزۇن ۋاقىت مېڭىپ ئالدىدا بىر ئاشپۇزۇلنىڭ بارلىقىنى كۆرگەندىلا، ئەندىن قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى ھېس قىلدى، بىراق ئۇ يانچۇقىنى ئاختۇرۇۋېدى، يانچۇقىدىن بىر تەڭگىمۇ چىقمىدى.

ئاشپۇزۇل خوجايىنى ناھايىتى مۇلايىم مومايدەك كۆرۈنەتتى. بۇ ۋاقىتتا موماي بىر بالىنىڭ ئاشپۇزۇل ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بالىدىن: «بالام، تاماق يەمسەن؟» دەپ سورىدى. بالا بىرئاز خىجىل بولغان ھالدا: «بىراق مەن پۇل ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. موماي: «ھېچقىسى يوق، مەن سېنى مېھمان قىلاي» دېدى.

بالا موماي ئەكىلىپ بەرگەن بىر قاچا چۆچۈرىنى ئانچە كۆپ ئىچمەستىنلا، ئەسرلەنگەنلىكىدىن كۆز يېشى قاچىغا سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى. موماي بۇنى كۆرۈپ، كۆڭۈل بۆلگەن ھالدا: «ساڭا نېمە بولدى؟» دەپ سورىدى. بالا دەرھال يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ، ئالدىدىكى ئاشپۇزۇل خوجايىنىغا: «ھېچ ئىش بولمىدى، گەرچە بىز تونۇشمىساقمۇ سىز ماڭا شۇنداق ياخشى مۇئامىلە قىلدىڭىز ھەم چۆچۈرە ئېتىپ بەردىڭىز، مەن بۇنىڭدىن ناھايىتى ئەسرلىنىپ كەتتىم. بىراق، مەن ئانام بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغاچقا، ئۇ مېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. يەنە ماڭا بۇنىڭدىن كېيىن ئۆيگە قايتىپ كەلمەسلىكىمنى ئېيتتى» دېدى.

موماي بۇنى ئاڭلاپ، سەۋرچانلىق بىلەن: «بالام سەن نېمىشقا بۇنداق ئويلايسەن؟ ئەستايىدىل ئويلاپ باققىن، مەن ساڭا بىر قاچا چۆچۈرە بەرسەم شۇنداق رەھمەت ئېيتىسەن ـ يۇ، ئاناڭ ئۇن نەچچە يىل ساڭا تاماق ئېتىپ بەرسە، نېمىشقا ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتماقتا يوق، يەنە ئاناڭ بىلەن ئۇرۇشتۇڭمۇ؟» دەپ تەربىيە قىلدى. قىزچاق بۇنى ئاڭلاپ، بىرئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ دەرھال تامىقىنى ئالدىراپ يەپ، ئۆيگە قاراپ ماڭدى. قىزچاق ئۆيگە يېقىن كەلگەندە بىردىنلا ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئانىسىنىڭ يول ئېغىزىدا ئەتراپقا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، چىرايىدا خۇشاللىق تەبەسسۇمى كۆرۈندى. ئانا قىزچاققا: «تېز كەل، تاماقنى تەييار قىلىپ قويدۇم. ئەگەر يەنە كەلمىگەن بولساڭ، تاماق سوۋۇپ قالغان بولاتتى» دېدى.

بۇنى ئاڭلاپ قىزچاق يەنە بىر قېتىم كۆز يېشى قىلدى.

قىسقىسى، بىز بەزى ۋاقىتلاردا باشقىلارنىڭ قىلغان ئازغىنە ياردىمىگە رەھمەت ئېيتىپ ھالىمىز قالمايدۇ ـ يۇ، ئەمما قېرىنداشلىرىمىزنىڭ بىزگە بىر ئۆمۈر قىلغان مېھىر ـ شەپقىتىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ كۆرمەسكە سالىمىز.

**توختى كېرىم تەرجىمىسى**

(«**ئوقۇرمەنلەر**» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى)

**ئوقۇرمەنلەر دىققىتىگە:**

«كروران» ژۇرنىلىنىڭ باش شائىرى ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن كرورانىنىڭ تاللانغان شېئىرلار توپلىمى ـــ«**مۇھەببەت كارىدورى**» شائىرنىڭ ئۆز مەبلىغى بىلەن نەشر قىلىنىدى. سېتىۋېلىشنى خالىغۇچىلارنىڭ ئالاقىلىشىشىنى سورايمىز.

ئالاقىلاشقۇچى: ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن كروران

تېلېفون: 2024226 (0996)

13999625373

# ئۈمىدكە تولغان مەرىپەت ئۇچقى

مارالبېشى ناھىيە چوڭقۇرچاق يېزىلىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپى توغرىسىدا



زوڭلى ۋىن جياباۋ بۇلتۇر 3 ـ ئايدا بۇ مەكتەپكە كېلىپ ئوقۇغۇچىلارنى يوقلىدى.

چوڭقۇرچاق يېزىلىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپى 1971 ـ يىلى قۇرۇلغان بولۇپ ، 33 يىل مابەينىدە يېزىلىق پارتكوم ، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر جەھەتتىن قوللاپ ، مەدەت بېرىشى ، يۇقىرى دەرىجىلىك مائارىپ تارماقلىرىنىڭ كەسپىي جەھەتتىن ئەتراپلىق يېتەكچىلىك قىلىشى ئارقىسىدا كىچىكلىكتىن زورىيىپ ، بۈگۈنگە كەلگەندە 73 مو كۆلەمگە ، ئەسلىھەلىرى يۈرۈشلەشكەن 7092 كۋادرات مېتىرلىق قۇرۇلۇش كۆلىمىگە ئىگە ، 70 نەپەر ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى ، 48 دەرسخانىسى ۋە 2499 نەپەر ئوقۇغۇچىسى بار چوڭ مەكتەپكە ئايلاندى .

مەكتەپ رەھبەرلىكى مائارىپ تارماقلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى يېتەكچى ، ئۆز ئورنىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلغان ھالدا مەكتەپنىڭ يىراق كەلگۈسى ئوقۇتۇش پىلانىنى تۈزۈپ ، بۇ يولدا توختاۋسىز ئىزدەندى . بولۇپمۇ رەھبەرلىك بەنزە ئەزالىرىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ ، ئىلغار تەجرىبىلەر ، ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە كېڭەيتىپ ، مەكتەپ باشقۇرۇش ئىشلىرىنى ئىلمىيلىشىش ، قېلىپلىشىش ، مۇنتىزىملىشىش يولىدا نامۇۋاپىق قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ئۆزگەرتىپ ، ئوقۇتقۇچى ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بىلەن تۈرلۈك مەسئۇلىيەتنامىلەرنى ئىمزالاپ ، ئۇلارنىڭ خىزمەت ئاكتىپچانلىقى ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتۈردى .

بۇلتۇر 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىكى كۈچلۈك يەر تەۋرەشتە مەكتەپ خارابىلىققا ئايلاندى . بۇ ھالقىلىق پەيتتە مەكتەپ رەھبەرلىكى ئوقۇتقۇچى ، ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەپ ، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش كۈرىشى ئېلىپ بېرىپ ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا ئۈچ كۈن ئىچىدە ئوقۇغۇچىلارنى چېدىر دەرسخانىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ، ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈردى . گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى ۋىن جياباۋ ، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى ئىسمائىل تىلىۋالدى قاتارلىق دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈرۈش داۋامىدا مەكتەپنىڭ خىزمىتىگە يۇقىرى باھا بەردى . يۇقىرىقىدەك بىرقاتار خىزمەتلەر ياخشى ئىشلەنگەنلىكتىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى % 100 گە ، تۇراقلىشىش نىسبىتى % 100 گە ، دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتى 85% يېتىپ ، كۆپ قېتىم يېزا ، ناھىيە بويىچە ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالىنىپ تەقدىرلەندى.



مەكتەپنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئابلىمىت رەمەت خىزمەت ئۈستىدە.



مەكتەپ مۇدىرى ئەركىن ئەخەت خىزمەت ئۈستىدە.



ئوقۇغۇچىلار تەنتەربىيە دەرسىدە.




ئوقۇغۇچىلار كومپيۇتېر مەشغۇلاتى ئېلىپ بارماقتا.



رەھبەرلىك كوللېكتىپىدىكىلەر ئوقۇش ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈستىدە پىكىرلەشمەكتە.



مەكتەپنىڭ يەر تەۋرەشتىن كېيىنكى خارابىلىققا ئايلانغان كۆرۈنۈشى.



ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ قىرائەتخانىسىدا ماتېرىيال كۆرمەكتە.




ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تەجرىبە ئىشلىمەكتە.



ئوقۇغۇچىلار گىمناستىكا ئوينىماقتا.






## شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازىرى

خەلقئارا چوڭ بازار ئىسلام بىناكارلىقى ئۇسلۇبىدا سېلىنغان بولۇپ، ئىگىلىگەن يەر مەيدانى 40 مىڭ كۋادرات مېتىر. قۇرۇلۇش ئومۇمىي كۆلىمى 100 مىڭ كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. بۇ بازاردا 80 مېتىر ئېگىزلىكتىكى مۇنار، بىر مەسچىت، 1000 كىشىلىك رېستوران، 3000 كۋادرات مېتىرلىق يېمەك ـ ئىچمەك بازىرى، 3000 كۋادرات مېتىرلىق دۇكان ئورنى، 500 مېتىرلىق پىيادىلەر ئارامگاھ كوچىسى، 50 ماشىنا سىغدۇرغان يەر يۈزى ماشىنا توختىتىش مەيدانى، 170 ماشىنا سىغدۇرغان يەر ئاستى ماشىنا توختىتىش مەيدانى، ئىككى سەيلە لېفتى، 55 مال سېتىۋېلىش لېفتى، 24 زامانىۋى تازىلىق ئۆيى، 18 كىرىش ـ چىقىش ئېغىزى بار.

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 8 ـ نومۇر شىنجاڭ خەلقئارا چوڭ بازىرى

پوچتا نومۇرى: 830001 تور ئادرېسى: Www.gjdbz.com

تور نامى: 国际大巴扎 新疆国际大巴扎 تېلېفون: 8558800، 8555519، 8555485، 8559900 _ 0991